ISSN: 2602-389X ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال



# ئىزدىنىش

2023 - يىللىق 1 - سان ئومۇمىي 17 - سان

# ئىقىپ كەتكەن يۇلتۇزلىرىمىز



ئاۋاز ئارتىسى، تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسىنىڭ تەرجىمە فىلىم بۆلۈمىنىڭ 1 - دەرىجىلىك رېژىسسورى، جامائەت ئەربابى رەجەپ تاجى



ئاتاقلىق شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى مۇھەممەت شاۋدۇن



مول ھوسۇللۇق يازغۇچى، شائىر، ئەل سۆيگەن ئۇستاز ئەدىب ئابدۇللا ساۋۇت



شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ئوپېرا تىياتىرىنىڭ دۆلەتلىك 1 -دەرىجىلىك ئارتىسى، ئىقتىدارلىق ئاكتىيور، خۇشئاۋاز ناخشىچى، ماھىر گىتارچى، ئىجادىيەتچى، كۆپ قىرلىق سەنئەتكار خۇشتار ئابلىمىت

# ژۇرنىلىمىز ھەققىدە

مەزكۇر ژۇرنال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىش، ئۇيغۇر تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي ئىگىلىرى ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ۋە ئەدەبىي تىلىنى باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇش، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر ژۇرنالنى مەزمۇن ۋە سۈپەت جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقئارادىكى سۈپەتلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدىغان پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال.

مەزكۇر ژۇرنالدا پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەرلا ئېلان قىلىنىدىغان بولۇپ، بىۋاستە ئۇيغۇرچە يېزىلغان ياكى باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر قوبۇل قىلىنىدۇ.

## ژۇرنالغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر:

1. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى كلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر؛
2. ئىجادىي ئەسەرلەر؛
3. باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر؛
4. خەلق ئارىسىغا تارقالغان ئەقلىيە سۆز، ماقال-تەمسىل، چۆچەك، قوشاق، يۇمۇر قاتارلىقلار؛
5. ئۇيغۇرلار تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر، فوتو-سۈرەت، ھەجۋىي رەسىملەر؛
6. مەلۇم رايوندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر (لۇغەت)؛

## ئەسەر ئەۋەتىش ھەققىدە:

1. ئەسەرلەر uyjurnal@gmail.com ئادرېسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدۇ.
2. كلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر ھەققىدىكى ئۇچۇرلار (ئاپتورى، ژانىرى، ئېلان قىلىنغان ژۇرنال، كىتاب، يىلنامە قاتارلىقلار) ئېنىق ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
3. مەنبە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى تىلى ھەققىدىكى ئىزاھات ۋە ئەسلى تېكىستى تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ ژانىرى ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
5. ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ (ئاپتورلار ۋە نەشرگە تەييارلىغانلار) ئىسمى يېزىلماسلىقى كېرەك.

## ئەسەرنىڭ باھالىنىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى:

1. ژۇرنالغا ئەۋەتىلگەن بارلىق ئەسەرلەر ژانىرىغا قاراپ ئۈچ باھالاش ھەيئىتىگە ئەۋەتىلىدۇ.
2. قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئەسەر ئاز دېگەندە ئىككى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ئەسەرلەرنىڭ ئادىل باھالىنىشى ئۈچۈن، ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئاپتورلارنىڭ ئىسمى ياكى كىملىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بىلدۈرۈلمەيدۇ.
3. ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن، تىل- يېزىق ئىملا قائىدىسىگە رىئايە قىلىنغان ئاساستا يېزىلىشى كېرەك.
4. مەزمۇن جەھەتتىن ژۇرنالنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسى ئىچىدە بولۇش كېرەك.
5. ئەسەر قوبۇل قىلىنسا، ئەسەر ئاپتورىدىن ئىسىم، تەخەللۇس (ئەگەر ئىشلىتىدىغان بولسا) ۋە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش (ئەگەر ئاپتور تەمىنلەشنى خالىسا) تەلەپ قىلىنىدۇ.
6. ئەسەر قوبۇل قىلىنمىسا، قوبۇل قىلىنمىغانلىق ئۇچۇرى تەكلىپ ۋە پىكىرلەر بىلەن ئەۋەتىلىدۇ.
7. ئەسەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى پۈتۈنلەي باھالاش ھەيئىتىنىڭ قارارى بىلەن بولىدۇ.

## ژۇرنالنىڭ ئېلان قىلىنىش شەكلى:

ژۇرنال پەسىللىك تور ژۇرنىلى بولۇپ، ئەرەب ھەرپلىرى، لاتىن ھەرپلىرى، سلاۋيان ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ۋە (باشقا تۈرك مىللەتلىرىنىڭمۇ ژۇرنىلىمىزدىن پايدىلىنالىشى ئۈچۈن) بىرلىككە كەلگەن تۈرك ئېلىپبەسىدە بولۇپ جەمئىي تۆت نۇسخا ئېلان قىلىنىدۇ. يىلدا بىر قېتىم تۆت سان بىرلەشتۈرۈلۈپ يىللىق توپلام شەكلىدە نەشر قىلىنىپ، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئاممىۋىي كۈتۈپخانىلارغا ھەقسىز تارقىتىلىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن: «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى تەھرىرلىك ھەيئىتى

www.izdinish.org

# ئىزدىنىش

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
Уйғур Әдәбиятиға Беғишланған Универсал Әдәбий Журнал
Uyghur Edebiyatigha Béghishlanghan Uniwérsal Edebiy Jurnal
www.izdinish.org


## ئىجادكارلىرىمىز


لۇتپۇللانىڭ ئۆچمىگەن روھى......................................................... ئاۋۇت مەسىموۋ (قازاقىستان) 7
ئۇلۇغۋار غايىلىك ئىنسان- ساۋاقداشىم دوكتور پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلىق .......... نەبىجان تۇرسۇن (ئامېرىكا) 31
شېرىن ۋەتەننىڭ پەرھاتى كەتتى ............................................................ ئابدۇۋەلى ئايۇپ (نورۋېگىيە) 36
تۆھپىكار ئۇيغۇر زىيالىيسى دوكتور پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلى ئالەمدىن ئۆتتى .......... ئەركىن تام (تۈركىيە) 40


## Uyghur Scholars


Abduhalik Uyghur ........................................ 15
Awake ........................................ Abduhalik Uyghur 16
Tahir Talip ........................................ 17
The Witness of Solomon ........................................ Tahir Talip 18
Abdurehim Tileshup Otkur ........................................ 19
I'm not a white flag ........................................ Abdurehim Tileshup Otkur 20
Abdurehim Abdulla ........................................ 22
A Broken Sword ........................................ Abdurehim Abdulla 22
Abdukerim Khoja ........................................ 24
Statue ........................................ Abdukerim Khoja 24
Memtili Zunun ........................................ 25
The half-missed shot ........................................ Memtili Zunun 26
Echoes of Solitude ........................................ Shah Meshrep 26
Lutpulla Mutellip ........................................27
Answer to the Years ........................................ Lutpulla Mutellip 28
A Scholar's Odyssey in Uyghur Studies ........................................ 29


## ئۇيغۇر ئاياللىرى


ئىزدىنىشتا ئۆتكەن ئۆمۈر ......................................................... شائىرەم باراتوۋا (قازاقىستان) 62



2023 ـ يىللىق 1 ـ سان
ئومۇمىي 17 ـ سان
ISSN: 2602–389X



ژۇرنال مەسئۇلى، مۇھەررىرى
مۇرات ئورخۇن

تەھرىر ھەيئىتى
ئالىمجان ئىنايەت (تۈركىيە)
ئادەم ئۆگەر (تۈركىيە)
زۇلھايات ئۆتكۈر (شۋېتسىيە)
مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە)
رىدۋان ئۆزتۈرك (تۈركىيە)
ئەكبەرجان باۋۇدۇن (قىرغىزىستان)
مەغفىرەت كامال (تۈركىيە)
راھىلە قەشقەرى (تۈركىيە)
دىل رەيھان (فرانسىيە)
مولوتجان توختاخۇنوۋ (قازاقىستان)
سابىرەم ئەنۋەروۋا (قازاقىستان)
دىلدۇز تېلمان (ئامېرىكا)

خەتتات
نۇر ئەفۋان

بەتچىك
ئالىمجان ئىبراھىم

## شېئرىيەت گۈلزارى

ئويغان........ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 15
سۈلايمان گۇۋاھ........ تاھىر تالىپ 17
مەن ئاق بايراق ئەمەس........ ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر 19
سۈنۇق قىلىچ........ ئابدۇرېھىم ئابدۇللا 21
ھەيكەل........ ئابدۇكېرىم خوجا 23
چالا تەككەن ئوق ........ مەمتىلى زۇنۇن 25
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ ........ شاھ مەشرەپ 25
يىللارغا جاۋاپ ........ لۇتپۇللا مۇتەللىپ 25
شېئىرلار........ ئوسمانجان مۇھەممەد پاسىئان 74
تۈن لىرىكىلىرى ........ تەركىنئاي دىلرام 76
مەڭگۈ ياشايسەن ........ رەشىدەم ئابدۇسېمەتوۋا (قازاقىستان) 77
ئىككى شېئىر ........ ئىسمەت ئۆزەل (تۈركىيە) 78
ئىككى لىرىكا ........ ئالىمجان مەتقاسىم(غەمناكى) 79
ئۇنۇتمىغىنكى... ........ ئۈمىد ياشار ئوغۇزجان (تۈركىيە) 80
ل. مۇتەللىپنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ........ ئۆمەر ئىمىن 103
گەپ تاپتۇق ........ ئابدۇۋەلى راخمان ھەققانىي 103
سەككىز سۈرىتىم ........ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم 104
شېئىرلار ........ تۇردىمۇھەممەد ئابدۇللاھ 109
بىلىم ........ مەمەتجان ياسىن (كانادا) 110

## نەسرىي ئەسەرلەر

خەلق ئۈچۈن يانغان يۈرەك ........ ئە. ئازات 47
سادىر پالۋاننىڭ ھېكايىلىرى........ باھارى (ئاۋستىرالىيە) 63
توپىسى بار ئۈزۈم........ فۇرقەت مەھمۇت غازى (تۈركىيە) 81
چوشقىلارغا بايرام ........ مەتمىن ھوشۇر 97
بۆرە پەلسەپىسى ........ 102
ئەقىدەگۈلى........ 121

## باللار ئەدەبىياتى

شۇبۇرشۇننىڭ سۇئىسلوپچ دەرياسىدىكى ساياھىتى ........ ئالېس كارلىيوكېۋىچ (بېلارۇس) 68

## سالامەتلىك ۋە پسىخولوگىيە

قەلبىنىڭ سىرلىق كۈچى........ مەمەتجان ياسىن (كانادا) 111
ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى قەدىمكى رېتسېپلاردىن پارچە........ 118

## ماقالە ۋە ئوبزورلار

بېرگسون پەلسەپىسى بىلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ يىللارغا جاۋاب شېئىرىنى تەپەككۇر قىلىش ........................................ سەمىرە ئەركئۇيغۇر (تۈركىيە) 49
زادى قانداق ئانىلار ئۇلۇغ؟.................................................................................... يالقۇن روزى 54
شېئىرىي تىل ۋە سۆز.................................................................... ئوسمانجان مۇھەممەت پاسىئان 70
19 - ئەسىردىكى كۇچا خەرىتىسى ۋە ئۇنىڭدا ئۇچرايدىغان بەزى يەر - جاي نامىلىرى.......................................ئايسىما مىرسۇلتان، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت 85
ھېكايىچىلىقىمىزدىكى قاتماللىق ....................................................................قاھار نىياز 95

## خەلق ئەدەبىياتى

ئالتۇن تاغ................................................................................................................ 122

## كىتاب ئۇچۇرلىرى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر

ئەجدادلار خاتىرىسى - ئەۋلادلار قەلبىدە ........................................................................ئابدۇمجىت ۋارىس ئوغلى ئابدۇللاھۇ (قازاقىستان) 123
ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەلدە نەشر قىلىنغان بىر قىسىم كىتابلىرى.................................................................................. 125
«تالانتلىقلار باغچىسى» ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ رەسىملىرى ....................................................................... مەرۋايىت ھاپىز (گېرمانىيە) 127

مۇقاۋىدا قىرغىزىستانلىق ئۇيغۇر رەسسام سابىتجان كامال ئوغلىنىڭ «لۇتپۇللا مۇتەللىپ» ناملىق ئەسىرى



**ئاپتورلىرى يېزىلمىغان ئەسەرلەر «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى تەھرىراتى تەرىپىدىن تەييارلانغان**

ژۇرنىلىمىزنىڭ نەشر ھوقۇقى قوغدىلىدۇ، «رۇخسەتسىز» بېسىپ تارقاتسا ياكى تىجارەت مەقسىتىدە قوللانسا جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ئېلېكترونلۇق نۇسخىسىنى (PDF) رۇخسەتسىز تارقىتىشقا بولىدۇ.

# لۇتپۇللانىڭ ئۆچمىگەن روھى...

(ياڭلۇق شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تۇغۇلغىنىغا 100 يىل)

ئاۋۇت مەسىموۋ** (قازاقىستان)



## ئامانەتكە ساداقەت

تۇغۇلغان يەرگە، يۇرتقا، ئۇنىڭ داڭلىق، ئوت يۈرەك پەرزەنتلىرىگە بولغان ئۆز مۇھەببىتىنى ھەر كىم ھەر خىل ئىزھار قىلىدۇ. بىرسى شېئىردا، بىرسى ئوتلۇق سۆزىدە، يەنە بىرلىرى ئەمەلىي خىزمەتلىرىدە... بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يۇرتقا مۇناسىۋەتلىك يېزىلغان «قاراتۇرۇق ـ ئۇلۇغ جاي، بىلسەڭ...» ناملىق كىتابىمغا ناخشا مەتنىنى كىرگۈزۈپ، ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنى ئەسلىگەنىدىم. ناخشىدا:

لۇتپۇللانىڭ روھى ئۆچمىگەن،
گاھاپ، پولات ئىمانى ئايان،
غازى ھاجىم دىلنى يورۇتقان،
قاراتۇرۇق-ئۇلۇغ جاي، بىلسەڭ...

دېگەن قۇرلار بار.

ئىنقىلابچى شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنى بىلمەيدىغانلار، ئاڭلىمىغانلار بۈگۈنكى كۈندە تېپىلماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى ئۇنى بىز مەكتەپ دەرسلىكلىرىمىزدىن ئوقۇۋىمىز ۋە تەرجىمەھالى بىلەن تونۇشىمىز. ئۇنىڭ 1922 - يىلى 16 -نويابىر كۈنى ئالمۇتا ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئۇيغۇر ناھىيەسىنىڭ چوڭ ئاقسۇ يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەنلىكىنى، سەككىز ياشتىن كېيىنكى ھاياتى ئاناۋەتەن تۈپرىقىدا، غۇلجىدا ئۆتكەنلىكىدىنمۇ ۋاقىپ بولغانمىز. 1945 - يىلى گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن ۋەھشىلەرچە ئېتىلغانلىقىنى...

«ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ھازىرقى ئەمگەكچىقازاق (ئىلگىرىكى چېلەك) ناھىيەسىگە قاراشلىق قاراتۇرۇق يېزىسىغا قانداق ئالاقىسى بار؟» دېگەن، دىلنى غىدىقلايدىغان سوئال ئاشۇ شېئىر گېزىتقا چىققاندىن كېيىن پەيدا بولغىنى توغرا. شۇندىن كېيىن مەنمۇ بۇ سوئال ھەققىدە كۆپ ئويلاندىم ھەتتا يازماسلىقىمۇ نىيەت قىلدىم، ئامما كۆڭلۈم زادىلا ئۇنىمىدى.

ئەسلى، يىگىرمە ئۈچ يېشىدا ۋەتەن مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەشتە جېنىنى پىدا قىلغان لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەققىدە، ئۇنىڭ ئۆمۈر بايانىنى ئەسلەپ يېزىشىمغا، قاراتۇرۇق يېزىسىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ماڭا ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى پەنىدىن دەرس بەرگەن ئۇستازىم، پېشقەدەم مائارىپچى مەھەممەت ئاكا مەخسۇتوۋ سەۋەبكار بولغانتى. ھازىر ئويلىسام، ئۇ سۆزلەر مەھەممەت ئاكىنىڭ ماڭا قالدۇرغان ئامانىتى ئىكەن. بىر ئەمەس، ھەر قېتىم مېنىڭ بىلەن ئۇچراشقان پەيتلەردە ئېيتقانتى. دىلىمغا نېمە مەقسەتتە سىڭدۈرگەنلىكىنى ئەمدى چۈشىنىپ، ھېس قىلىۋاتىمەن. مېنىڭ ژۇرنالىستچىلىق بىلەن ئەدەبىياتقا قىزىقىشىمنىڭ بارلىقىنى سېزىپ، كەلگۈسىدە مىللەت ئۈچۈن، كېلەچەك ئەۋلاد ئۈچۈن مۇھىم بولغان، شائىر ئائىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە تېمىلارنى كۆتۈرىدۇ، دەپ ئويلىغان بولۇشى كېرەك.

## قېرىنداشلىق رىشتىلىرى

ئۇستازىم مەھەممەت مەخسۇتوۋ مۇنداق دېگەن: «شائىرنىڭ بوۋىسى مۇتەللىپاخۇن بوۋاي قازاقىلغاندىن كېيىن، ئۇ يۇقارقى قاراتۇرۇقنىڭ تاغ باغرىغا دەپنە قىلىنىدۇ. 1922-يىلى ئۇنىڭ ئوغلى ھېزىماخۇن ئىمامەتچىلىك ۋەزىپىسى تۈپەيلى چوڭ ئاقسۇغا ئەۋەتىلىدۇ. مۇنداق تەپسىلاتلارنى ماڭا يۇرت چوڭلىرىدىن بىرى— تۇغقىنى خەردىن بوۋاي: «ھېزىماخۇن ئىمامەتچىلىككە چوڭ ئاقسۇغا ئەۋەتىلگەنىدە ئايالى مەلىكەم ئېغىر ئاياقكەن. شۇنىڭغا قارىماي ئۇلار يولغا چىققان ئىكەن. چوڭ ئاقسۇغا كەلگىنىدە مۇتەللىپاخۇن

* بۇ ماقالە قازاقىستاندا نەشر قىلىنىۋاتقان «ئۇيغۇر ئاۋازى» ناملىق گېزىتتە ئېلان قىلىنغان.
** قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى

قىزنىغا قالدۇرۇپ كەتكەن ئۆيگە چۈشىدۇ. ھەم لۇتپۇللا، شۇ ئۆيدە، چوڭ ئاقسۇدا دۇنياغا كېلىدۇ. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئوتتۇزىنچى يىللاردىكى ئاچارچىلىق سەۋەب بولغانمۇ قانداق، ئۇلار ئائىلىسى بىلەن غۇلجىغا كۆچكەن. ھەم لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ كېيىنكى بەختباشلىق باللىق دەۋرى، جەڭگىۋار شائىرلىق پائالىيىتى ۋەتەن دىياردا داۋاملاشقان. بوۋىسى مۇتەللىپاخۇن يۇقارقى قاراتۇرۇقتا، ئۇنىڭ ئوغلى ھېزىماخۇن، ئايالى مەلىكەممۇ شۇ تاغ بويىدىكى تۇپراقتا يەرلىككە بېرىلگەن. لۇتپۇللا بىزنىڭ قاراتۇرۇقتا تۆرىلىپ، چوڭ ئاقسۇدا تۇغۇلغان. مۇشۇنىڭ ئۆزى لۇتپۇللانى «بىزنىڭمۇ يۇرتنىڭ » دېيىشىمىزگە ھوقۇقىمىز باردۇ؟»،– دەپ مەھەممەت ئاكا ئۆز ئويىنى ئىزھار قىلغانتى.

يەتتە ئاتىغا مۇناسىۋەتلىك قېرىنداشلىق رىشتىلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسەك، مەھەممەت ئاكا مەخسۇتتوۋنىڭ ئۆزى مۇتەللىپ بوۋاينىڭ ئەۋلادىدىن بولغان تۆت ئوغۇللارنىڭ بىرسى ئابدۇماناپ ئەۋلادىنىڭ داۋامىدىن كېلىپ چىقىدىكەن. قىسقىسى، ئابدۇماناپنىڭ قىزى ھېزىمبانىخان، يولدىشى مەخسۇتتىن توختىغوجا، ئەمدى ئۇنىڭ ئايالى دۇگاخاندىن مەھەممەت ئاكا دۇنياغا كەلگەن. دېمەك، ئانا تەرەپتىن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى مەۋجۇت.

راستىنى ئېيتىش كېرەك، ئىسمى دۇنياغا مەشھۇر داڭلىق كىشىلەر ھەممىمىزگە كېرەك. ئەمدى لۇتپۇللادەك قورقماس يۈرەك، ئىرادىلىك ئەزىمەت بىلەن ھەر بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى، يۇرت، دىيار ھەقلىق يوسۇندا پەخىرلىنىدۇ! «تالانتلار يىگىرمە يېشىدا كلاسسىك ئاتىلىشى مۇمكىن» دەيدىكەن دانىشمەنلەر. بۇ ئىبارە لۇتپۇللا مۇتەللىپ كەبى يالقۇنلۇق، ئىچىدىن قايىنىغان، ئۆرتەنگەن ياش شائىرغا مۇناسىۋەتلىك ئېيتىلغان، دەپ ھازىر ئىشەنچلىك ئېيتالايمەن.

لۇتپۇللانىڭ بوۋىسى مۇتەللىپاخۇنۇم 1881 -يىللىرى چوڭ ئاقسۇغا ئورۇنلىشىدۇ. كېيىن سۇ تاپچىللىغىغا مۇناسىۋەتلىك تاغ ياقىلاپ كېلىپ 1883 -يىلى يۇقارىقى قاراتۇرۇقتا ئورۇنلاشقاندا ئۇنىڭ توختاخۇن، ھېزىماخۇن، مەسىماخۇن، ساۋۇتاخۇنۇم ئىسىملىك ئوغۇللىرى بولغان دېگەن مەنبەلەرنى ماقالىنىڭ داۋامىدا ئوقۇيسىلەر. شۇنداقلا، ئوغلى ھېزىماخۇن مۇشۇ دىياردا تۇغۇلغان دېگەن يازمىلارنىمۇ ئۇچرىتىسىلەر. سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ھەقىقەت باردەك قىلىدۇ. ئۇ تەرىپىنى تەتقىقاتچى ئالىملىرىمىزنىڭ ئۆشىنىسىگە ۋەزىپە قىلىپ قالدۇرۇپ ماقالەمنى داۋاملاشتۇراي.

## بىلدىغىنىمىزدىن بىلمەيدىغىنىمىز كۆپ

ئاتاقلىق تىلشۇناس ئالىم مۇرات ھەمرايېۋ يەتمىشىنچى يىللىرى كېڭەش ئىتتىپاقى دائىرىسىدە تارىلىدىغان «ئوگونيېك» ژۇرنىلىنىڭ ئەدەبىي قوشۇمچىسىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىنى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئايرىم كىتابچە قىلىپ چىقارغىنىدىن ھەممە، جۈملىدىن مەنمۇ خەۋەردار. ئۇ يىللىرى مەن لېنىنگراد (سانكت-پېتىربورگ ) شەھىرىدىكى باسما–پولىگرافىيا ئوقۇش مەھكىمىسىدە ئوقۇۋاتقان ئىدىم. بىر كۈنى مېترونىڭ ۋاسىلىېوستروۋسكىي بىكىتىدىن سىرتقا چىقسام، يول بويىدىكى بېتون پوكەينىڭ ئۈستىگە گېزىت–ژۇرناللار يېيىقلىق تۇرۇپتۇ. بىر قىزىقى، يەتمىشىنچى يىللىرى، رۇس تىلىدىكى «ئوگونيېك» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ نۇسخىسى چەكلىك بولۇپ، ژۇرنالنى قولدىن–قولغا ئۆزىتىپ ئوقۇيتۇق. ئەمدى مۇنۇ يەردە ژۇرنال كەڭ كۆشادە تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ كىچىككىنە كىتابچىنى قوشۇپ قويۇپتۇ. سىرتىدىكى سۈرەتنى بىرلادىن تونۇدۇم. بۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ياش ۋاقتىدا چۈشكەن سۈرىتى ئىدى. سۈرەت يەتمىشىنچى يىللىرى مەن خىزمەت قىلىۋاتقان «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىغا تالاي قېتىم بېسىلغانتى. مەيلى ئىشىنىڭ ياكى ئىشەنمەڭ، ھازىر مۇشۇ پەيتتە، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ھەيۋەتلىك ئىگىز ھەيكىلىنى ئالىم مۇرات ئاكا ھەمرايېۋ سانكت-پېتېربۇرگتىكى ۋاسىلىېوستروۋسكىي مېتروسىنىڭ سىرتىدىكى مەيدانىغا ئورنىتىپ قويغاندەك ھېسسىياتقا تولغانتىم...

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتى توغرىلىق ئۆتكەنكى ئەۋلادلار ياخشى بىلىدۇ، ئامما بۈگۈنكىلەر بىلمەيدۇ، دەپ ئېيتالمايمەن. بىر مۇنچە، مەسىلەن، مەن بىلىدىغان ئالىملار ھەمراجان ئامراق، مارىز باراتوۋ، ئابدۇمىجىت ئابدۇللايېۋ كەبى ياشلىرىمىز ئىنقىلابچى شائىر ھەققىدە كۆپلىگەن مەنبەلەرگە ئىگە. ئۇلار گېزىت ماقالىلىرى، كىتابلار، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بولسا ئىنتېرنېت تورلىرىدىن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى يىققانلىقىدىن خەۋىرىم بار. كېلەچەكتە مانا مۇشۇ ياش تالانتلىرىمىز قىممەتلىك مەنبەلەرنى يەنىمۇ قىدىرىپ ئىزدەپ تاپىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. ئۆز ۋاقتىدي ژۇرنالىست، شائىر ئاكىمىز تۇرسۇن قاھھارىي لۇتپۇللاشۇناس بولۇپ كۆپ ئىزدەنگەن. ئۇ گېزىتلارغا ئېلان قىلغان ماقالىلاردىن ھازىرقى كىشىلەرنىڭ خەۋەرى بار. ئۇ كىشى قىممەتلىك مەنبەلەرنى «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىغا يېزىپ، كېلەچەككە قالدۇرۇپ كەتتى. خەلق يازغۇچىسى زىيا سەمەدى، دىراماتورگ – يازغۇچى مەسۇمجان زۇلپىقاروۋ، شائىرلار دولقۇن ياسىن، ئەلقەم ئەختەم، پەلسەپە پەنلىرىنىڭ دوكتورى ئەزىز نارىنباېۋ، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى رەيھان، كەشپۇللا، ئاسىم لۇتپۇللالار يادنامىلىرىنى قالدۇردى. (مەسىلەن، «يېڭى ھايات»، 14 - مارت، 1970 - يىل ، «كوممۇنىزم تۇغى»، 20 - سېنتەبىر، 1975 - يىل، «ئۇيغۇر ئاۋازى»، 18 - فېۋرال ۋە 28 - نويابىر 1992 - يىل سانلىرىدىن بەزى مەنبەلەرنى مەن ئوقۇپ، خاتىرە دەپتىرىمگە يېزىپ قويغان). ئەمدىلىكتە «كېلەچەك ئەۋلادقا پايدىسى تېگىپ قالامدىكىن» دېگەن نىيەتتە مەن قولۇمدىكى بار خاتىرىلارنى سىلەرنىڭ دىققىتىڭلارغا يەنە قايتىلاپ ھاۋالە قىلىشنى توغرا كۆردۈم. چۈنكى بۇ تېپىلماس مەنبەلەر

ئەتە-ئۆگۈن قىممەتلىك ئارخىپ ماتېرىياللىرى بولۇشى بىلەن تارىخقا يېزىلىپ، تىنىماي ئىزدىنىش داۋاملاشسا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ھاياتىدىن يېڭى سەھىپىلەر جەزمەن ئېچىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

ئەمدىلىكتە سۆزىمىزنى دەللىلەش ئۈچۈن قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ 1991-يىلى 3-ئىيونىدا چىققان سانىنىڭ بېتىدىن كېسىپ، ساقلاپ قويغان «لۇتپۇللا مۇتەللىپ بوۋىلىرىنىڭ قەدىمىي يۇرتلىرى ۋە ئۇنىڭ تۇغۇلغان يېرى ھەققىدە» ماقالىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى. ئوچۇقىنى ئېيتسام، ماقالىدا بىر ئاز كەمچىلىكلەر باردەك. ئامما، شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ، بىباھا مەنبەلەرنى ئىچىگە يوشۇرغاندەك تۇرىدۇ.

«بىز لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قېرىنداشلىرى ئۆزىمىزنىڭ ئەسلى نەسلىمىزنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ قايتا-قايتا چۈشەندۈرۈشى ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلىگەن ئۇرۇق-تۇغقان، قوۋم-قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دەلىللىرىگە ئاساسلىنىپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ بوۋىلىرىنىڭ قەدىمى يۇرتلىرى ۋە شائىرنىڭ تۇغۇلغان يېرى، يىلى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى مەلۇم قىلىمىز.

لۇتپۇللانىڭ چوڭ بوۋىسىنىڭ (ئىسمى يېزىلمىغان؟ ئا.م.) ئەسلى يۇرتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ كونا تۇرپان دېگەن يېرى. كېيىن جۇڭغارلار ئۈچتۇرپانغا كۆچۈرگەن. ئۇ كىشى 1765 - يىلى ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭىدا چېپىلىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ مۇرات دېگەن ئون بىر ياشلىق بالىسى ئانىسى بىلەن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. مۇرات جاغىستاي يېزىسىغا ئورۇنلىشىدۇ.

1881 - يىلى رۇسىيەگە كۆچۈپ چىقىپ، ئۇيغۇر ناھىيەسىنىڭ چوڭ ئاقسۇ يېزىسىغا ئورۇنلىشىدۇ. مۇراتاخۇننىڭ نەسلىدىن ئاكا-ئۇكا تۆت نەپەر ئوغۇل بالا بولۇپ ئۇلار: ماناپ، مۇتەللىپ، باقى، ھاشىماخۇنلار. بۇ تۆت ئائىلە ۋە باشقا جامائەت مۇتەللىپاخۇننىڭ باشقۇرۇشىدا قاراتۇرۇققا كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. دەسلەپ گەمە ئۆيلەرنى ياساپ، پاناھلىنىپ، ئاندىن خەلق بىلەن بىرلىكتە تام سوقۇپ، ئۆي سېلىپ، تۆۋەنكى (مېنىڭچە يۇقارقى ئا. م.) قاراتۇرۇق مەھەللىسىنى بەرپا قىلىدۇ. ئۆستەڭ چېپىپ، سۇ چىقىرىپ، دېھقانچىلىق ، قوشۇمچە چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. مۇتەللىپاخۇن قاراتۇرۇقتا قايتىش بولۇپ، تۆۋەنكى مەھەللە زەرەتكالىغىغا (مېنىڭچە يۇقارقى، چوڭكى بالىسى ھېزىماخۇننىڭمۇ تۈپرىقى شۇنىڭ يېنىدا. ئا. م.) دەپنە قىلىنىدۇ.

لۇتپۇللا ھېزىماخۇن ئوغلى 1922 - يىلى 11 - ئاينىڭ 16سى كۈنى ھازىرقى ئالمۇتا ۋىلايىتى ئۇيغۇر ناھىيەسىنىڭ چوڭ ئاقسۇ يېزىسىدا موللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

لۇتپۇللا ئائىلىسى بىلەن 1930 - يىلى غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈپ كەتكەن. ئاقسۇدىكى قورۇ - جايىنى زەپە دېگەن كىشىگە قالدۇرغان. ھازىر ئۇ قورۇدا زەپەنىڭ بالا-چاقىسى ھايات كەچۈرىدۇ.

رەيھان (لۇتپۇللانىڭ سىڭلىسى)
ئاسىم مۇتەللىپ (لۇتپۇللانىڭ كىچىك دادىسىنىڭ ئوغلى»



بۇ سۈرەت 1940 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە چۈشۈرۈلگەن. سولدىن ئوڭغا- ئالدىنقى رەتتە- لۇتپۇللانىڭ ئانىسى مەلىكىخان، ئاتىسى ھېزىماخۇن، كىچىك ئانىسى ھەجەربۇۋى. ئارقا رەتتە لۇتپۇللانىڭ سىڭلىسى رەيھان، ئىنىسى نەسرۇللام.

1883 - يىلى مۇتەللىپاخۇن بىلەن مەھەممەت توختى يۈزبېگى يۈزدىن ئوشۇق ئائىلىنى ئەگەشتۈرۈپ ھازىرقى تاۋسۇگۈر مەھەللىسىنىڭ تۆۋىنىدىن ماكان تۇتىدۇ. ئۇلار كەلگەندە سايىنىڭ بىر تەرىپىنى توققۇزتارالىقلار بىلەن چاپچاللىقلار (ھازىرقى «دوستلۇق» مەھەللىسىنىڭ تۇرغۇنلىرى) ئېگىلىگەن ئىكەن. مۇتەللىپاخۇنلار باشلاپ كەلگەن ئائىلىلەر سايىنىڭ قامغاق باسقان ئىككىنچى تەرىپىگە ئورۇنلىشىپ دەسلەپتە «قامغاق» مەھەللىسى دەپ ئاتاپ يۈرگەن. مۇشۇ يەردە «نېمىشكە ئۇلار ھازىرقى ئۇيغۇر ناھىيەسىنىڭ چوڭ ئاقسۇ يېزىسىدا قالمىدى؟» دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. سەۋەبى، دېھقانچىلىق قىلىشقا قولايلىق يەرلەرنى ئۇلاردىن بۇرۇن كەلگەنلەر ئىگەللەپ بولغان. تاغ سۈيى ئەلۋەك تېرىلغۇ مەيدانلىرىنىڭ يوقلۇقىدىن، ئۇلار بەل ياقىلاپ يېڭى يەرلەرنى ئىزدەشتۈرۈپ، ئۆزلەشتۈرۈشكە ئاتلىنىدۇ.

يۇقۇرىدىكى سىڭلىسى رەيھان بىلەن كىچىك دادىسىنىڭ ئوغلى ئاسىمنىڭ يازمىلىرىدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1922 - يىلى 16 -نويابىردا دۇنياغا كەلگەن. دېمەك، قېرىنداشلىرىنىڭ سۆزىگە ئىشەنسەك، شائىرنىڭ تۇغۇلغان ئېيى بۇنىڭ بۇياقى ئېنىق، يەنى 16 - نويابىر.

يەنە بىر مەنبەگە دىققەت ئاغدۇرۇپ كۆرەيلى. مەنبە «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنىپ، ئۇنىڭ مۇئەللىپى فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزاتى، ئالىم رابىك ئىسمايىلوۋ.

«قاراتۇرۇقلۇقلار كۆچ-كۆچتە 1882 -يىلى ھازىرقى چوڭ ئاقسۇغا كېلىپ جايلىشىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن بەلنى ياقىلاپ چوڭ يولغا چىققانلار ئاخىرى يۇقارقى قاراتۇرۇق دەپ ئاتالغان جايغا ماكانلىشىدۇ. بۇلارنى ئەكەلگەنلەرنىڭ بىرى شائىر ۋە ئىنقىلابچى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بوۋىسى ئىدى. ئۇنى ھەممە موللا ئابدۇللا دەپ ئاتاتتى. (مۇشۇ ئىسمنى ماقالە داۋامىدا يەنە ئۇچراشتۇرىمىز. ئا.م.). كېيىن موللا ئابدۇللا دۇنيادىن ئۆتىدۇ. لۇتپۇللانىڭ دادىسى ھېزىماخۇن نېمە سەۋەبتىندۇر يەنە چوڭ ئاقسۇغا كۆچىدۇ، ئۇ يەردىمۇ ئىمىن تاپماي، بالا-چاقىسى بىلەن ئۇ قاتقا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئاما تەقدىرنىڭ خاھىشى لۇتپۇللانىڭ دادىسى ھېزىماخۇننى 50 - يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يەنە مۇشۇ تەۋەگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ بۇ تەرەپتە قالغان ئاغىنە-ئىنىلىرىنىڭ بالىسى ھېسابلانغان قاراتۇرۇقتىكى ھەيزىدىن ماناپوۋنى ئىزدەپ تاپىدۇ ھەم شۇنىڭ ئۆيىدە قالغان ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدۇ. ھېزىماخۇن ئاكا پانى دۇنيا بىلەن خوشلاشقاندا ئۆزىنى بۇلارغا تۇغقان دەپ بىلىدىغان ئاۋۇت ئاكا ساتتاروۋ ئۇنى دادىسىنىڭ، مۇتەللىپاخۇنۇمنىڭ يېنىغا، يۇقارقى قاراتۇرۇققا دەپىن قىلىدۇ. ئاتا-بالا ئۇ دۇنيادا قايتا بىر جايدا ئۇچرىشىدۇ. لۇتپۇللا مۇتەللىپ شەرقىي تۈركىستاندا ئاقسۇغا دەپىن قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ دادىسى ۋە بوۋىسىنىڭ قەبرى مۇشۇ تەۋەدە»، دەپ يازىدۇ مۇئەللىپ.

مۇئەللىپنىڭ بۇ يازمىسىغا دىققەت ئاغدۇرايلى. «بۇلارنى ئەكەلگەنلەرنىڭ بىرى شائىر ۋە ئىنقىلابچى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بوۋىسى. ئۇنى ھەممە موللا ئابدۇللا دەپ ئاتاتتى» دېگەن جۈملە بىزنى قىزىقتۇرىدۇ. موللا ئابدۇللا دېگەن كىم؟ لۇتپۇللا مۇتەللىپكە قانداق ئالاقىسى بار؟ ئۇنىڭ قوشقا بوۋىلىرى مۇراتاخۇنمۇ ياكى ئابدۇللىمۇ؟ مۇشۇ يەردە مېنى «مۇرات» ئىسمى قىزىقتۇرۇپ قالدى. 1763 - يىللىرى ئەرلەرنى مۇنداق ئىسىم بىلەن ئاتىغانمۇ؟

ئەمدى قاراتۇرۇقلۇق ئابدۇمىجىت ئابدۇللايېۋنىڭ ماڭا تەۋسىيە قىلغان يازمىلىرى بىلەن تونۇشۇپ كۆرەيلى.

«لۇتپۇللانىڭ ئابدۇماناپ، ئابدۇللا، مۇتەللىپ ئىسىملىك بوۋىلىرى بولغان. (مۇراتاخۇن ئاتالمايدۇ. ئا. م.). مۇتەللىپاخۇنۇمدىن توختاخۇن، ھېزىماخۇن، مەسىماخۇن، ساۋۇتاخۇنۇملار تۇغۇلغان. ھېزىماخۇن بىلەن ئايالى مەلىكىخاندىن مېرۋانەم، رابىيەم، لۇتپۇللام، رېھانبۈۋى، نەسرۇللام تۇغۇلىدۇ. مەسىماخۇندىن مەخسۇم، ئاسىم، ھاشىماخۇن، گۈلسۈمخان، سېپپىيەم، ئايشەم، زەينەپ؛ ساۋۇتاخۇنۇمدىن رىزۋانگۈل ئىسىملىق بىر قىز بولغان. ئابدۇللامدىن ئەيساخان، ئىبرايىم، ھەجەربۈۋى، ئەخمەتجان، قاسىمجان، ئابدۇراسۇل (ھازىر بىشكەكتە)، ئابدۇرېشىت غۇلجىدا، مەرىيەم بىلەن خېلىچەم تاشكەنت شەھىرىدە ياشايدۇ.»

مانا مۇشۇ يەردە ئابدۇللا ئىسمى ئۇچرىشىدۇ. ئەمدى يۇقۇرىدىكى بىر ماقالىدا ئوغۇللاردىن تۆتى ئاتىلىپ، لۇتپۇللانىڭ چوڭ بوۋىسىنىڭ ئىسمى مۇراتاخۇن ئاتالمىغان. ئالىم رابىك ئىسمايىلوۋنىڭ ماقالىسىدىكى بىز ئۇچراشتۇرغان ئابدۇللا موللا ئايلىنىپ كېلىپ مۇتەللىپاخۇننىڭ ئاكىسى ياكى ئىنىسى بولۇشى مۇمكىنمۇ، ياكى؟..

داڭلىق شائىرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا ئايىت ئىزدىنىشنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، ئالىملىرىمىز ھەققىدە ئىزدىنىشنى توغرا كۆردۈم. مەن ئەمدى، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ دەپىن قىلىنغان مازارى، تۇپراقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئاڭلىغانلىرىمنى ۋە بۇ ئاساستا شەكىللەنگەن يەكۈنلىرىم بىلەن داۋاملاشتۇراي.

## ئۈچىنچى مازار




شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئۆمىكىنىڭ خادىملىرى 1956 - يىلى ئاقسۇغا بارغاندا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قەبرىنى زىيارەت قىلغان چاغدىكى خاتىرە سۈرەت. ئوتتۇرىدىكى خام كېسەكلەر بىلەن يېپىلغان قەبرە لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بولۇپ، سۈرەت 1956 -يىلى 4 - ئاپرېل كۈنى تارتىلغان.

ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى بېرىش-كېلىش ئىشلىرى جانلانغان 1962 - يىللىرى، تەقدىر تەقەززاسىغا بىلەن ۋەتەن تۇپرىقىدىن چىقىپ قاراتۇرۇققا ئورۇنلىشىپ قالغان نەبىجان مەخسۇتوۋ 2000 - يىللىرى شەرقىي تۈركىستاندا– ئاقسۇدا بولغان بولۇپ، ئىنقىلابچى شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قەبرىنى زىيارەت قىلىپ قايتقان ئىكەن. مېھماننى تۇپراققا ئېلىپ كەلگەن كىشى، شائىرنىڭ قەبرى يول سېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىككى قېتىم ئورنىدىن يۆتكەلگەن دېگەن ئاخباراتنى ئۇنىڭغا ئېيتىپتۇ. لېكىن ئۇ ئېرەڭ قىلماپتۇ. يەرلىك تۇرغۇنلار شائىرنى ئۇنتۇماي، يادىكارلىق ئورنىتىپ، ئۆز كۆتۈمىگە ئالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە، ھاياجانلىنىش ئىلكىدە: «مەن ئىنقىلابچى شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قەبرىنى كۆرۈش نىيىتىدە غۇلجىغا بارغىنىمدا تونۇش– بىلىشلەر مېنى ئۇنىڭ مازارىغا ئېلىپ چىقتى. بۇ

مازار شائىرنىڭ ئۇچىنچىسى ئىكەن. تۇپراقتا كۆپىنىڭ مازارلىرىغا پەقەتلا ئىسمى-نەسەبى يېزىلغان بەلگىلەر قويۇلغان. بىرلا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تۇپرىقى ئۈستىگە ئەپچىل، ئىپدىتلىق قىلىپ قىزىل خىشتىن يادىكارلىق ئورنىتىپ، ئىسمىنى يېزىپ قويۇپتۇ.»

مۇشۇ ئاخباراتتىن كېيىن مېنىڭدە «نېمىشكە ئۇچىنچى» دېگەن ئوي پەيدا بولغان ھەم خېلى ۋاقىتقىچە قىيناپ يۈرگەن. كېيىن ھەمراجان ئامراقنىڭ توردىن بىر سۈرەتنى كۆردۈم. ئۇ سۈرەت 1956 - يىلى 4 - ئاپرىلدا تارتىلغان ئىكەن. ئۇنىڭدا قەبرىستانلىق ئىپادىلەنگەن. يېڭىدىن يەرلەنگەن ئۈچ تۇپراقنىڭ كەينىدە بىر توپ ئادەملەر تۇرىدۇ. ئوتتۇرىسىدىكى—لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تۇپرىقىنىڭ ئۈستىگە رەت-رېتى بىلەن تىزىلغان خام خىشلار دۆڭنى تولۇقى بىلەن يېپىپ تۇرىدۇ. تۇپراقلار بىر-بىرىگە تازىمۇ يېقىن، زىچ ئورۇنلاشقان.





بۇ قەبرە 1982 - يىلى نويابىر ئېيىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش كۈنىدە تۈرغۈزۇلغان. قەبرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ ئالدى تەرىپىگە لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تۇغۇلغان يىلى بىلەن ۋاپات بولغان يىلى ۋە «ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەر شائىر » دېگەن خەت يېزىلغان. ئىككى يان تەرەپكە لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئىككى شېئىرى – «يىللارغا جاۋاب » بىلەن «خىيالچان تىلەكتىن» مىسرالار ھۆسن خەت بىلەن نەقىشلەنگەن.

تارىخقا مۇراجىئەت قىلساق، 1945 - يىلى لۇتپۇللا مۇتەللىپ رەھبەرلىكىدىكى تەشكىلات قولغا ئېلىنىپ قەتل قىلىنغاندا ئۇ يالغۇز ئەمەس ئىدى . ئون نەچچە سەپداشلىرى بىللە ئېتىلغان. شۇنداقلا، ئۇلار، بىر ئورىغا تاشلانغان. كېيىن يۇرتداشلىرى ئۇلارنى بۇ ئورىدىن ئېلىپ، ئىككىنچى تۇپراققا، ياكى مانا مەن سۈرەتتىن كۆرۈپ تۇرغان قەبرىلەرگە ئايرىم-ئايرىم يەرلىگەن بولۇشى

كېرەك. مەن شۇنداق ئويدىمەن. ئەمدى ھازىرقى خىشتىن كۆتىرىلگەن مازارنى سېلىشتۇرسام، «ھەي، ئۈچ تۇپراق بار يەرگە لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ مازارى سىغماتتىمېكىن؟» دېگەن ئوي كېلىدۇ. دېمەك، يول سېلىش جەريانىدا لۇتپۇللانىڭ قەبرى ئۇچىنچى قېتىم ئازادە، بوش يەرگە يۆتكىلىپ، يۇرتداشلىرى تەرىپىدىن گۈمبەز تۇرغۇزۇلۇش مۇمكىنچىلىكى بولغانمىكىن؟ ھازىرغا ھەر خىل، دىلنى غىدىقلايدىغان گەپ تولا. «سوراپ، سوراپ ئالىم بولىمىز» دېگىنىدەك، بىلگەنلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا تاشلىساق زىيان بولماس.يەنە بىر قىزىق مەلۇمات. بۇ دېرەكنى مەن ئارخېئولوگ ئابدۇكېرىم سابىتوۋنىڭ «تارىخنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرى» ناملىق كىتابىدىن ئالدىم. ھەم بۇ ۋەقە لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆلۈمىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئاشكارىلايدۇ. دېمەكچى بولغىنىم، بەزى بىر مەنبەلەردە شائىر «چېپىلىپ كەتكەن» دېسە، بەزى بىرلىرى «ئېتىلغان» دېيىشىدۇ. بۇ ۋەقەنىڭمۇ ئېنىق-قېنىقىغا يېتىش ئۈچۈن بىشكەكلىك يازغۇچى ئابدۇكېرىم سابىتوۋ ھەم داڭلىق تارىخچى ئالىم–دوكتورىمىز نەبىجان تۇرسۇننىڭ دەلىللىرىنى كەلتۈرۈشنى توغرا كۆردۈم.

## چېپىلغانمۇ ، ئېتىلغانمۇ؟

« 1945 - يىلى سىنتەبىر ئېيىدا ئىلى پارتىزانلىرى ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىدۇ. شەھەر قورشاۋ ئاستىدا قالغانلىقتىن، گومىنداڭچىلار تۈرمىدىن ئەندىشە قىلىشقا باشلايدۇ. 21 - سىنتابىر كۈنى گۇگۇم چۈشكەندە، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئۇشاۋبىك بۆلۈم باشلىقلىرىنى يىغىپ، «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىدىكى بەش كىشىگە ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋىتى بار دەپ قارالغان ئابلا داۋۇت، ئابدۇللا روزى، ئەخمەت يۈسۈپ، ئوسمان مۇھەممەت، ئارىپوۋ، تەۋەككۇل ئۇلۇغوۋ، ئىبراھىم ئىدرىسوۋ، مەۋلانجان، ھاپىز داموللام، مۇسا ئىلى قاتارلىق كىشىلەرگە، سىياسىيسى باشقارمىدىن ئۆلۈم جازاسىنى بېرىش بۇيرۇقى كەلگەنلىكىنى جاكارلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۈرمە جاللاتلىرى ئىشقا كىرىشىپ، ئەڭ ئالدى بىلەن يۈسۈپجاننىڭ ئىسمى ئوقۇلۇپ، گۇندىپايلار ئۇنى سىرتقا سۆرەپ چىقىدۇ. ساقچى باشلىقى ئۇشاۋبىك يۈسۈپجاننىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ھازىر ساڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ»، -دەيدۇ. ئاندىن ساقچى باشلىقى يۈسۈپجاننىڭ ئاغزىغا پاختا تىقىپ كەپلەپ قويۇشنى بۇيرۇيدۇ، بىراق يۈسۈپجان قارشىلىق كۆرسىتىدۇ، ئاما گۇندىپايلار يۈسۈپجاننى ئۇرۇپ، ھوشسىزلاندۇرۇپ، ئاغزىغا پاختا تىقىپ، كەپلەپ قويىدۇ. ئاندىن ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان ئورەكنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ، قىلىچ بىلەن چاپىدۇ، ئەتراپقا قىپ-قىزىل قان چاچراپ، ئۇنىڭ تېنى پارچىلىنىپ ئورەككە تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارمۇ شۇ تەرىقىدە چېپىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ دەل ئىلى ئارمىيەسىنىڭ ئاقسۇنى قورشاۋغا ئالغىنىنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئىدى.

ئەتىسى ئاقسۇدىكى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ قوماندانى جاۋخەنجى ساقچى ئىدارىسىگە كېلىپ،

ئۇشاۋبىك بىلەن بىللە 20دەك ئاتارمەن-چاپارمەننى باشلاپ يەنە تۇرمىگە بارىدۇ. تۇرمە گۇندىپايلىرىدىن بىر قانچىسى ل.مۇتەللىپنى ئېلىپ چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شائىرنىڭ چىرايىدىن چەكسىز غەزەپ ئۇتى، ئۆچمەنلىك چاقناپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا بىلال ئەزىزى، ئىۋان، ۋاسىلىي، ئاباسوۋنى ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىن-ئالا كولاپ، تەييارلىنىپ قويۇلغان ئورەك ئالدىدا تىزلاندۇرىدۇ، جاۋخەنجى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ھازىر سىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ»- دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ل. مۇتەللىپ كەسكىن ئۆچمەنلىك قىياپەتتە تۇرۇپ: «قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل! مېنى ئۆلتۈرگىنىڭ بىلەن، مېنىڭ ئىزىمدىن مىڭلاپ، مىليونلاپ مۇتەللىپ چىقىدۇ! - دەيدۇدە ئاسمانغا قاراپ، - ھەي قۇياش، سەن پۈتۈن دۇنيانى يورۇتۇۋاتىسەن، ھەجەۋا، مېنىڭ يۈرىكىمنى بوگۈن يورۇتالمىدىڭ ؟! مەيلى، مەن بوگۈن ئۆلگىنىم بىلەن مېنىڭ روھىم ھېچ قاچان ئۆلمەيدۇ» - دەپ ئېيتىدۇ.

شۇ ۋاقىتتا جاۋخەنجى ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغان تەرجىمانى ياسىن ئىزىزگە قاراپ: «مۇتەللىپ نېمە دەيدۇ؟»، - دەپ سورايدۇ.

ياسىن ئىزىز مۇتەللىپنىڭ يۇقىرىدا ئېيتقان سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ. جاۋخەنجى مۇتەللىپنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپ: «سەن تېخى ياش، تالانتلىق يازغۇچىسەن، سېنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە ئىشلەيدىغان ۋاقتىڭ ئالدىڭدا، ئەمدى ئۆز نىيىتىڭدىن قايت! ئەگەر سەن ھازىر بولسىمۇ تۇۋا قىلساڭ، كەچۈرۈم قىلىمىز»، - دەيدۇ. بىراق مۇتەللىپ غەزەپلىك چىرايى بىلەن ھۆرپىيىپ تۇرۇپ: «گومىنداڭچى جانابلىرى، بىلىپ قويۇڭلاركى، يەر بىزنىڭ، ۋەتەن بىزنىڭ، خەلق بىزنىڭ. مۇقەددەس ۋەتىنىمىزنى سەنلەرنىڭ ئىختىيارىچە دەپسەندە قىلىشىڭلارغا يول قويۇلمايدۇ، سەنلەر بۇ ۋەتەندىن كەتمىگىچە، بىز بىر سائەتمۇ كۈرەشىمىزنى توختاتمايمىز. بىز تارىختىكى مۇستەقىللىقىمىزنى تىكلەش ئۈچۈن ھامان كۈرەش قىلىمىز. بۇ كۈرەش ھېچ قاچان توختاپ قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مۇشۇ كىشىلەر بىلەن كۈرەشكە ئاتلانغان، ئەمدى ئاتامسەن، چاپامسەن، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل»، -دەيدۇ.

جاۋخەنجى ئاخىرقى قېتىم مۇتەللىپنى يۇمشاق سۆزلەر بىلەن ئىرادىسىنى بوشاتماقچى بولۇۋىدى، ئويلىمىغان يەردىن مۇتەللىپنىڭ سۆزلىرى يۈرۈكىگە ئوقتەك سانچىلىدۇ. غەزەپتىن ھودۇققان جاۋخەنجى يېنىدىكى قۇراللىنى قانداق سۇغىرىپ ئالغىنىنى سەزمەي قالسا كېرەك، ئەتىمالىم، مۇتەللىپكە قارىتىپ ئارقا-ئارقىدىن نەچچە پاي ئوق ئاتىدۇ. بۇنىڭغا ئۇلاپلا تارىسلىدىتىپ ئېتىش باشلىنىدۇ. ئىنقىلابچى ياشلارنىڭ بەزىلىرى بىر پاي ئوقتا، بەزىلىرى بىر نەچچە پاي ئوقتا يىقىلىپ، ئورەككە دوكۇرلەپ چۈشىدۇ.

ل. مۇتەللىپ تۇرمىدە ياتقان چېغىدا ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلىپ، قان بىلەن تۇرمىنىڭ تېمىغا مۇنداق ئىككى مىسرا شېئىرنى يېزىپ قالدۇرغان ئىكەن:

بۇ كەڭ زېمىن مەن ئۈچۈن بولدى دەۋزەخ،
ياش گۈلۈمنى غازاڭ قىلدى قارا ئەبلەخ.

ل. مۇتەللىپ بارى-يوقى 23 يىل ياشىدى، بىراق، مەنىلىك ھايات كەچۈردى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە داۋاملىق ئۆگەندى ھەم داۋاملىق ئىجاد قىلدى، ئۆز خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقى، ئازاتلىقى، ئەركىنلىكى يولىدا ھاياتىنى قىيدى»، دەپ يازىدۇ.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ توغرىلىق خاتىرىلەرنى تارىخ پەنلىرىنىڭ دوكتورى نەبىجان تۇرسۇنىنىڭ فېيسبۇك ۋاراقچىسىغا ئېلان قىلغان خاتىرىلىرى بىلەن تولۇقتۇرماقچىمەن. ئۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ. «لۇتپۇللا مۇتەللىپ چوڭ ئاقسۇ يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، (كېڭەش ئىتتىپاقىنى دېمەكچى، تايلىق) ھەققىدە چوڭ ئاقسۇدا 1945 -يىلى 21 - سېنتەبىر كۈنى ئۆلتۈرۈلدى. لېكىن ئۇيغۇرلار دىيارىدا ئۇزۇن يىللار ئۇنى ئىلىدا تۇغۇلغان دەپ تەشۋىق قىلىنغان ئىدى. ئامما لۇتپۇللا مۇتەللىپ بەربىر ئەسلى 1881-1882 -يىللىرى ئارىسىدا ئىلىدىن كۆچكەنلەرنىڭ ئەۋلادى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئالدىدا قەشقەرىيەدىن كۆچۈرۈلگەنلەرنىڭ ئەۋلادى ئىدى. ئەسلى بوۋىلىرىنىڭ تېگى ئاقسۇ ئۈچتۇرپاندىن دېيىلىدۇ. 1765 -يىلى ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندا 10 مىڭ ئەتراپىدا ئادەم، ئاساسلىقى چوڭلار، بالىلار، ئاياللار ۋە بىر قىسىم ئەسىرگە ئېلىنغان ئەركەكلەرنى مانجۇلار ئىلىغا سۈرگۈن قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى»... «مۇتەللىپ ھەققىدە كېيىن مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان. بۇ تەكشۈرۈشتە مۇتەللىپنىڭ باشقا ئون نەچچە كىشى بىلەن بىرلىكتە سوپاخۇنلار ئىككىنچى قېتىم ئاقسۇنى قورشىغان كۈنى كېچىدە ئۆلتۈرۈلگەن. ئىككىنچى قېتىملىق ئۇ قورشاۋ 21 -سېنتەبىر كېچىدە باشلانغان، شۇ كۈنى جاۋ خەنشى ئۆلتۈرۈش بۇيرۇغىنى بەرگەن ۋە جاۋ خەنشى ئۆزى مۇتەللىپنى تاپانچا بىلەن ئاتقان ئىدى. بۇ ئارخىپچىلىق تەكشۈرۈشتۇر.»

ئەمدىلىكتە بۇ مەنبەلەرگە مېنىڭ قوشۇدىغىنىم، تۇرمىدىن ئېلىپ كېلىنگەن كېيىنكى بەش كىشى، جۈملىدىن لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، قالغانلىرى چېپىلغىنى مۇشۇ مەلۇماتلاردىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا، ئابدۇكېرىم سابىتوۋنىڭ «ئەتىسى ئاقسۇدىكى گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ قوماندانى جاۋخەنجى ساقچى ئىدارىسىگە كېلىپ، ئۇشاۋبىك بىلەن بىللە 20دەك ئاتارمەن-چاپارمەننى باشلاپ يەنە تۇرمىگە بارىدۇ» دېگەن يازمىسىغا ئېنىقلىما بەرسەك توغرىمىكىن؟ چۈنكى تارىخ پەنلىرىنىڭ دوكتورى نەبىجان تۇرسۇن تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ 21 - سېنتەبىر كۈنى ئېتىلغانلىقىنى دەلىللەپ يازىدۇ. دېمەك، 21 - سېنتەبىر كۈنى دەسلەپ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرىنى

قىلىچ بىلەن چاپقان بولۇپ، شۇ كۈنى كەينىدىنلا قالغان بەشىنى رەھبىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن قوشۇپ ئاتقان دېگىنىمىز توغرىمىكىن؟..

## سەپداشلار سۆكۈناتى

ھەمراجان ئامراقىنىڭ تورىدىن مەن يەنە بىر سۈرەتكە دىققەت ئاغدۇردۇم. ئۇنىڭدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئاغىنىسى يۈسۈپقازى رەخمانوۋ بىلەن چۈشۈپتۇ. تىۋۋا، دەيمەن. ئۇ كىشىنى قاراپلا تونۇدۇم.



لۇتپۇللا مۇتەللىپ (ئوڭدا)، ئاغىنىسى يۈسۈپقازى رەھمانوۋ (سولدا)، بىلەن 1938 -يىللىرى غۇلجا شەھىرىدە چۈشكەن سۈرەت.

1975–1985 -يىللىرى مەن «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىغا ئىشقا ئورۇنلىشىپ، كېيىن كوررېكتورلار بۆلۈمىنى باشقۇرغاندا، يۈسۈپقازى ئاكا مېنىڭ قول ئاستىمدا پودچىتچىكلىق قىلاتتى. خىزمىتى –ئاساسىي ئارگىنالغا قاراپ، كوررېكتور تېخى تەييار بولمىغان بەتنى ئوقۇغاندا سۆزلەرنىڭ چۈشۈپ قالماسلىقىنى كۆزىتەتتى. يۈسۈپقازى ئاكام بىلەن بىرنەچچە يىل بىللە ئىشلىسەممۇ ئامما بىرەر قېتىم «مەن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئاغىنىسى» دېگەن گەپنى ئاغزىدىن ئاڭلىماپتىمەن. شۇنداقلا، ۋەتەندىن چىققان تۇرسۇن دەريا دېگەن ئاكىمىز بىلەنمۇ بىللە ئىشلىدىم. ئۇ كىشى دەسلەپ «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىدە تەرجىمانلىق قىلدى. كېيىن ئاڭلىسام، ئۇ كىشىمۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپنى بىلەتتىكەن. بەزى كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالسام، خىتاي تىلىنى مۇكەممەل بىلگەن تۇرسۇن ئاكا دەريا «غوجانىياز سوراققا تاتىلغاندا تەرجىمان بولغان» دېگەن گەپلەرمۇ بار. مەن تونۇيدىغان ئاكىلىرىمنىڭ بىرەر قېتىم شائىر ھەققىدە گېپىنى قىلمىغىنىغا ھەيرانمەن. ياكى، بىز سوراپ قىزىقمىغاچقا، ئېيتمىدىمۇ؟ ئەپسۇسلىنىدىغان يېرىم، ئەمدىلىكتە سوراي دېسەم، ئۇلار يوق. لۇتپۇللاشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغان شائىر ئاكىمىز تۇرسۇن قاھارى بىلەنمۇ بىر قەۋەتتە، ئۇ «يېڭى ھايات» رېداكتسىياسىدە، مەن «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىدە خىزمىتىمىزنى داۋام قىلغان. مېنى ئويلاندۇرىدىغىنى ۋە قىزىقتۇرىدىغىنى، لۇتپۇللا مۇتەللىپنى كۆرگەن، بىلگەن، تەشكىلاتلاردا بىللە يۈرگەن ئاغىنىلىرىنىڭ كېچەش زىمىنىدە كۆپلەپ بولۇشىغا قارىماي شائىرنىڭ پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەرنىڭ ئازلىقى. نېمىشقا ئاشكارىلىمايدۇ؟ ئوچۇقىنى ئېيتمايدۇ؟ مېنىڭچە بۇ يەردە قانداقتۇر بىر سىر بار. ياكى، بۇ سىياسەتكە مۇناسىۋەتلىكمۇ؟ ياكى ئۆز كەمچىللىقىمىز، بىز شۇ چاغدىكى ياشلارنىڭ بىپەرۋالىقىمىزغا كېلىپ تاقىشامدۇ؟

مۇشۇ ئارىلىقتا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئاغىنىسى بولغان يۈسۈپقازى رەخمانوۋ ئاكىمىزغا مۇناسىۋەتلىك ئۆزۈم ئاڭلىغان ۋەقەنى ئېيتىپ بېرىشنى توغرا كۆردۈم. 1962 -يىلى ۋەتەندىن چىققانلار ئارىسىدىن يۈسۈپقازى ئاكىمىز بىرىنچىلەردىن بولۇپ شەھەردىن ئۆي ئاپتۇ. ھەيران بولغان دوستلىرى ئۇنىڭدىن: «شەھەر باشلىقى سېنىڭ تۇغقىنىڭ ئەمەس. ئامما بىزدىن بۇرۇن شەھەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدىن ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى قانداق ئالدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. يۈسۈپقازى ئاكىمىز: «ئەتىگەندە، شەھەر باشلىقى ئىشقا كەلمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ قوبۇلخانىسىغا بارسەن، كېلىشىنى كۈتىسەن، ئۇ ئىشخانىسىغا كىرىش ئالدىدا باشلىققا ئېگىلىپ سالام بېرىسەندە، ئىشخانىسىغا كىرمەي قايتىپ كېتىسەن» دېگۈدەك. ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ بۇ گېپىگە كۈلۈپتۇ. «بىر باردىم، كېتىپ قالدىم. ئىككى باردىم كەتتىم. ئۈچ باردىم، سالىمىمنى ئايىمىدىم، كۆزىگە كۆرۈنۈپلا يەنىلا كەتتىم. تۆتىنچىسىدە ئۇ كىشى ئۆزى مېنى ئىزدەپ، تېپىپ، چاقىرتىپ، مېنىڭ چېگرا ئاتلاپ كەلگىنىمنى، ئۆيسىز يۈرگىنىمنى ئاڭلاپ ئۆي بەرگەن» دەپ بولغان ۋەقەنى، ھەقىقەتنى ئوچۇق ئېيتقان ئىكەن. بۇ ۋەقە ئۇ كىشىنىڭ ئەسەبىسىنىڭ قانچىلىق چىڭ ئىكەنلىكىدىن دەلىللىسە كېرەك. ئەمىلىيەتتىمۇ يۈسۈپقازى ئاكام شۇنداق كىشى ئىدى. ئۆزىنىڭ بەستىنىڭ يوغانلىقىغا قارىماي، ئىككى قولى كۆكسىدىلا، كەم سۆزلۈك، كۈلۈپلا تۇرىدىغان كىشى ئىدى. تېرىكسە، بەزى بىر چۈشەنمەسلىك ئەھۋاللارغا دۇچار بولسا، دېرىزە تەرەپكە قاراپ تۇرۇۋالىدىغان قىلىقلىرىنىمۇ بايقىغانتىم.

## ئۈمىد ـ ئالىملاردا

قولۇمدىكى بارلىق پاكىتلارنى يىغىپ، يۇغۇرغاندا شۇنداق خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇكى، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قاراتۇرۇق يېزىسىغا بىۋاستە مۇناسىۋىتى بار. ئەگەر داڭلىق شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئېتىلىپ كەتمەي، ھايات بولۇپ، ۋاقىت ئۆتۈپ ئاتىسى ۋە ئانىسىنى ئىزدەپ 1957–1962 - يىللىرى قازاقىستان دىيارىغا چىققان بولسا نەگە بېرىشى، كىمنىڭ ئۆيىگە چۈشۈشى مۇمكىن؟ مېنىڭچە، تۇغقىنى بولغان ئابدۇماناپ ئەۋلادىنىڭ، شۇنداقلا بوۋىسى مۇتەللىپاخۇن، ئاتىسى ھېزىماخۇن بىلەن ئانىسى مەلىكەم يەرلەنگەن يۇقارقى قاراتۇرۇققا!؟ سەۋەبى، ئۇنىڭ يەتتە ئاتىسىنىڭ يىلتىزى مۇشۇ يەردە!؟ قىرغىزىستان بىلەن ئۆزبېكىستانغىمۇ كېتىشى مۇمكىن. چۈنكى تۇغقانلىرىنىڭ بىر ئۈچى شۇ ياقلارغا يىلتىز تارتقانىدى. ئامما، مېنىڭچە، لۇتپۇللا

مۇتەللىپنىڭ سۆڭەك ئىگىسى بولۇپ ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىدا، قاراتۇرۇقتا قېلىشى سۆزسىز، دەپ ئويلايمەن. بىز، ئۇيغۇرلار، يىلتىزىمىزنى يەتتە ئاتىنى ئەمەس، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىمىز ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈشكە ئۆگىنىپ قالغانمىز. مىڭ يىللىق تارىخىمىزدىكى ۋەيرانچىلىق، ئاچارچىلىق، قىيىنچىلىقلار سەۋەب بولغانمۇ، مېھرىبانلىق رىشتىلىرىمىزنى يوقاتماسلىققا تىرىشىپ قىزلىرىمىزنى «ياتقا كەتمىسۇن»، ئوغۇللىرىمىزنى «يىراققا » دەپ پەيلەش بىلەن قېنىمىزنى بۇزۇپ قويغاندەك. مۇنداق ئەھۋالدا مىللەتنىڭ جەڭگىۋارلىق روھى يوقايدۇ، دەيدىكەن ...

مەن مۇشۇ ماقالىنى يېزىشتىن ئىلگىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئىجادىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي مونوگرافىيا يازغان فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزاتى گۈلنارەم ئاۋۇتوۋا بىلەن ئالاقە باغلاپ، شائىرنىڭ تەرجىمىھالىغا مۇناسىۋەتلىك قىزىقىشىمنى بىلدۈرگەن ۋە بولسا ئەۋەتىپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەن ئىدىم . ئامما ئۇنداق مەلۇمات بولماي چىقتى. بۇنىڭغا نېمە سەۋەب؟ بىرىنچى ۋە ئاخىرقى سەۋەب، ئۇنىڭ ئىنقىلابچى بولغانلىقىدىنمۇ؟ ياكى بىزنىڭ بوشاڭلىقىمىزدىنمۇ؟ بەلكىم، يېزىپ قالدۇرغاندۇ، باردۇر؟ ۋەتەن تۇپرىقىدا ياشاۋاتقان مىليونلىغان قېرىنداشلىرىمىز يېزىشى مۇمكىن ئەمەس. گۇناھ شۇنىڭغا قىزىقمىغان بۈگۈنكى ئەۋلاد بىزدەمىكىن؟ يۇقىرىدىكىدەك ئويلارنى، ئاڭلىغان سۆزلەرنى، كۆلەملىك بولمىسىمۇ قىسقا ماقالىلارنى يېزىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرساق، ئىزدەشتۈرسەك مەنزىلگە چوقۇم يېتىمىزمىكىن؟ مەن ھازىر گېزىتلار، ئىنتېرنېت توردا بېرىلگەن، ساقلانغان مەلۇماتلار بىلەنلا چەكلەندىم. بىر ئاز مەلۇماتلار توپلانغاندەك. ئەمدىلىكتە كېلەچەك ياش ئالىملىرىمىز بۇ ئىزدىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، توغرا، خاتاسىغا چېكىت قويۇپ، سامىنى بىلەن بۇغدىيىنى ئايرىيدىغىنىغا ئىشەنچىم كامىل.

ئاۋۇت مەسىموۋ،

قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى.

2022 -يىلى، سىنتەبىر،

**ئەسكەرتىش:**

1.ئەسەر تېمىسىدا ئىشلىلگەن سۈرەتنى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ 1939 -يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا چۈشكەن.

2 . بۇ ماقالىدىكى سۈرەتلەر ھەمراجان ئامراقنىڭ توردىن ئېلىندى).




لۇتپۇللا مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىغا بېغىشلانغان ھەيكەل. 2022 -يىلى 29 -ئۆكتەبىر، چوك ئاقسۇ يېزىسى، قازاقىستان.



# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر
# Abduhalik Uyghur

Abduhalik Uyghur, also known as Abduxaliq Uyghur, was a prominent Uyghur poet and intellectual who left an enduring mark on Uyghur literature and nationalist sentiments. Born on February 9, 1901, in Turpan, Xinjiang, during the waning years of the Qing Empire, his life and work were dedicated to the cultural and linguistic preservation of the Uyghur people.

## Early Education and Multifaceted Scholar:

At the tender age of 8, Abduhalik began his education in a Madrasah, immersing himself in the study of Arabic, Persian, and Uyghur classics. This early exposure to a diverse range of languages and literary traditions provided him with a solid foundation for his later intellectual pursuits. As he grew older, he expanded his educational horizons by attending a Chinese school in Turpan. Here, he mastered the Chinese language and delved into the works of notable Chinese figures, including Sun Yat Sen and Lu Xun.

## Intellectual Exploration in the Soviet Union:

In pursuit of a deeper understanding of literature and to broaden his intellectual horizons, Abduhalik Uyghur embarked on a journey to the Soviet Union after 1923. Over the course of three years, he immersed himself in the works of renowned Russian literary figures such as Pushkin, Tolstoy, and Gorky. This exposure to Russian literature played a pivotal role in shaping his own poetic style and worldview.

## Notable Works and Nationalist Sentiments:

Abduhalik Uyghur's literary legacy is punctuated by his influential nationalist poem "Oyghan" (Awake!). The poem opens with the evocative line "Ey pekir Uyghur, oyghan!" (Hey poor Uyghur, wake up!), a powerful call to action that resonated deeply with his fellow Uyghurs. Through his writings, Abduhalik fervently championed Uyghur identity and the preservation of Uyghur culture in the face of external pressures.

## Tragic End and Legacy:

Regrettably, Abduhalik Uyghur's commitment to Uyghur nationalism led to his untimely demise. He was executed by the Chinese warlord Sheng Shicai in Turpan on March 13, 1933, at the age of 32. His works and sacrifice continue to inspire generations of Uyghurs in their pursuit of cultural preservation and self-determination.

## Notable Poems:

1. Oygan (Awake!)

2. Gezep ve Zar (Anger and Eager)

3. Zulumga Karşi (Against Oppression)

4. Körüngen Tag Yirak Emes (The Visible Mountain is Not Far)

5. Köñül Hahişi (Jewel of the Heart)

Abduhalik Uyghur's profound contributions to Uyghur literature and his unyielding dedication to his people's cultural heritage have solidified his place as an intellectual luminary in Uyghur history. His life and works continue to serve as a beacon of inspiration for Uyghurs striving for cultural preservation and self-expression in the face of adversity.

*(This biography has been crafted by Memet T Zunun in August 2023)*

## Awake

Abduhalik Uyghur

Oh, unfortunate Uyghur, awaken, sleep no more,
Deprived of possessions, risking life's core.
Do not escape this imminent plight,
Oh, peril surrounds you day and night.

Arise! I implore, lift your weary head,
Open your eyes, strike your foes with dread.
If you turn a blind eye to your perilous state,
Death shall befall you, sealed by fate.

Yet you lie motionless, like a lifeless shell,
Does the prospect of death not ring your knell?
Unable to move while you're ensnared,
Will you perish, never awakened or repaired?

Keep watchful eyes, survey your domain,
Ponder your stance, reflect and regain.
An opportunity awaits, to break free,
What ails you? What holds you back, can't you see?

I feel compassion for you, dear Uyghur soul,
My comrades, my brethren, my kin in whole.
I strive to awaken you from this despair,
But you turn a deaf ear, unaware.

One day, regret shall fill your heart,
When the moment passes, you played no part.
"Oops!" you'll exclaim, the chance gone amiss,
Then you'll acknowledge the word, "Uyghur," in abyss.

## ئويغان

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

ئەي پېقىر ئۇيغۇر، ئويغان، ئۇيقۇڭ يېتەر،
سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر.
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزۈڭنى قۇتقۇزمىساڭ،
ئاھ، سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر.

قوپ! دېدىم، بېشىڭ كۆتۈر! ئۇيقۇڭنى ئاچ
رەقىبىڭ باشىنى كەس، قانىنى چاچ!
كۆز ئېچىپ ئەتراپقا ئوبدان باقمىساڭ،
ئۆلىسەن ئارماندا بىر كۈن نائىلاج.

ھېلىمۇ جانسىزغا ئوخشايدۇ تېنىڭ،
شڭا يوقمۇ ئانچە ئۆلۈمدىن غېمىڭ؟
قىچقارسام قىمىرلىمايلا ياتىسەن،
ئويغانماي ئۆلمەكچىمۇ سەن شۇ پېتىڭ؟!

كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا باق،
ئۆز ئىقبالىڭ ھەققىدە ئويلا ئۇزاق.
كەتىس قولدىن بۇ غەنىيمەت پۇرسىتى،
كېلەچەك ئىشىڭ چاتاق، ئىشىڭ چاتاق.

ئېچىنار كۆڭلۈم ساڭا ئەي ئۇيغۇرۇم،
سەندىشىم، قېرىنداشىم، بىر تۇغقىنىم.
كۆيۈنۈپ ھالىڭغا، ئويغاتسام سېنى،
ئاڭلىمايسەن زادى، نېمە بولغىنىڭ؟

كېلىدۇ بىر كۈن پۇشايمان قىلىسەن،
تەكتىگە گەپنىڭ شۇ چاغدا يېتىسەن.
«خەپ!» دېسەڭ ئۇ چاغدا ئۈلگۈرمەي قالار،
شۇندا ئۇيغۇر سۆزىگە تەن بېرىسەن.

*(This translation was initially completed by Memet T Zunun in March 2011)*



# تاھىر تالىپ
# Tahir Talip

Tahir Talip was an eminent Uyghur poet hailing from the Yamanyar Township of Kashgar's Yengisheher County. Tahir embarked on a lifelong journey of literary expression that would resonate deeply with Uyghur audiences.

## Early Years and Literary Beginnings:

Tahir's poetic journey commenced at a remarkably young age. At the tender age of 15, he published his maiden poem in a local newspaper, marking the auspicious inception of his creative pursuits. This early foray into the world of literature foreshadowed a prolific career characterized by his ability to capture the essence of Uyghur experiences through verse.

## Cultural and Linguistic Versatility:

As a young man, Tahir recognized the importance of linguistic diversity in a rapidly changing world. He undertook the study of Mandarin, a decision that would not only expand his linguistic horizons but also enable him to serve as a translator for local authorities. This proficiency in multiple languages underscored his commitment to bridging cultural gaps and facilitating communication.

## Career at Kashgar Daily:

From 1978 until his retirement in 2003, Tahir Talip dedicated himself to the esteemed Kashgar Daily (Qeshqer Geziti). Over the course of his tenure, he ascended to the position of senior editor, solidifying his influence in the Uyghur literary landscape. His editorial role allowed him to shape and disseminate a wide range of content, contributing significantly to the cultural discourse of the region.

## Prominence and Influence:

Tahir Talip's contributions to Uyghur literature did not go unnoticed. His poems were lauded for their evocative power and were often featured in textbooks, becoming an integral part of educational curricula. Among his most celebrated works is the poignant poem "Chunki Men Hesiyatliq Hayat Adem" ("Because I'm a Living, Feeling Human Being"). This work, like many of his others, resonated deeply with readers, offering a profound exploration of the human condition.

## Legacy and Continuing Impact:

Tahir Talip's enduring legacy as a cultural figure and poet continues to reverberate through Uyghur literature. His ability to encapsulate the complexities of human existence in verse endears him to readers across generations. His works serve as a testament to the enduring power of language and culture in shaping our understanding of the world.
Tahir Talip's literary contributions remain a vital thread in the rich tapestry of Uyghur cultural expression, ensuring that his influence will be felt for generations to come.

*(This biography has been crafted by Memet T Zunun in August 2023)*

# The Witness of Solomon

Tahir Talip

A guest arrived, the kids did say,
I welcomed him with deeds that day,
Showed my best in charity's way,
Made well wishes without delay.

Respectful, he stayed constantly,
Fed him till he was full completely.
Walked in my garden, so joyfully,
Enjoying life, just carefree.

He ate our polu and meat so fine,
And stayed with us for quite some time.
But never once did he mention depart,
Leaving us to wonder at his heart.

I wonder what kind of guest he be,
Who outstays his welcome with such glee.
It is a surprise to all the world to see,
His character and behaviour, a mystery.

Later, I found out he was my long-lost brother,
Born to my father on his pilgrimage to another.
We embraced each other with love and joy,
Reunited after years of being coy.

Sent by my stepmother, to follow,
father's legacy, with a pot full of Zamzam hallow.
Found my doorstep, with respect and grace,
A reunion of brothers, a moment to embrace.

He never left his seat with due respect,
So I showed brotherhood, never neglect........
I listened to his grievances and complaints,
And kept his secrets, never making them faint.

Now, as the guest, in my own home,
I find comfort, no longer alone.
My brother's greatness, I admire,
And strive to match his lofty desire.

He speaks Persian and Arabic with ease,
And preaches to me every day with peace.
I strive to learn my faults to correct.
Saying "yes sir" and "ok sir" with respect.

I am of such a generation,
My soul is pure and free of hesitation.
My heart is true with witness of Suliman.
Trust me, I am a perch for a bird to land.

*(This translation was initially completed by Memet T Zunun in March 2011.)*

# سۇلايمان گۇۋاھ

تاھىر تالىپ

مېھمان كەلدى دېدى باللار،
خوش كېلىپسىز دېدىم مەنمۇ ھەم.
دەستخاننى كەڭ سالدىم ئاڭا،
ئەھۋال سوراپ يەنە، دەممۇ - دەم.

چۈشۈرمىدىم تۆردىن ھېچقاچان.
ھەم يىگۈزدۈم تويۇپ يانغۇچە.
باغ-ۋاراندا ئويناتتىم كۈتتۈم،
ئۇ يايرىدى كۆڭلى قانغۇچە.

قورساق سېلىپ،سەمرىپمۇ كەتتى،
پولو-گۆش يەپ بىزنىڭ لىگەندىن.
لېكىن مېھمان تەۋرىمەس يەنە،
ئېغىز ئاچماس قايتىش دېگەندىن.

ئويلاپ قالدىم قانداق مېھمان بۇ،
كۆرمىگەنمەن كەتمەس مېھماننى.
بۇ مېھماننىڭ خۇلق مىجەزى،
ھەيران قىلدى تامامى جاننى.

كېيىن ئۇقسام ئاكام ئىكەن ئۇ،
دادام تاپقان ھەجگە چىققاندا.
قۇچاقلاشتۇق قايتىدىن ئۇزاق،
ئېچىلمىغان سىرنى ئۇققاندا.

ئۆگەي ئانام-يوللاپتۇ ئۇنى،
ئاتاڭ قايتقان يولدا چاپقىن دەپ.
ئابى زەمزەم ئېلىپ كوزىغا،
ئىنىلەرنىڭ ئۆيىنى تاپقىن دەپ.

ئۇمۇ تۆردىن چۈشمىدى كىيىن،
مەن يەتكۈزدۈم تۇققانچىلىقنى.
تاپا قىلسا، غىڭ-پىڭ قىلمىدىم،
سىر تۇتمۇدۇم بىر تال تېرىقنى.

مانا ھازىر مەن ئاڭا مىھمان،
قورۇنىمەن ئۆز ئۆيۈمدىنمۇ.
ئۇنىڭ ئەجرى كۆپتەك بىلىنەر،
ھەتتا ئىچكەن چاي-سۈيىمدىنمۇ.

گاھى فارس، گاھى ئەرەبى،
سۆزلەيدۇ ئۇ كۈندە ماڭا ھەم.
ئەقىل ئۇندىن، پۇت-قول مېنىڭدىن،
خوش-خوش دەيمەن ئاڭا دەممۇ-دەم.

مەن مۇشۇنداق ئەۋلاد ئىكەنمەن،
كۆڭلۈممۇئاق، باغرىممۇ يۇمشاق
ئىشەنمىسەڭ سۇلايمان گۇۋاھ،
قۇشلارغىمۇ بولىمەن قونداق.



# ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر

# Abdurehim Tileshup Otkur

Abdurehim Tileshup Otkur (1923–1995) was a renowned Uyghur author and poet, often hailed as the pioneer of modern Uyghur poetry. Raised in Kumul. Otkur's early life was marked by personal adversity, culminating in his adoption by Osman Hacı, a prominent figure in Kumul who ensured his education. Ötkür's academic journey was shaped by the Kumul Rebellion, leading him through various educational institutions, exposing him to a diverse range of literature including Russian and Turkic authors.

Graduating from Xinjiang University's Faculty of Pedagogy in 1942, Otkur embarked on a versatile career, encompassing roles as a teacher, school administrator, journalist, and newspaper editor. His proficiency in multiple languages, including Turkic, Russian, Arabic, and Chinese, facilitated his role as a translator for government offices and publications. Political upheavals and literary restrictions in the post-1949 era may have limited his publishing activities.

From 1979 until his demise, Otkur made significant contributions to literature as a scholar and administrator at the Institute of Literature Studies, Academy of Philosophy and Social Sciences, Xinjiang. His appointment as Vice Chairman of the Society of Kutadgu Bilig Studies in 1988 emphasized his scholarly influence.

Otkur's literary legacy is defined by impactful works such as the poems "Tarim Boyliri" (Along Tarim) and "Yürek Mungliri" (Melodies of the Heart), which garnered significant popularity upon their initial release in 1940. His later novels, "Iz" (The Track) and "Oyghanghan Zimin" (The Awakened Land), earned high esteem among Uyghur audiences for their socio-historical significance. Notably, Ötkür's poetry transcended borders, evidenced by Harvard President Lawrence Bacow's recitation of his verses during a speech at Peking University in 2019, a poignant gesture given the challenging context surrounding Uyghur culture and expression.

**Noteworthy Works by Abdurehim Tileshup Otkur:**

"Qeshqer Kéchisi" (Kashgar Night), Xinjiang People's Press, 1980.
"Iz" (novel), Xinjiang People's Press, 1985.
"Ömür Menzilliri," Xinjiang Youths Press, 1985.
"Oyghanghan Zimin" (novel trilogy).

*(This biography has been crafted by Memet T Zunun in August 2023)*

# مەن ئاق بايراق ئەمەس

ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر

1
كۈمۈش كەبى يالتىراق،
مەرۋايىتتەك پارقىراق.
بىر چوققا بار ئاسمانغا مەغرۇر بېشى تاقاشقان،
ئۇنىڭ ئېتى خانتەڭرى، تەڭرىتاغقا جايلاشقان.

مەشرىقتىن چىقسا ئاپتاپ،
ھەممىدىن ئاۋۋال باشلاپ.
شۇ چوققىنى سۆيىدۇ مەڭزىنى يېقىپ مەڭزىن،
ئۆتۈپ ئۇنىڭ قېشىدىن، غەربكە بارار ئاندىن.

كېچە بولسا تولۇن ئاي،
ئۆتمەيدۇ ئۇندا قونماي.
يەتتە يۇلتۇز ھەم ھۆكەر، زۇھەل بىلەن مۇشتىرى.
ئۇنى يوقلاپ ئۆتىدۇ تەزىم قىلىپ ھەر بىرى.

ئېرىمەيدۇ قىش-يازى،
ئاق شايىدەك قار-مۇزى.
كۆكرىكىدىگە تاقاقلىق تەبىئەتنىڭ ئەكسى،
تاشنى يەرىپ چىققان ئۇ مۆجىزە قار لەيلىسى.

شۇڭلاشقىمۇ بۇ چوققا،
بەزى بولۇپ ھۆرلىقا.
كۆرۈنىدۇ كۆزلەرگە ئاق ئېچىلغان گۈل كەبى.
ياكى باھار كۈنلىرى ئاققۇ قونغان كۆل كەبى.

2
بۇنى بىلمەي بىر جاناب،
خانتەڭرىگە بىر قاراپ.
دەپ تاشلىدى: «بۇ چوققا يىراقتىن قارىماققا،
ئوخشايدىكەن ئەل بولغان قوشۇن تۇتقان بايراققا».

3
خانتەڭرى بۇنى ئاڭلاپ،
كۈلۈۋەتتى قاھقاھلاپ.
دېدى: نەدە چوڭ بولغان بېشى قاپاق جانابىسىز،
قۇلاق سېلىڭ قالمىغاي بۇ گەپىڭىز جاۋابسىز.

دەرۋەقە ئاق مەن ئۆزۈم،
ساقال-چېچىم ھەم يۈزۈم.
لېكىن ھەرگىز ئەمەسمەن سىز دېگەندەك ئاق بايراق،
تەبىئىتىم-مىجەزىم ئاق بايراقتىن بەك يىراق.
ئادەمئاتا ھەم ھاۋا،

# I'm not a white flag

Abdurehim Otkur

1
Oh Khantangri, the majestic peak,
Standing tall, proud and unique.
Glittering like silver, shining like pearls,
Nature's wonder, a sight for all.

When the sun rises in the east,
It's the first to receive the warmth and feast.
Kissing its peak, a blessing to behold,
Passing over to the west, as its story is told.

At night, the full moon can't resist,
Landing on its peak, it can't persist.
The seven stars, Aquarius and Venus,
All come to visit, paying their respects.

Snow and ice, like white silk,
Unmelted in winter and summer, a miracle of ilk.
Nature's reflection on its chest,
A snow lotus, breaking rocks with zest.

Upon the peak, so high and magnificent,
The phoenix soars, a sight so significant.
White as a blossom, pure and bright,
The lake below, where swans alight,

2
A gentleman who not seeks a sight so fine,
Should gaze upon Khan Tengri, not so divine.
From afar, he says it appears an army in peace,
Holding high a white flag that shall never cease.

3
The Khan Tengri laughed loud and clear,
At the words that fell upon his ear.
A simpleton's idea, he said with a sneer,
But he would answer back without fear.

"White indeed am I," he said with a grin,
"My beard and my face, they too are akin,
But a white flag? That's a foolish whim,
My nature and personality are pure within.

Since Adam and Eve, I've been here,
Born before anyone else, without any fear,
In the green valley, I ploughed and sowed,
Seeds of life, that flourished and glowed.

When the world was flooded with water and rain,
And Noah's ark struggled to find land again,
I was the dove, carrying hope in my beak,
A message of life, that made hearts leap and seek.

And when the conqueror Alexander came,
With his double horns in tow.
I had blocked his path with ease,
And revealed the Orient's glow.

For caravans with silk and spices,
As they go, their bell rings,
Through ages, I've been a host to caravans,
With food and salt, in my lands.

Oh wise and learned one, I hold the key
To history and knowledge for all to see.
The letter of the Book of Life I hold,
The knots of mystery in it, I unfold.

From paper, a compass to the printing press,
The wonders have brought the world progress.
Miracle medicine, from me it spread,
The cradle of culture, in my hands, led.

4
From the beginning of time, I've been here,
Living in this land with pride and cheer.
My hair and clothes are white with age,
But I am not weak or ready to disengage.

This land is where I belong,
My heart and soul forever strong.
My hair and beard are a symbol of my history,
And my head raised high in the blue sky is a testament to my glory.

Even when the clouds block the light,
And the thunder roars with all its might,
I stand unbowed, fierce and tender,
So do not mistake my white hair for surrender.

My heart burns with passion and fire,
My spirit soars higher and higher,
My song echoes with strength and power,
How dare you call me a white flag, I wonder.

جەننەتتىن چىققان چاغدا،
تۇنجى تۇغۇلغان ئوغلى مەن ئىدىم بۇ زېمىندا،
بوز ئېچىپ، ئۇرۇق چاچقان يېشىل ۋادى تەرىمدە.

نوھنىڭ كېمىسى توپاندا،
يول تاپالماي ئازغاندا،
ئاغزىمغا زەيتۇن چىشلەپ بارغان كەپتەر مەن ئىدىم،
ھاياتلىقنىڭ نىشانى — ئاشۇ خەۋەر مەن ئىدىم.

قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر
باشلاپ كەلگەندە خەتەر.
ئۇنىڭ ئۆتەر يولىنى توسۇپ قويغان مەن ئىدىم،
شەرقلىقنىڭ كۆچىنى تونۇتۇپ قويغان مەن ئىدىم.

يىپەك يۈكلىگەن كارۋان،
قوڭغىراق جاراڭلاتقان.
ئاشۇ قەدىم يوللاردا ھەم قورۇقچى-پاسىبان،
ئاش-تۇز بەرىپ كارۋانغا ھەم بولغانتىم ساھىپخان.

ئەي جانابىي مۇھتەرەم،
بىلىپ قويۇڭ شۇنى ھەم.
تارىخ دېگەن كىتاپنىڭ خېتى مەندە پۈتۈلگەن،
نى-نى چىگىش تۈگۈنلەر مېنىڭ بىلەن يېشىلگەن.

قەغەز، كومپاس، مەتبەئە،
دورا دېگەن مۆجىزە.
مەندىن ئۆتۈپ جاھانغا تارالغان ھەم كېڭەيگەن،
مەدەنىيەت بۆشىكىن ئوز قولۇمدا تەۋرەتكەن.

4
دېمەك تا ئەلمىساقتىن،
بېرى بارمەن ئۇزاقتىن.
شۇڭا بېشىم ئاقارغان، ھەتتا كىيگەن تونۇم ئاق،
لېكىن ئۆزۈم ئەمەسمەن سىز ئېيتقاندەك ئاق بايراق.

بۇ ھۆر زېمىن ۋەتىنىم،
ئاڭا باغلىق جان-تېنىم.
چاچ-ساقالنىڭ ئاقلىقى – تارىخ قەسىرىنىڭ ئۇلى،
كۆككې تاقاشقان بېشىم شۇ ۋەتەننىڭ سىمۋولى.

قارا بۇلۇت توسسىمۇ،
چاقماق كېلىپ سوقسىمۇ.
ئېگىلمەستىن بۇ بېشىم مەغرۇر تۇردى ھەممە ۋاق،
قانداق قىلىپ مەن ئەمدى بولۇپ قالاي ئاق بايراق.

قەلبىم قىزىل چوغ تۇرۇپ،
قىزىل تۇغنى كۆتۈرۈپ.
كېتىۋاتسام مەردانە ناخشام غالىب، ياڭغىراق،
قايسى يۈزىڭىز بىلەن مېنى دەيسىز ئاق بايراق!

*(This translation was initially completed by Memet T Zunun in March 2011.)*



# ئابدۇرېھىم ئابدۇللا

# Abdurehim Abdulla

Abdurehim Abdulla (b. February 17, 1954) is a prominent Uyghur poet and writer born in Aksu Kelpin district, Uyghur Region. His literary career began in 1978 with the publication of his poem "I saw," marking the inception of a prolific creative journey.

Graduating from Xinjiang University in 1984, he has since held the position of literary editor at Xinjiang Audio and Video Publishing House. Abdulla's oeuvre spans over 300 poems, including renowned works like "Sounds from the blacksmith's shop" and "Broken Sword." Additionally, he explored prose, authoring 15 short stories, some of which, such as "Broken Sword," are studied in educational curricula.

Notable publications include "Dog" (1985) and "Uphill Road" (1993). An esteemed member of the China Minority Writers Association and the Xinjiang Writers Association, Abdulla's contributions transcend his own works, as he actively supports and advances the Uyghur literary community.

His enduring connection to his homeland and dedication to artistic expression continue to shape and resonate within Uyghur literature.

*(This biography has been crafted by Memet T Zunun in August 2023)*

## A Broken Sword

Abdurehim Abdulla

Beneath me flows a river, gushing strong,
Over a steep hill, I journeyed along.
A broken sword lies before my sight,
An ancient monument, lost in time's flight.

Half of a sword hides beneath the soil,
While the other half shines, a diamond's foil.
The gift of battles fought long ago,
Excitement fills my hands, their story to show.

My hands trembled, my heart knew the signs,
A curved sword, crescent moon's design.
Ancestors' essence, their fragrance in the air,
I struggled to breathe, engulfed in their care.

The sun's smile graces the sword's gleaming blade,
Pride and light shine, never to fade.
Though shattered in battle, no trace of regret,
Pride smiles on the clear blade, undiminished yet.

## سۇنۇق قىلىچ

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا

ئاستىمدا شارقىراپ دەريا ئاقىدۇ،
ئېشىپ بارماقتىمەن بىر تىك داۋاندىن.
ئالدىمدا بىر سۇنۇق قىلىچ ياتىدۇ،
بىلمەيمەن يادىكار قايسى زاماندىن.

قىلىچنىڭ يېرىمى تۇپراق ئاستىدا،
يېرىمى ئالماستەك تۇرىدۇ پارقىراپ.
بۇ قەدىم جەڭلەرنىڭ يالدامىسىنى،
هاياجان ئىلكىدە ئالدىم ئاۋايلاپ.

تىترىدى قوللىرىم ، تونىدى يۈرەك،
هىلال ئاي ئەگمىسىدەك ئەگرى قىلىچنى.
زاتىمنىڭ هىدلىرى كەلدى گۈپۈلدەپ،
بىلمىدىم قاي هالدا نەپەس ئېلىشنى.

قىلىچنىڭ بىسىدا قۇياش جىلۋىسى،
بالقىيدۇ ئىپتىخار، بالقىيدۇ زەر نۇر.
جاراڭلاپ سۇنغاچقا جەڭدە ئارمانسىز،
سۈزۈك سۇنۇقىدا كۈلىدۇ غورۇر.

This tempered sword, unbendable and strong,
The brave in their homeland's furnaces belong.
Drinking the water of oaths, emerging ablaze,
Supported by the fountain, love's guiding rays.

تاۋلانغان بۇ قىلىچ ئېگىلمەس بولۇپ،
جەسۇرلار ۋەتىنىنىڭ ئوچاقلىرىدا.
قەسەم سۈيى ئىچكەن چىقىپ ئوچاقتىن،
ئاھۇ كۆز مەدەتكار بۇلاق بويىدا.

Upon this steep hill, soaked in love profound,
The motherland's battles, an eternal bond.
Though broken, unbreakable, his ties stand tall,
Embracing the land, embracing its call.

كەلتۈرگەن قىلىچنى بۇ تىك داۋانغا،
ۋەتەننىڭ سۆيگۈسى جەڭلەرگە چىللاپ.
سۇنغان چېغىدىمۇ رىشتى ئۈزۈلمەي،
تەۋرۈك تۇپراقنى ئاپتۇ قۇچاقلاپ.

In thoughts of swords, dormant they remain,
Never drawn from their sheaths, a dormant strain.
When the enemy set foot on our cherished land,
Revenge does not shine, courage takes its stand.

ئويلىدىم شۇنداقمۇ قىلىچلار بار ئىكەن،
بىر قېتىم قىنىدىن چىقالمايدىغان.
باسسا ياۋ ۋەتەنگە پاسكىنا ئاياغ،
قىساس قەھرى بىلەن چاقنىمايدىغان.

Gazing dreamily at the sword now shattered,
The mirror reflects the battlefield, mattered.
This sword in a man's hand, poised to defend,
Offering the enemy a chance to amend.

خىيالچان تىكىلدىم سۇنۇق قىلىچقا،
ئەينەكتەك تېنىدىن كۆرۈندى جەڭگاھ.
بۇ قىلىچ شىر سۈپەت بىر ئەر قولىدا،
دۈشمەنگە ۋەيلۇندىن بەرمەكتە دەرگاھ.

As arrows soar, wind carries them high,
Hope's power shatters shield with a determined cry.
For every clash of sword against sword's might,
This blade shines bright, reflecting the fight.

چىقىدۇ شىۋىرغان ئوق ئۈزسە ساداق،
ئۈمىدنىڭ زەربىدە قالقان قالتىرار.
تەككەندە گەجلەشكەن ھەر بىر قىلىچقا،
بۇ قىلىچ بىسىدىن چاقنار يالتىرار.

Fortune has struck, the sword breaks in dismay,
Its sound echoes, shaking the battlefield's array.
Echoing through mountains, a resounding call,
As if swords on every peak meet their downfall.

ئاھ قىسمەت، بۈگۈن مانا سۇندى ئۇ قىلىچ،
جەڭگاھنى لەرزىگە سالدى شۇ سادا.
تاغلاردىن تاغلارغا ئۇرۇلدى ئەكسى،
ھەر تاغدا بىر قىلىچ سۇنغاندەك گويا.

The sun, too, appears dim as the sword breaks,
Victory's face veiled, a glimpse it takes.
Brave warrior fallen, headless from their steed,
His horse’s cries echo, the valley heeds.

قۇياشمۇ قارايدۇ سۇنغاندا قىلىچ،
زەپەرنىڭ يۈزگە تارتىلدى نىقاپ.
باتۇر ئات ئۈستىدىن غۇلدى باشسىز،
كىشنىدى دۇلدۇلى زارلىق جىلغىدا.

Where is the hero, gazing at the sky's expanse,
Men whose blood matches the sword's noble stance?
Tracing their lineage from the sun's radiant rays,
The earth won't engulf a hero of such grace.

قېنى ئۇ باھادىر، قاردىم كۆككە،
قېنى ئۇ قىلىچقا مۇناسىپ ئەرلەر؟
قۇياشتىن، نۇرلاردىن ئىزلىدىم ئۇنى،
ئۇنىڭدەك ئوغلاننى يۇتمايدۇ يەر دەپ.

But alas, it was a jest, a cruel game,
The sword's hilt firmly held, no blame.
Celebrating masculinity's fierce reign,
In a face shining like marble, no disdain.

خەيرىھاھ، قىياھقا ئايلىنىپتۇ ئۇ،
قىلىچنىڭ دەستىسى قاپتۇ ئىلكىدە.
تەنتەنە قىلىدۇ ئەرلىك تەسۋىرى،
مەرمەردەك يالتىراپ تۇرغان چېھرىدە.

From the hero's neck, blood did trickle,
Like a ruby, it fell into the river's ripple.
The river's water splashed upon my face,
I felt his call, drawing me to his embrace.

يىگىتنىڭ بويىنىدىن تەپچىگەن قانلار،
دەرياغا ياقۇتتەك چۈشەر تامچىلاپ.
ئۇچقىدى يۈزۈمگە دەريانىڭ سۈيى،
بىلدىمكى ئۇ مېنى بارماقتا چىللاپ.

*(This translation was initially completed by Memet T Zunun in March 2011.)*



# ئابدۇكېرىم خوجا

# Abdukerim Khoja

Abdukerim Khoja (1928~1988) was a distinguished figure in modern Uyghur literature, renowned for his prowess as a poet and seasoned journalist. He stood as a pivotal figure in the establishment of modern Uyghur translation literature, a prominent platform for contemporary Uyghur translation literature.

Notable among his literary contributions are poetry collections like "Spring Song" and "Pothai, Bahar and Me". Khoja's verses held a unique power and resonance, earning him a place among the influential poets of his time. His rich and industrious body of work continues to be cherished and remembered by the Uyghur people.

*(This biography has been crafted by Memet T Zunun in August 2023)*

## Statue

Abdukerim Khoja

In the garden's solitude, a statue stood tall,
Armed and cloaked, his presence enthrals.
Though I know him, he remains unaware,
High above, while I dwell in despair.

In this field, we met as a herd, united and strong,
Embracing the moments, where we belong.
But today, he claims the seat of prestige,
While I'm ignored, longing for fruits to besiege.

Inseparable, his words echoed true,
Yet now forgotten, a painful hue?!
Sorrow surrounds me, a heavy shroud,
Burning eyes, a heart with desire endowed.

*(This translation was initially completed by Memet T Zunun in March 2011.)*

## ھەيكەل

ئابدۇكېرىم خوجا

تۇراتتى بىر ھەيكەل باغدا تىك تەنھا،
ئۈستىدە يېپىنچا، قولىدا ياراق.
مەن ئۇنى تونۇيتتىم تونالمىدى ئۇ،
چۈنكى ئۇ ئېگىزدە، مەن پەستە بىراق.

ئىككىمىز ئۇچراشقان پادا باققاندا،
دەل مۇشۇ مەيداندا كېرىپ كەڭ قۇچاق.
بۈگۈن ئۇ ئۆتۈپتۇ تۆرگە بىر ئۆزى،
مەن پەستە قاپتىمەن چاققاندا ياڭاق.

ئايرىلماس قوشماق بىز دېگىنى قېنى،
ئەجىبا ئۇنتۇغاق بوپ قالدى قانداق؟!
مىڭ ئەپسۇس ئىچىدە تۇرىمەن بۇندا،
كۆزۈمدىن ئوت يېنىپ، دىلىمدا پىراق



# مەمتىلى زۇنۇن

# Memtili Zunun

Memtili Zunun, also known as Tashnai, was a distinguished Uyghur writer, playwright, poet, and dramatist known for his prolific contributions to Uyghur literature and performing arts. Born in 1939 into a family with a strong cultural background in the city of Kashgar, his early exposure to a rich literary environment laid the groundwork for his future endeavors in creative expression.

## Early Years and Education:

Memtili Zunun's journey in the world of literature commenced at an early age. At just 11 years old in 1950, he penned his first poem, marking the initiation of his literary odyssey. He showed remarkable promise and ambition, making his initial foray into the realm of writing. His formal education culminated in his graduation from the Faculty of Literature at the "Xinjiang Institute" in 1958, providing him with a solid academic foundation.

## Artistic Career and Achievements:

After completing his studies, Memtili Zunun ventured into the professional arena of creative arts. He embarked on a career that spanned various prominent ensembles, including the Kashgar Provincial Art Ensemble and the Uyghur Autonomous Region Music Ensemble. These experiences played a pivotal role in honing his artistic talents and propelling his advancement in the creative field.

## Versatility in Literature:

Memtili Zunun's literary repertoire is characterized by its remarkable diversity. He demonstrated proficiency across various genres of literature, leaving an indelible mark on Uyghur literature. His body of work encompasses collections of poems and stories such as "Visal Sehri," "Gulmihri," "Caravan Song," "Family Songs," "Mashreep," "Southern Battle March," "Aziza," and "The Spring of the Country." Additionally, he contributed to the dramatic arts with notable works, including a collection of short stories titled "Double Mosque," a two-part television series titled "Yash," and an opera entitled "Nadamat."

## Intellectual Independence and Legacy:

Memtili Zunun was not only a prolific creator but also a writer who valued intellectual freedom and independence of thought. He steered clear of conforming to court poetry and remained committed to his artistic integrity, reflecting a deep-seated dedication to his craft and cultural heritage.

## Legacy and Passing:

Memtili Zunun's contributions to Uyghur literature and performing arts have left an enduring legacy. His work continues to inspire and resonate with audiences, serving as a testament to his enduring impact on Uyghur cultural expression. Tragically, Mamtili Zunun (Tashnai) passed away in September 2012, leaving behind a body of work that continues to enrich Uyghur literature and the cultural tapestry of Xinjiang.

*(This biography has been crafted by Memet T Zunun in August 2023)*

## The half_missed shot

Memtili Zunun

Oh Gosh! we missed the shot,
Our hearts, they bleed, we've missed a lot.
Under the whip, we cower, we sway,
Like beasts of burden, day by day.

From our hearts, shots fired in despair,
Mountains, fields, engulfed, a fiery flare.
Why? the noose won't burn, it clings so tight,
We're trapped, imprisoned in endless night.

Now we see, that shot half-missed, we dread,
Wolves' peace pact, it's the path we tread.
Oh Gosh! we missed the shot, we call,
Appeasement, our hearts' darkest thrall.

## چالا تەككەن ئوق

مەمتىلى زۇنۇن

ۋادەرىخا ئوقنى تەككۈزدۇق چالا،
شۇ تۈپەيلى باغرىمىز قانلىق-يارا.
قامچا-كالتەك ئاستىدا قالدۇق يانا،
قوش بىلەن سۆرەمگە مەھكۇم ئۇي-كالا.

قەھرىمىزدىن ئوت چىچىلدى قانچە رەت،
قىپقىزىل يانغىنغا چۆمدى تاغ-دالا.
كۆيمىدى يانغىنىدا سىرىتماق نە ئۈچۈن،
نە ئۈچۈن؟ بىز بۇ بالاغا مۇپتىلا.

ئەمدى بىلسەك ئوقنى تەككۈزدۇق چالا،
ھەممىدىن بەتتەر ئىكەن سۈلھى-سالا.
ۋادەرىخا ئوقنى تەككۈزدۇق چالا،
ھەممىدىن يامان ئىكەن سۈلھى-سالا.

*(This translation was initially completed by Memet T Zunun in March 2011.)*

## Echoes of Solitude

Shah Meshrep

In the city of Namangan, would my absence be felt?
In a foreign town's alleys, would my name be softly dealt?

Where has my blood brother gone? If my friend on life's winding way.
Tears cascade, a river's song, is there one to guide my stay?

Love's elixir coursed through me, a cauldron's searing flame,
From this realm I've faded, does anyone recall my name?

Passion waged a battle fierce, against love's gentle stream,
Let my heartache pierce, would I be in anybody's dream?

Patience wanes, and strength grows thin, weary steps upon the sea,
Within me burns desire, is there a heart to plea?

Undecided about Namangan's hold, should I venture far and wide?
If I wander around the world, who'll cherish me, standing close by my side?

Meshreb's hidden sorrows, his status still unknown,
In the wake of my leaving, will his heart's ache be shown?

## مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ

شاھ مەشرەپ

نەمەنگان شەھىرىدىن كەتسەم مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
غېرىبلىق شەھىرىدە يۈرسەم مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

قېنى قەۋمۇ قارىنداشىم، بۇ يولدا بولسا يولداشىم،
كۆزۈمدىن ئاققۇزۇپ ياشىم، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

مۇھەببەت شەربەتىن ئىچتىم، قازاندەك قاينابان تاشتىم،
بۇ فانى دۇنيادىن كەچتىم. مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

تۈشۈپتۇر باشىمە سەۋدا، رۇمۇزى ئىشقىدىن غەۋغا،
ئۆزگە ئەيلەدى شەيدا، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

تۇرارغە تاقەتىم يوقتۇر، يۈرەرگە ھالەتىم يوقتۇر،
يۈرەكتە ئىشق ئوتى كۆپتۇر. مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

قارارىم يوق تۇراي دىسەم، نەمەنگاندە يۈرەي دىسەم،
جاھاننى سەير ئېتىپ كەزسەم مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

بۇ مىسكىن زارى مەشرەبنىڭ كىشى ھالىنى بىلمەيدۇ.
بۇ يەردىن باش ئالىپ كەتسەم مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

*(This translation was initially completed by Memet T Zunun in March 2011.)*



# لۇتپۇللا مۇتەللىپ

# Lutpulla Mutellip

Lutpulla Mutellip, also known as Qaynam Orkishi, Lutun, or Li Mutalifu, was a Uyghur poet and journalist who left an indelible mark on modern Uyghur literature. Born on November 22, 1922, in what is now Xinjiang, China, he is celebrated for his poignant poetry, which showcased the beauty of the Uyghur language and spoke to the aspirations of his people. Although his life was tragically cut short at the age of 22, Lutpulla Mutellip's contributions to Uyghur literature and his unwavering commitment to Uyghur independence cemented his legacy as a national hero for the Uyghur people.

## Early Life and Education:

Lutpulla's educational journey began at a Tatar school in Ghulja, where he received his elementary education. His early years laid the foundation for his future literary endeavors and his deep-rooted connection to his Uyghur heritage. After completing his high school education in 1939, he moved to Ürümqi, the capital of Xinjiang, to pursue further studies.

## Literary Career:

In Ürümqi, Lutpulla Mutellip continued his education at the college level. His passion for literature and his growing awareness of the social and political issues facing the Uyghur people drove him to become involved in journalism. He worked as a literature page editor for a gazette, where he found a platform to express his views and convey his unwavering commitment to Uyghur independence.

## Notable Works:

Lutpulla Mutellip's most renowned work is "Yillargha Jawap" (Response to Years). This poetic masterpiece resonated deeply with his readers, reflecting his keen sense of language and his ability to convey complex emotions and aspirations. "Thoughtful Blessings" (Xiyalchan Tilek) is another of his celebrated works, showcasing his poetic talent and his dedication to the Uyghur cause.

## Struggles and Persecution:

Lutpulla's poems were often seen as criticisms of the Chinese government under Sheng Shicai, which led to his exile to Aksu City in 1943. His unwavering commitment to Uyghur independence and his vocal opposition to the prevailing political climate in Xinjiang made him a target of authorities. Tragically, he was eventually imprisoned, where he continued to express his convictions through his writings.

## Legacy and Tragic End:

Lutpulla Mutellip's life took a tragic turn when he was executed by Chinese authorities in 1945. He was buried in a graveyard in Aksu City, but the resting place was later destroyed and transformed into "Happiness Park." Chinese officials claim to have moved his remains to an undisclosed facility, and as of July 2020, the exact location remains unknown.

In August 1956, the People's Committee of the Xinjiang Uygur Autonomous Region posthumously recognized Lutpulla Mutellip as a revolutionary martyr, commemorating his unwavering dedication to the Uyghur cause and his literary contributions.

**Legacy**:

Lutpulla Mutellip's work continues to inspire Uyghur poets and writers, carrying forward his legacy of advocating for Uyghur culture and independence. His life and tragic fate serve as a poignant reminder of the challenges faced by Uyghurs striving for self-determination and the preservation of their cultural heritage. His impact on modern Uyghur literature endures, and his memory remains a symbol of resistance and hope for the Uyghur people.

*(This biography has been crafted by Memet T Zunun in August 2023)*

## Answer to the Years

Lutpulla Mutellip

Time moves ceaselessly, it waits for none,
Years pass swiftly, their journey is done.
The flowing waters, the dawn's gentle light,
Once gone, they elude us, out of sight.

Years, like thieves, steal moments away,
Chasing one another in an endless sway.
In youth's embrace, nightingales are still,
Leaves wither and fall, nature's quiet thrill.

Youth, a precious time for a young man's claim,
Yet fleeting, its brevity a heartfelt flame.
A torn calendar page, a leaf's descent,
Symbols of youth's passing, a poignant lament.

The years blow on, leaving tracks concealed,
A tree without leaves, its fate sealed.
Years bear gifts, not arriving in vain,
For girls, wrinkles; for men, beards to gain.

But it is not right to curse the passing years,
Each follows its path, free from our fears.
People, too, must not squander time's embrace,
They turn deserts into oases, leaving a trace.

Years bestow abundance, opportunities abound,
Mountains of wisdom rise, steadfast and profound.
Behold Tursun, once an infant so small,
Yesterday crawling, now standing tall.

Children in pursuit, chasing years gone by,
Their battles, their legacy, for generations to try.
Those who sacrifice for happiness's delight,
Flowers adorn their graves, blooming ever bright.

Whether gifted by years or a beard's growth,
I, too, am shaped by time's ebb and flow.
My creations bear the imprint of my soul,
A testament to the years that slip and roll.

## يىللارغا جاۋاپ

لۇتپۇللا مۇتەللىپ

ۋاقىت ئالدىراڭغۇ ساقلاپ تۇرمايدۇ،
يىللار ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ يورغىسى.
ئاققان سۇلار، ئاتقان تاڭلار قايتىلانمايدۇ،
يورغا يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى.

ئوغرىلارپلا قاچىدۇ ئارقىغا يانماي،
بىر-بىرىنى قوغلىشىپ، يورغىلىشىپ.
ياشلىق بېغىدا بۇلبۇللار قانات قاقماي،
يوپۇرماقلار قۇيۇلىدۇ پورلىشىپ.

ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېغى،
تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمرى بىراق.
يىرتىلسا كالىندارنىڭ بىر ۋارىقى،
ياشلىق گۈلىدىن تۆكۈلىدۇ بىر تال يوپۇرماق.

يىللار شاملى يەلپۈنىدۇ، ئىزلار كۆمۈلىدۇ،
يوپۇرماقسىز دەرەخ بىچارە-بولىدۇ قاخشال.
يىللار سېخى قۇرۇق كەلمەيدۇ ئەكىلىپ بېرىدۇ،
قىزلارغا قورۇق، ئەرلەرگە ساقال.

بىراق يىللارنى تىللاش توغرا كەلمەيدۇ،
مەيلى ئۆتىۋەرسۇن، ئۆزىنىڭ يولى.
ئادەملەرمۇ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەيدۇ،
چۆللەرنى بوستان قىلغان ئادەملەر قولى.

يىللارنىڭ قوينى كەڭ، پۇرسىتى نۇرغۇن،
تاغدەك ئىشلار يىللار بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ.
قاراپ باق ئاخشامقى بوۋاق كىچىككىنە تۇرسۇن،
تۈنۈگۈن ئۆمىلەپ، ھە... بۈگۈن مېڭىپ يۈرىدۇ.

كۆرەشچان باللار قوغلىشىپ يىللار،
كۆرەش نەۋرىلىرىنى چوقۇم تاپىدۇ.
ئاخشام بەختى ئۈچۈن قۇربان بولغانلار،
قەبرىسىنى يادلاپ گۈللەر ياپىدۇ.

مەيلى ساقال سوۋغا قىلسا قىلسۇن يىللار،
مەنمۇ تاۋلىنىمەن يىللار قوينىدا.
ئىجادىم شېئىرىمنىڭ ئىز تامغىسى بار،
ئالدىمدىن قېچىپ ئۆتكەن ھەر يىل بوينىدا

In the eternal battle, at life's height,
My poem becomes a star, shining in the night.
On the hill of mortality, where struggles reside,
I recall the triumph of perseverance, never to hide.

قېرىماسمەن كۆرەشنىڭ كەسكىن چېغىدا،
شېئىرىم يۇلتۇز بولۇپ يانار ئالدىمدا.
ئۆلۈم پەستە قېلىش كۆرەشنىڭ داۋانلىق تېغىدا،
چىدام غەيرەتنىڭ يەڭگىنى ھەريان يادىمدا.

I follow the call, hands firm on a tempered gun,
Marching to the front with a flag, undeterred and strong.
The battlefield's allure never tires my will,
Victorious we emerge, on the path of triumph still.

ئېسىلارمەن مىلتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا،
يېپېشارمەن بايراق بىلەن ئالغا ئاتلىغان يولغا.
كۆرەش باياۋانىدا ھارماسمەن ئەسلا،
يېڭىش بىلەن كېلىپ چىقىمىز كەڭ غالىب يولغا.

Years, do not mock with haughty pride,
Death's presence, more than blushing, I confide.
Do not fret over my aging, its relentless pace,
I will dedicate my son to the final battle's embrace.

يىللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى.
قېرىتتىمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.

Though the seas of years may churn and rage,
Our vision expands, horizons on each page.
As the years startle, as they pass us by,
We answer with creation, aging with a sigh.

يىللار دېڭىزى دولقۇنلۇق بولساڭمۇ،
ئۇپۇقلىرىڭنى ياردۇ بىزنىڭ كاراپ.
يىلنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قورقىتىپ باقساڭمۇ،
ئىجاد يىللارنى قېرىتىدۇ دەپ بېرىمىز جاۋاب.

*(This translation was initially completed by Memet T Zunun in March 2011)*

# A Scholar's Odyssey in Uyghur Studies



**Memet T. Zunun: A Scholar of Uyghur Studies**

Memet T. Zunun is a prominent researcher and author known for his exceptional contributions to Uyghur studies. His academic journey, characterized by a relentless pursuit of knowledge, deep cultural roots, and a diverse educational background, has allowed him to make substantial contributions to Uyghur culture, language, and history.

**Early Years and Education:**

Born and raised in Kashgar, a culturally rich city in the Uyghur Region, Memet developed a profound appreciation for his Uyghur heritage from a young age. He embarked on his educational journey by earning a Bachelor's degree in English Language and Literature from Xinjiang University, laying the foundation for his future scholarly endeavours. During this period, he immersed himself in the intricacies of Uyghur culture and society.

Memet pursued studies in Russian at Xinjiang University to further enhance his linguistic and cultural knowledge from 1994 to 1996. This step broadened his linguistic repertoire and provided him with a more comprehensive understanding of the diverse cultural landscape of the region.

**Diverse Academic Pursuits:**

Between 1997 and the end of 2000, Memet continued to pursue academic excellence. He completed a Turkish Language Course at Istanbul University's Foreign Language Department and studied for an MA in English Language Studies at the same institution. This was followed by his pursuit of an MA in International Relations and Political Science at Marmara University, expanding his academic horizons.

One of the notable milestones in Memet's academic journey was his role as a visiting MA student in Political Science and Social History of Turkey at Istanbul University. During this period, he gained valuable insights into the political and social dynamics of the region, which would later prove invaluable in his research.

In 2021, Memet achieved a Master's Degree in Turkish Studies from the renowned School of Oriental and African Studies (SOAS) at the University of London. This achievement solidified his expertise in Turkish culture, language, and politics, complementing his deep knowledge of Uyghur studies.

**Research and Scholarly Contributions:**

As a dedicated researcher, Memet has authored six notable books that significantly contribute to the literature on Uyghur studies. His works include "Chronicles of Uyghur," a comprehensive account of the historical development of the Uyghur people, "The Dictionary of Uyghur Grammar," an indispensable resource for scholars and linguists, and "The Encyclopaedia of Uyghur Tradition and Social Customs," a seminal work documenting the rich cultural heritage and social practices of the Uyghur community.

**Multilingual Expertise and Ongoing Doctoral Research:**

Memet's linguistic proficiency in Uyghur, English, Turkish, and Mandarin Chinese allows him to engage with diverse communities and bridge linguistic and cultural gaps. His knowledge of Ottoman Turkish further deepens his understanding of historical Uyghur texts and their connections to the broader Turkic world.

Currently pursuing a PhD at the University of West England, Memet continues to deepen his knowledge and contribute to the academic discourse on Uyghur studies. His doctoral research focuses on the Uyghur people, further showcasing his commitment to advancing the field.

Beyond Academia

Outside academia, Memet finds solace in exploring the outdoors, immersing himself in literature, and embarking on invigorating hikes. These activities invigorate his mind and provide fresh perspectives that fuel his academic pursuits.

Currently residing in Colchester, UK, Memet passionately advocates preserving and promoting Uyghur culture and identity. Through rigorous research, insightful writings, and unwavering dedication, he strives to illuminate the rich history of the Uyghur community and navigate the challenges it faces in contemporary society. Memet's passion, expertise, and unwavering commitment to Uyghur studies make him an invaluable asset to the academic community and an inspiring figure for scholars and enthusiasts alike.

**References (selected works):**

1. Zunun, M.T. (1995). Concise Handbook of English Grammar. Xinjiang Publishing House, Urumchi.

2. Zunun, M.T. (2012). Index of Kutdagu Bilik. Uyghur Language Studies. London.

3. Zunun, M.T. (2017). Chronicles of Uyghur: A Comprehensive Account of the Historical Development of the Uyghur People. Uyghur Language Studies. London.

4. Zunun, M.T. (2019). The Encyclopaedia of Uyghur Tradition and Social Customs: A Seminal Work Documenting the Rich Cultural Heritage and Social Practices of the Uyghur Community. Uyghur Language Studies. London.

5. Zunun, M.T. (2021). The Dictionary of Uyghur Grammar: An Indispensable Resource for Scholars and Linguists. Uyghur Language Studies. London.

6. Zunun, M.T. (2022). The Abridged Turkish Language Guide. Uyghur Language Studies. London.



# ئۇلۇغۋار غايىلىك ئىنسان ـ ساۋاقدىشىم دوكتور پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلىق

نەبىجان تۇرسۇن* (ئامېرىكا)

مىلادىيە 2023 ـ يىلى 8 ـ دېكابىر ئىستانبۇل ماتەمگە چۆمدى! ئەلۋەتتە، ماتەمگە چۆمگەنلەر تۈركىيەدە مۇھاجىرەت ھاياتىنى باشتىن كەچۈرۈپ، كېچە-كۈندۈز ئانا ۋەتىنىگە تەلپۈنۈۋاتقان ئۇيغۇرلار ئىدى. ئۇيغۇر مۇھاجىرەت دۇنياسى ئۆزىنىڭ يەنە بىر سەر خىل پەرزەنتى بىلەن خوشلىشىپ، ئۇيغۇر مۇھاجىرەت تارىخىغا يېڭى بىر قۇر قوشۇلدى. تارىخنىڭ مانا بۇ قۇرلىرىغا يېزىلغان ئوغلان دوكتور پەرھات قۇربان ئىدى.

مەن، ئۆزىنى ئانا ۋەتىنىگە ئەبەدىي باغلاش ئۈچۈن ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا « تەڭرىتاغلى» ياكى «تەڭرىتاغلىق» سۆزىنى سوپات قىلىپ تاللىغان كونا ساۋاقدىشىم، مەرھۇم دوكتور پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلىقنى «ئۇلۇغۋار غايىلىك ئىنسان» دەپ ئاتاش بىلەن خاتىرەمنى باشلايمەن. مېنىڭ ئۇنى مۇنداق ئاتىشىمدىكى سەۋەب ئۇنىڭ بۈيۈك بوۋىمىز، تۈرك ۋە ئىسلام ئالىمىنىڭ ئەڭ بۈيۈك تىلشۇناس ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نامىغا ئاتاپ « مەھمۇد كاشغەري ئۇنىۋېرسىتېتى » قۇرۇش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقانلىقى ئىدى!

كونا ساۋاقدىشىم دەپ ئاتىشىمدىكى سەۋەب ئۇنىڭ بىلەن بىرگە 1981 ـ 1985 ـ يىللىرى ئارىسىدا بېيجىڭدىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر تىلى-ئەدەبىياتى كەسپى، ئېنىقراق ئېيتقاندا تۈركىي تىللى كەسپى بويىچە ئوخشاش ئۇستازلاردىن ئوخشاش دەرس ئالغانلىقىمدىن ئىدى.

8 ـدېكابىر كۈنى پىراگا، ئىستانبۇل، ئەنقەرەلەردىكى ئىلمىي ۋە دوستلۇق زىيارەت سەپەرلىرىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ۋاشىنگتونغا قايتىشقا ئاتلىنىش ئالدىدا ئوخشاشلا كونا ساۋاقداشلاردىن بىرى پىروفېسسور ئەركىن ئەمەتتىن پەرھات قۇربانىنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ چوڭقۇر قايغۇردۇم. ئەسلىدە ئىستانبۇلغا كېلىپلا ئۇنى يوقلاشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ خانىمى ۋە ساۋاقدىشىمىز گۈلزادەگە تېلېفون قىلغانىدىم، لېكىن گۈلزادە خانىم پەرھاتنىڭ ئېغىر ھالدا ياتقانلىقىنى خەۋەر قىلغانىدى. ئامال قانچە؟ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇش ھەربىر بەندىنىڭ بېشىغا كېلىدۇ.




تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزىگە «تەڭرىداغلى» يەنى، « تەڭرىتاغلىق» ئىسمىنى فامىلە نامى قىلىپ

* تارىخ پەنلىرى دوكتورى



تاللىغان پەرھات 1980 - يىللاردا بىز بىرگە ئوقۇپ يۈرگەندە پەرھات قۇربان دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇ، 1980 - 1984 - يىللىرى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ( ھازىرقى ئۇنىۋېرسىتېتى) دا ئۇيغۇرلارنىڭ پەخىرلىك ئوغلى، خانىمى گۈلزادە بولسا پەخىرلىك گۈلى سۈپىتىدە تونۇلغانىدى. مەزكۇر مەكتەپتىكى ئۇيغۇر، تىبەت، موڭغۇل، كورىيان، جۇاڭ قاتارلىق ئاساسلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 50 تىن ئارتۇق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەر قېتىملىق سەنئەت پائالىيەتلىرىدە قارا بۇرۇتلۇق، بۆدۈر چاچلىق پەرھات سۇمبۇل چاچلىق گۈلزادە بىلەن دۇتار ياكى راۋابنى كۆتۈرۈپ سەھنىگە كۆتۈرۈلگەندە بىر يېرىم مىڭ كىشىلىك زال گۈلدۈراس ئالقىشلارنى ياغدۇراتتى. پەرھاتنىڭ ئېيتقان « سەرگەردان» فىلىمىنىڭ ناخشىسى زىلزىلە قوزغايتتى. داپچى مەمتىمىننىڭ دېپىغا جور بولغان پەرھاتنىڭ ناخشىلىرى، گۈلزادەمنىڭ ئۇسۇللىرى ھەممىنى تەۋرىتەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇ تالانتلىرى بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئالدىدا ئۇيغۇرنىڭ يۈزىنى كۆتۈرگەنىدى!

پەرھات قۇربان بىلەن بىرلىكتە 1983 - 1984 - يىلى ئارىسىدا « ئۈمىد يۇلتۇزلىرى» نامىدا بىر ئەدەبىيات كۇرۇژۇكى قۇرغانىدۇق. ئۇ، كۇرۇژۇكنىڭ ئاكتىپ تەشەببۇسكارلىرىدىن ئىدى. نەچچە قېتىملاپ مىللىي شېئىرىيەت ۋە نۇتۇق سۆزلەش مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزدۇق. بۇ ئىلمىي ۋە ئەدەبىي پائالىيەتلىرىمىزدە مەن تۇنجى قېتىم 1944 - 1949 - يىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى ۋە جۇمھۇرىيىتى ھەققىدە 2 سائەتكە يېقىن نۇتۇق سۆزلىگەنىدىم. مانا بۇ پائالىيەتلەرگە مەكتەپتىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ۋە مۇئەللىملەر، بىلىم ئاشۇرۇشقا ۋە كادىرلار سىنىپىغا كەلگەنلەرنىمۇ چاقىرىپ ئۇلارنىمۇ ھاياجانغا سالغانىدۇق. ئەلۋەتتە بۇ، ئاجايىپ يۈكسەك غايىلەرنى كۆڭلىمىزگە پۈككەن رومانتىك دەۋرلەر ئىدى.

1984 - يىلى پەرھات قۇربان ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بېيجىڭدا خىزمەت قىلىپ قالدى، بىر قانچە يىلدىن كېيىن، يەنى 1987 - يىلى چەتئەلگە ئوقۇشقا چىقىپ كەتتى. مەنمۇ 1985 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا تەقسىم قىلىنىپ، 5 يىلدىن كېيىن، 1990 -يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنىپ چەتئەل ھاياتىمنى باشلىدىم. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن پەرھات قۇربان بىلەن كۆپ يىللار كۆرۈشەلمەي، پەقەت 2015 - يىلى تۈركىيەدە قايتا كۆرۈشۈش ۋە سۆزلىشىش ئىمكانىيىتى بولدى. ئەنە شۇنىڭدىن بۇيان ئالاقەلىرىمىز داۋاملاشماقتا ئىدى.



پەرھات قۇربان 1980 - يىللاردىن تاكى يېقىنغىچە بولغان ئارىلىقتا شەرقىي تۈركىستاندىن تۈركىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن تەخمىنەن 10 مىڭ دەپ پەرەز قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدىن



يېتىشىپ چىققان تەخمىنەن 40 ئەتراپىدىكى دوكتورنىڭ سەرخىللىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ 40 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە تۈركىيە زور ساندىكى ئۇيغۇرنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدىن ئاران پىروفېسسور دوكتور ئالىمجان ئىنايەت، پىروفېسسور دوكتور ئەركىن ئەمەت، دوتسېنت دوكتور ئەركىن ئەكرەم قاتارلىق




2 - 3 پىروفېسسور دوكتور، ئون نەچچە دوتسېنت ۋە ياردەمچى دوتسېنت دوكتورنىڭ چىققانلىقى ئېچىنىشلىق ئەھۋال بولسىمۇ، ئەمما دوكتور پەرھات قۇربان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلىرى بىلەن تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرى ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئۇرنىنى كۆتۈرۈشتىكى تۆھپىكارلىقى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ.

1980 - 1990 - يىللاردا تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي سىياسىي دەۋا پائالىيەتلىرىدىكى ئاكتىپلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە كۆڭلىگە يۈكسەك غايىلەرنى پۈككەن پەرھات قۇربان مىللىي ئىقتىسادىي ئىگىلىك ساھىبى بولماي تۇرۇپ ئۆزىنى تىكلەش ۋە غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئىگىلىك تىكلەشكە كىرىشىپ دەسلەپتە مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازانغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسلى كەسپىدىن يىراق بولغان مەزكۇر رەھىمسىز سودا-رىقابەتچىلىك كۈرىشىدە يەنىلا زور زىيانغا ئۇچرىغانىدى. لېكىن دوكتور پەرھات قۇربان ئۈمىدسىزلەنمەستىن پۈتۈن كۈچىنى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى، بولۇپمۇ خىتاي ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ تۈزۈلمىسى، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي قۇرۇلمىسى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارغا قاراتتى شۇنىڭدەك تۈركىيە سىياسەت سەھنىسىگە چىقىشقا ئىنتىلدى.

ئۇنىڭ دادىللىقى ۋە جەڭگىۋارلىقى شۇكى ئۇ تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر دىئاسپوراسى ئىچىدە تۇنجىلاردىن بولۇپ، تۈركىيە پارلامېنتىغا ئەزا بولۇش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلدى. ئۇ، ئىككى قېتىم تۈركىيەدىكى ھاكىمىيەتتىكى پارتىيەنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ پارلامېنت ئەزاسى بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنى نامزات كۆرسىتىپ، سايلام رايونلىرىدا ئۆز نامزاتىنىڭ ئاۋازغا ئېرىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە مەيدانغا چۈشتى.

گەرچە، ئۇنىڭ نامزاتلىقى يېتەرلىك ئاۋازغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى،

KAŞGARLI MAHMUD ÜNİVERSİTESİ
MAHMUD KASHGARI UNIVERSITY
2023
EĞİTİM VAKFI
EDUCATION FOUNDATION

**KAŞGARLI MAHMUD ÜNİVERSİTESİ VE EĞİTİM VAKFI**

**MAHMUD KASHGARI UNIVERSITY AND EDUCATION FOUNDATION**

**مەھمۇد كاشغەرىي ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە مائارىپ ۋەقپى**




ئىگىلىمەس روھى ۋە ئىنتىلىشىنى ئىپادە قىلغانىدى. ئەگەر خاتالاشمىسام، ئۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن سىرتقى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇنجى قېتىم ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ پارلامېنت ئەزاسى بولۇش ئۈچۈن مەيدانغا چىققان ئۇيغۇر ئىدى. بۇ ھەم تارىخىي باشلىنىش ئەھمىيىتىگە ئىگە ئىدى!

دوكتور پەرھات قۇربان بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە تۈركىيەدىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا سىياسىي ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى ۋە تېلېۋىزىيە ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك مەتبۇئاتلاردىكى مۇھاكىمىلەرگە قاتنىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلىرىنى تونۇتتى ھەمدە ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.



ئۇ، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنى كۈچەيتىش ۋە تېخىمۇ سىستېمىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ھەر خىل يېڭى پىكىر ۋە تەشەببۇسلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، باشتا ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ باش كاتىپلىقىغا، ئارقىدىن ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ۋەخپىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى شۇنىڭدەك يەنە «خىتاي تەتقىقات ئىنستىتۇتى» قۇرۇپ، مەزكۇر ئىنستىتۇت نامىدا بىر قانچە قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئاچتى.

دوكتور پەرھات قۇربان تېخىمۇ زور ۋە ئۇلۇغ غايە پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىققان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ «مەھمۇد كاشغەرىي ئۇنىۋېرسىتېتى» قۇرۇپ چىقىپ، بۇ تۈركىيەدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇرۇش ئىدى.

2022 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىستانبۇلدا پەرھات قۇربان بىلەن بىرلىكتە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن پائالىيەتتە بىرگە بولغانىدۇق.



ئارقىدىن ئۇ ئىستانبۇلدا مەن ئۆچۈن ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي ۋە تون كىيدۈرۈش مۇراسىمىدا نۇتۇق سۆزلەپ، ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتلىرىمغا يۇقىرى باھا ۋە ئىلھاملار بەرگەن ھەمدە كىتابنى تۈركچە نەشر قىلىش كېرەكلىكىگە ئائىت ئوي-پىكىرلىرىنى بىلدۈرگەنىدى.



شۇ كۈنلەردە ئۇ ۋە گۈلزادە خانىم مېنى مېھمانغا چاقىردى ۋە ئۇزۇن بىرگە ئولتۇرۇپ ياشلىق ۋە ئوقۇغۇچىلىق دەۋرلىرىمىزنى ئەسلىدۇق ھەمدە مىللىتىمىزنىڭ قىسمەتلىرى ھەققىدە پىكىرلەشتۇق.

مانا شۇ كۈنى دوكتور پەرھات قۇربان ئۆز قولى بىلەن ماڭا ئۆزىنىڭ كېچە-كۈندۈز جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق يېزىپ چىقىپ تۈركچە نەشر قىلدۇرغان «ختاي چۈشى»، «ختاينىڭ ‹بىر بەلۋاغ بىر يول› رېئاللىقى ۋە تۈرك دۇنياسى»، «يېڭى ختاي» قاتارلىق كىتابلىرىنى ئىمزا قويۇپ خاتىرە قىلغانىدى. مانا بۇ كىتابلار ئۇنىڭ ماڭا ۋە خەلقىمىزگە، جۈملىدىن تۈركىيە ئىلىم ساھەسىگە قالدۇرغان قىممەتلىك يالدامىسى ئىدى. بۇ كىتابلارنىڭ تۈرك زىيالىيلىرى ۋە ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ختاي ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە ختاينىڭ ماھىيىتىنى بىلىشىدە مۇھىم رول ئوينىشى مۇقەررەر.



Dr. Ferhat Kurban TANRIDAĞLİ
60.Yaş gününde, 12.04.2022, İstanbul



# شىرىن ۋەتەنىنىڭ پەرھاتى كەتتى

ئابدۇۋەلى ئايۇپ (نورۋېگىيە)



بۈگۈن قارا كۈن بولدى. قىشنىڭ جۇدۇنى، جۇدالىقنىڭ دەرردى جانلارنى مۇزلاتتى، پەرھاتكامنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈم خەۋىرى مېنى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت تەمتىرىتىپ قويدى. نېمە دەيمەن، نېمە قىلىمەن، دوستۇم مۇتەللىپكە تەزىيە ئېيتىپ، تەسەللى بېرىپ تېلىفون قىلىمەنمۇ، ئۇنىڭغا جانىجان ئاكىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزەلەيمەنمۇ، ئاۋازىم بوغۇلماي، تىلىم كالۋالاشماي، ئۆپكەم ئۆرۈلمەي بۇ شۇم خەۋەرنى يەتكۈزەلەيمەنمۇ بىلمەيمەن.

پەرھاتكام دوستۇم مۇتەللىپ قۇرباننىڭ ئاكىسى، مېنىڭ ئاكا دوستۇم ئىدى. بىزنىڭ يېتەلمەيدىغان مەنزىلىمىز ئىدى. ئاكىمىز يەنە بىزدىن ئۇزاپ كەتتى. بۇ نۆۋەت چەتكە ئەمەس، غالىبىيەتكە ئەمەس، كەلمەسكە كەتتى.

پەرھاتكام مېنى ئىنىسىدەك كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئىنىسى مۇتەللىپ بىلەن مەن زاكا ئاغىنىلەر ئىدۇق. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلاردا مۇتەللىپ بىلەن پەرھاتكامدەك بولۇش، ئۇنىڭدەك چەتلەردە ئوقۇش، ئۇنىڭغا ئوخشاش باشلامچىلاردىن بولۇشقا ئىنتىلەتتۇق.

پەرھاتكامنىڭ نامى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەشھۇر ئىدى. ئۇ سىزغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ پورتېرىتى ئۇيغۇر تىل ئەدەبىياتى بۆلۈمى جايلاشقان پىنھان ئىشخانادا ھەممەيلەننى سىناپ تۇراتتى، رەسىم خۇددى تىرىكتەك بىزنىڭ ئۇيغۇرلۇققا ئۇيغۇن يولىمىزنى، ئۇتۇق ۋە ئۇتتۇرۇقلارنى ساناپ تۇراتتى.

پەرھاتكامنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ئۆگىنىش ئۇسۇلى بىزگە ئۈلگە ئىدى. ئۇنىڭ تەرىپى، سۆزى، تەلىمى ئارىمىزدا داۋاملىق پارات تېمىسى ئىدى، ئۇنىڭ تۈركىيەدىكى كۈرەشچان هاياتى بىزگە ئىلهام ئىدى، كەلگۈسى هاياتىمىزنىڭ خەرىتىسى ئىدى.



پەرھاكام مۇشۇ پورتېرىتقا ئوخشىتىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئەينەن سىزغان ئىدى، ئەپسۇس ئۇ ئەسەرنى تاپالمىدىم

پەرھاتكام بىلەن 2015 - يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئەسرار بولدۇق. ئەزەلدىن بىلىشكەچكە ئېچىكىپ كەتتۇق. ئىستانبۇلدا تولا كۆچۈپ مۇساپىر بولغاندا پات پات مۇڭدىشىپ تۇردۇق. ئۇنىڭ چاپادا ئاچقان ئىشخاناسى مېنىڭمۇ ئىشخانام بولدى. ئۇ يەردە كىتاپلارنى يازدىم، ماقالەلەرنى پۈتكۈزدۈم. پەرھاتكام ھېچ قاچان يالغۇز قويمىدى، ھەر بىر كىتابىمنىڭ ئىسمىدىن تارتىپ مەزمۇنىغا قەدەر مەسلىھەتلەرنى بېرىپ تۇردى.

پەرھاتكام ئەقىدە قىلغان كىشىگە، ئىشىغا سادىق ئىدى. ئۇ باتۇر ئەجدادىغا، شانلىق تارىخىغا، مەرىپەتلىك ئۆتمۈشىمىزگە ھەر زامان مەسئۇل ئىدى، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەيتتى. قىلىپ بېرەي دېگەن ئىشىنى ۋايىغا




يەتكۈزۈپ قىلالتتى. ئۇ «ئۇيغۇر بۇلاق» دېگەن كىتابىنى چىققاندا تەبىرىكلىدى، ئەمما كىتاپتا بىر ئوبرازنىڭ كەم بولۇپ قالغانلىقىنى قەيت قىلدى. ئۇنىڭچە ئۇ ئوبراز ئوغۇزخان ئىدى. مېنىڭ رەسسام تاپالمىغانلىقىمدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، «توختاڭ! مەن سىناپ باقاي!» دەپ يوقاپ كەتتى.



بىرەر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن پەرھاتكامدىن بىر رەسىمنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇ مەن يارىتىپ بولالمىغان ئوغۇزخاننىڭ پورترېتى ئىدى. پەرھاتكامنىڭ ئوتتۇر نەچچە يىللار بۇرۇن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ رەسىمىنى سىزغانلىقىنى بىلسەممۇ، ئەمما ئېنىقكى ئۇ كەسپىي رەسسام ئەمەس ئىدى، ھالبۇكى ئەقىدە قىلغان قەھرىمانى ئوغۇزخان ئۈچۈن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۈچۈن ئۇ رەسسام بولدى. شۇنداق، ئۇ ئەقىدە قىلغان ئىشىغا جان تىكىدىغان، توغرا دەپ قارىغان يولدا تەنها قالسىمۇ يانمايدىغان كىشى ئىدى.




پەرھاتكام كەتتى، ئۆزى سۆيگەن سەپداشلىرىنى داغدا قويۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كىتابى، قىلغان خىزمەتلىرى، قۇرغان تەشكىلاتلىرى ئۇنى ياشلىق كۆزلەر بىلەن ئۇزۇتۇپ قويدى.

مۇڭداش ئاكام، پىداكارىم پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلى ئارىمىزدىن ئۇزاپ كەتتى، شېرىن ۋەتەنگە ئۇلاشماي ئۆلۈمگە ئۇلاشتى، قەشقەرگە غەلىبە بىلەن كەتمەي، كۆك بايراق بىلەن كەتمەي ۋاپات بولۇپ كەتتى، بەرگەن ۋەدىسى، تىككەن كۆچەتلىرىنى، قىلماقچى بولغان پىلانلىرىنى ئامانەت قويۇپ كەتتى.

# 2019 - يىلى ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن، پەرھاتكام ۋە ئايالى گۈلزادە خانىم تەشكىللىشىدە ئۆتكۈزۈلگەن نورۇز بايرىمىدىن كۆرۈنۈشلەر















Cheerup

















# تۆھپىكار ئۇيغۇر زىيالىيسى دوكتور پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلى ئالەمدىن ئۆتتى*

ئەركىن تارىم (تۈركىيە)

1987 - يىلى تۈركىيەگە كېلىپ ماگىستىر ۋە دوكتورلۇقتا ئوقۇغان تۆھپىكار ئۇيغۇر زىيالىيسى پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلى ئەپەندى 12 -ئاينىڭ 8 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى، تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى، مەرھۇمنىڭ ئۇيغۇر ۋە تۈرك دوستلىرى ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئارقىلىق باياناات ئېلان قىلدى. مەزكۇر باياناتلاردا: «پىداكار مىللىي كۈرەشچىمىز، دوكتور پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلىنىڭ كېسەللىك سەۋەبىدىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئازابلاندۇق، قايغۇردۇق. ئۇنىڭ ۋاپاتى شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن زور بىر يوقىتىش بولدى. ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، ياتقان جايى جەننەتتە بولسۇن، ئائىلىسىگە، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا، دوست-بۇرادەرلىرىگە سەۋر تىلەيمىز! » دېيىلگەن.

1987 - يىلىدىن تارتىپ تۈركىيەدە ئوقۇش، تىجارەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان دوكتور پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلى ئەپەندىنىڭ، 36 يىلدىن بۇيان 5 كىتابى، كۆپلىگەن ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغانىدى.

بىز مەرھۇمنىڭ هاياتى توغرىسىدا تېخىمۇ تەپسىلىي مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن ئىزمىردىكى ئەگە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ئالىمجان ئىنايەت بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردۇق. ئۇ مۇنداق دېدى: «پەرھات قۇربان مېنىڭ ساۋاقدىشىم، بىز بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىرلىكتە ئوقۇغان. پەرھات قۇربان بىزنىڭ سىنىپ باشلىقىمىز ئىدى. ئۇ ئاكتىپ تەشكىلاتچى ئىدى، سەنئەتتە بەكلا تالانتلىق ئىدى. 1984-يىلى مەكتەپ پۈتتۈرگەندە پەرھات قۇربان بېيجىڭدىكى خىتاي ئىسلام جەمئىيىتىگە، مەن مىللەتلەر نەشرىياتىغا تەقسىم قىلىنغان ئىدۇق. 1987 - يىلى پەرھات قۇربان بىلەن يولدىشى گۈلزادە تۈركىيەگە ئوقۇشقا چىقتى. دوستۇم پەرھاتنىڭ يول مېڭىشى بىلەن مەن 1989 -يىلى تۈركىيەگە ئوقۇشقا كەلدىم. ئۇ ئىستانبۇل مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتىدا، مەن ئىزمىردە ئوقۇغان ئىدىم. »

ئالىمجان ئىنايەت ئەپەندى پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلىنىڭ

---

* بۇ ئەسەر ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى مۇخبىرى ئەركىن تارىم تەرىپىدىن 8 - دېكابىردا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، سۈرەتلەر تەھرىراتىمىز تەرىپىدىن كىرگۈزۈلدى.



ئۇيغۇر مەدەنىيەت سەنئىتىنى تۈركىيە ۋە ياۋروپادا تونۇتۇشقا زور تۆھپە قوشقانلىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «ئوقۇش جەريانىدا پەرھات قۇربان ئايالى گۈلزادە خانىم بىلەن سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇپ، تۈركىيەدە ۋە ياۋروپادا ئۇيغۇر سەنئىتىنى ۋە مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى ۋە بۇ جەھەتتە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. تۈركىيە ساياھەت ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى. كېيىن پەرھات قۇربان ئەپەندى تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى، مەن ئىزمىردە مەكتەپتە قالدىم. »

ئالىمجان ئىنايەت ئەپەندى دوكتور پەرھات قۇربان تەۋرىتاغلىنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا قوشقان تۆھپىسىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «كېيىنكى يىللاردا پەرھات تىجارەتنى تاشلاپ پۈتۈن كۈچىنى شەرقىي تۈركىستان مىللىي كۈرىشىگە ئاتىدى. ئىككى قېتىم تۈركىيە پارلامېنت ئەزالىق سايلىمىدا پارلامېنت ئەزاسى نامزاتى بولدى. گەرچە پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ سايلىنالمىغان بولسىمۇ بۇ جەرياندا شەرقىي تۈركىستاننى تونۇتۇش، جامائەت پىكرى توپلاش جەھەتتە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى ۋە بۇ پائالىيەتلىرى بىلەن تۈركىيەدە تونۇلدى. ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ۋەخپىسى رەئىسى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن تېخىمۇ پائالىيەتچان بولۇپ كەتتى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش بىلەن بىرلىكتە 5 كىتاب يازدى. كىتابلىرىدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان رەزىل سىياسەتلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەردى. خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە قاراتقان يامان غەرىزىنى كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى پاش قىلدى. كىتابلىرى تۈركىيەدە زور ئالقىشقا ئېرىشتى. »

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق رەئىسى ئەركىن ئالىپتېكىن ئەپەندى، مەرھۇم پەرھات قۇربان بىلەن 1987 - يىلى تونۇشقانلىقىنى، پەرھات قۇربان بىلەن ئايالىنىڭ مەرھۇم لىدىرىمىز ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ خىزمىتىدە بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ۋاپاتىنىڭ چەتئەلدىكى ئۇيغۇر دەۋاسى ئۈچۈن يوقىتىش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

دوكتور پەرھات قۇربان تەۋرىتاغلى 2018 -يىلىدىن 2021 -يىلىغىچە ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ باش كاتىپى، 2021 -يىلىدىن 2023-يىلى 7-ئايغىچە ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ۋەخپىسىنىڭ رەئىسى، ھەمدە ئاكادېمىيەنىڭ تارمىقىدىكى خىتاي تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەنىدى. بۇ ۋەزىپىلىرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ كىتاب ۋە ماقالە يېزىش، ئۇيغۇر سەنئىتىنى تونۇتۇش پائالىيەتلىرىنى ئاكتىپ ئېلىپ بېرىۋاتاتتى.

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى باش كاتىپى ئابدۇلھەمىد قاراخان ئەپەندى بۇ ھەقتە زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، دوكتور پەرھات قۇربان تەۋرىتاغلى ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ۋە ۋەخپىنىڭ كۈچىيىشىگە زور تۆھپە قوشقانلىقىنى، ئۇنىڭ ۋاپاتىنىڭ ئۇيغۇر دەۋاسى ئۈچۈن زور بىر يوقىتىش بولغانلىقىنى تەكىتلىدى.

دوكتور پەرھات قۇربان تەۋرىتاغلى 1962 -يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى قەشقەردە پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1980 -يىلىدىن 1984 -يىلىغىچە بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى كەسپىدە ئوقۇغان. ئۇ بېيجىڭدىكى خىتاي ئىسلام جەمئىيىتىدە بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن 1987 -يىلى تۈركىيەگە كېلىپ، مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنىستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن؛ 1991 -يىل تۈركىيە پۇقراسى بولغان؛ كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە تىلشۇناسلىق ساھەسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. كېيىن مۇستەقىل تەتقىقاتچى بولۇپ، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىدى.

ئۇنىڭ «خىتاي چۈشى»، «خىتاينىڭ ‹بىر بەلۋاغ بىر يول› رېئاللىقى ۋە تۈرك دۇنياسى»، «خىتايدىن ئاشكارىلانغان لاگېر ھۆججەتلىرى: قارىقاش تىزىملىكى» ، «خىتاينىڭ غەربىي رايون نەزەرىيەسى»، «يېڭى خىتاي» قاتارلىق كىتابلىرى تۈركىيەدە نەشر قىلىنىپ، تۈركىيەدىكى ئەڭ چوڭ كىتاب سېتىش تورى بولغان «كىتاب يۇرتى» دا ئالقىشلىق كىتابلار قاتارىغا كىرگەن؛ شۇنداقلا بۇ كىتابلار تۈركىيە خەلقىنىڭ خىتاينى چۈشىنىشىدە، ئۇيغۇر مەسىلىسىگە دىققەت ئاغدۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

# دوكتور پەرھات قۇربانىنىڭ ھاياتىدىن بەزى خاتىرىلەر















İSTANBUL TÜYAP
38. Kitap Fuarı
İMZA
FERHAT KURBAN TANRIDAĞLI
2 KASIM CUMARTESİ
SAAT: 14.00
YER: SALON NO: 4
STAND NO: 4140
çınaraltı yayınları




BULGARİSTAN TÜRKLERİ


























TRT






YTB




Uygur Medeniyeti
Araştırmaları Kongresi




TRT




ROW 43
1
ABDULHEKIM BAKI ILTEBIR
OCT. 2. 1949
AUG. 8. 2019

# خەلق ئۆچۈن يانغان يۈرەك

(ھېكايە)

ئە. ئازات

ھەپتىدە بىر قىلىدىغان ئۆيگە كېرەكلىك سودا - سېتىقلىرىمنى تۈگىتىپ، ئايالىمنىڭ ئوخشۇتۇپ دەملەپ بەرگەن قەھۋەسىنى ئىچكەچ ،ھويلامدىكى ئىككى يىل بۇرۇن ئۆز قولۇم بىلەن ئىككى ھەپتە ۋاقىت سەرپ قىلىپ ياساپ پۈتتۈرگەن نەقىشلىك شىپاڭدىكى ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتىم.

كۆك ئاسماندىكى ھەر خىل شەكىلدە ئۈزگىرىۋاتقان ئاپپاق بۇلۇتلار شەرققە قاراپ ئاستا سۈرۈلمەكتە ئىدى. قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى، قايسى بىر قوشنىمىزنىڭ قورۇسىدىكى ئوت چۆپلەرنى كېسىۋاتقان ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى... ئوقۇۋاتقان كىتابىمنىڭ مەزمۇنى بىلەن قوشۇلۇپ كېتىپ باراتتى.

– ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاۋازدىن كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىسام، تېخى يېقىندىلا بىزگە قوشنا بولۇپ كۆچۈپ كەلگەن ئۇششاق تىجارەتچى قوشنىمىز ئابدۇللا ئاكا ئىكەن. مەن ئالدىراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ يېشى ئاتمىشلارغا ئۇلۇشۇپ قالغان بولسىمۇ بىر قاراشتا ياش كۆرۈنىدىغان ئېگىز بويلۇق، قاڭشارلىق ئابدۇللا ئاكىغا سالام بەرگەچ ئۆيگە تەكلىپ قىلىۋىدىم:

– مۇشۇ يەر سالقىنكەن،بولدى مۇشۇ يەردىلا ئولتۇرمايمىزمۇ، – دەپ ئۆيگە كىرىشكە ئۇنىمىدى.

ئايالىم ئالدىراپ چىقىپ ئابدۇللا ئاكىغا سالام بەرگەندىن كېيىن ھەش-پەش دېگۈچە ئاپپاق داستىخان يېپىلغان ئۈستەل ئۈستىنى ھەر خىل نازۇ - نېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى.

ئابدۇللا ئاكا دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن:

– ئايالىم سودا ئىشى بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەن، ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئىچىم پۇشۇپ ئاز- تولا مۇڭدىشايلىمىكىن دەپ كىرىشىم ئىدى، تۇيۇقسىز كىرىپ ئارامىڭلارنى بۇزۇپ قويمىغاندۇرمەن؟ – دېدى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

– ياقاي ئابدۇللا ئاكا، بۈگۈن سەل بىكار بولۇپ قاپتىكەنمەن شۇڭا ئارام ئالغاچ كىتاب ۋاراقلاپ ئولتۇرۇشۇم.

ئابدۇللا ئاكا باياتىن بېرىپ ئوقۇپ مېھمان كىرگەندىن كېيىن ئۈستەلنىڭ بىر يېنىغا قويۇپ قويغان كىتابىمنى كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلىپ:

– نېمە كىتاب ئۇ؟ – دەپ سورىدى.

– « لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى» دېگەن كىتاب.

– لۇتپۇللا مۇتەللىپ؟!_ دېدى ئابدۇللا ئاكا بىر نەرسە تۇيۇقسىز ئېسىگە كەلگەندەك ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ، – ئەيىبكە بۇيرىمىغايلا ئۇكام، راست گەپنى ئېيتسام مەن بىر قارا قورساق ئادەممەن. ئېسىمنى بىلسەم دادام تۈگەپ كەتكەن ئىكەن، مەن ئۆيىمىزدە بىردىن بىر ئوغۇل بالا بولغاچقا كىچىكىمدىن تارتىپلا ئاپامغا ياردەملىشىپ ئېتىزدا ئورما ئوروپ، ئوتۇن تېرىپ، مال بېقىش بىلەن بولدۇم. يېشىم سەل چوڭايغاندىن كېيىن ئۆيىمىزنىڭ يۈكىنى يەنىمۇ يەڭگىللىتىش ۋە سىڭىللىرىمنى مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئانچە- مۇنچە ئۇششاق تىجارەت بىلەن ئۇيان- بۇيان چېپىپ يۈرۈپ ئوقۇشسىز قالغان مەن. ئەمما سودا قىلىش جەريانىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ توغرىسىدا ھەر خىل كىشىلەر ئاغزىدىن ھەر خىل ئاڭلىدىم، بەزىلىرى ئۇ كىشىنى(لۇتپۇللا مۇتەللىپنى) سودىگەر دەيدۇ، يەنە بەزىلىرى ناخشىچى دەيدۇ. راست گەپنى ئېيتسام لۇتپۇللا مۇتەللىپ دېگەن كىشى توغرىسىدا تازا ئېنىق بىلىپ كەتمەيدىكەنمەن. ئۆزلىرى ئوقۇغان ئالىم كىشى بولغاندىكىن ئەگەر بۈگۈن ۋاقىتلىرى بولسا ئاشۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپ دېگەن كىشىنىڭ زادى نېمىش قىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىر سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا ئۇكام، سىلىنىڭ ئۆز ئاغزىلىرىدىن بىر ئاڭلاي_، دېدى. بىر تال تاماكىسىنى ئېغىزىغا سېلىپ ئوت تۇتاشتۇرغاچ.

مەن دەسلەپتە يېشى ئاتمىشقا يەتكىچە شۇنچە ئۇزۇن يىل ئۇيغۇر جامائىتى ئارىسىدا ياشاپ تۇرۇقلۇق ئۆتكۈر شېئىر- غەزەللىرى بىلەن تىللاردا داستان بولۇۋاتقان ئوت يۈرەك شائىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپ توغرىسىدا ئازراقمۇ تونۇشقا ئىگە ئەمەسلىكىدىن رەنجىدىم كېيىن بىر ساۋاقدىشىمدىن، ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان داڭدار كىشىلىرىمىزدىن بىرسىنىڭ قايسى بىر چوڭ سورۇندا « لۇتپۇللا مۇتەللىپ كىمىۇ؟» دېگەن سوئالغا « لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇرۇن ئۆتكەن ئاشىق مەشۇقلىرىمىزنىڭ بىرسى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دېگىنىنى ئاڭلىغاچقا، كۆز ئالدىمدىكى بۇ ساۋاتسىز بىچارە تاغىمىز بىلمىسىمۇ بىلمەيدىغاندۇ دېگەن ئويغا كېلىپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە مۇنداق بايان قىلىپ بەردىم.

«– بۇ يىل يەنى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئۆزىنىڭ 23 يىللىق ھاياتىدا ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئۆچمەس ئەسەرلەرنى ياراتقان ئوت يۈرەك شائىرىمىز، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان ئوغلانى لۇتپۇللا مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىغا نەق 100 يىل بولىدۇ.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1922 - يىلى 11 - ئاينىڭ 16 -كۈنى ھازىرقى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ئوبلاستى چۈنچى يېزىسى ساي بويى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان ئىكەن.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 9 ياشقا كىرگەن يىلى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ئىلىغا كۆچۈپ كېلىپ نىلقا ناھىيەسىنىڭ دۆربىلجىن مەھەللىسىگە ئورۇنلىشىدىكەن. ئۇنىڭ دادىسى ھېزىماخۇن، ئوقۇمۇشلۇق موللا كىشى بولغاچقا باللىرىنىڭ تەربىيەسىگە سەل قارىماي لۇتپۇللا مۇتەللىپنى غۇلجا شەھىرىدىكى تاتار باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇشقا بېرىدىكەن. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ناھايىتىمۇ زېرەك تىرىشچان بالا بولغاچقا ئۆزىنىڭ چېچەنلىكى ۋە ئۆتكۈرلۈكى بىلەن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ.

1936 - يىلى لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ داۋاملىق ئوقۇش ئارزۇسىدا غۇلجىدىكى رۇس گىمنازىيىسىگە ( ئوتتۇرا مەكتەپ) ئوقۇشقا كىرىدىكەن. ئۇ بۇ جەرياندا تاتارچە، رۇسچە تىللارنى پۇختىلاپ ئۆگىنىپ، ئابدۇللا توقاي، پۇشكىن، گوركىيلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ، ئەدەبىياتقا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپتۇ. ئۇ 15 يېشىدا «ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلغان تۇنجى ئەسىرى «دېھقىنىمغا » دېگەن شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا قەدەم قويۇپ،شېئىر، نەسر، دىراما، ماقالىلەرنى يېزىشقا باشلاپتۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «مۇھەببەت ۋە نەپرەت»، «يىللارغا جاۋاب»، «يۇلغۇنلۇقتا»، «خىيالچان تىلەك»، «چىمەنگۈل»، «چىن مودەن»، «پادىشاھ ساموراپلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ»، «ئەجەل ھودۇقۇشىدا» ... قاتارلىق شېئىر، فېلىيەتون، ئوپېرا، دىرامىلىرى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا زور تەسىر قوزغايدىكەن.

1941 - يىلىغا كەلگەندە لۇتپۇللا مۇتەللىپ «شىنجاڭ گېزىتى» غا ئورۇنلىشىپ، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە چۈشىدىكەن. ئۇ گېزىتخانىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىكى ئىلغار ئىدىيەلىك ياشلارنى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرىدىكەن ۋە شىنجاڭ گېزىتىنى ئىلغار ئىدىيەلەرنى تەشۋىق قىلىدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇدىكەن. بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى لۇتپۇللا مۇتەللىپنى «خەتەرلىك ئۇچقۇن» دەپ قاراپ ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدىكى تەسىرىنى يوق قىلىش ئۈچۈن 1944 - يىلى «ئاقسۇ گېزىتى» ئىدارىسىگە يۆتكىۋېتىدىكەن. ئۇ ئاقسۇغا كېلىپ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئاقسۇدىكى ئىلغار ئىدىيەلىك زىيالىيلارنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرىدىكەن. شۇ يىللىرى پۈتۈن شەھەر گومىنداڭنىڭ ئىشپىيون، پايلاقچىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەچكە لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنى «قاينام ئۆركىشى»، «لۇتۇن»، «سەنئەت خۇمارى» قاتارلىق ئىسىم، تەخەللۇسلارنى ئىشلىتىپ نۇرغۇن جەڭگىۋار شېئىرلارنى يازىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ چېچىنى ياسىتىۋېتىپ، ساتىراش بوۋاينىڭ ئېيتقان خەلق ناخشىسىنى ئاڭلاپ، «مانا بۇ ھەقىقىي غەزەل، ئەجدادلىرىمىز ئۆز تۇرمۇشىدىن بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن غەزەل! » دەپ بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىكار بولسىلا ساتىراش بوۋاينىڭ يېنىغا بېرىپ ناخشىسىنى ئاڭلىغاچ، خاتىرە قالدۇرۇپ نۇرغۇنلىغان خەلق ناخشىلىرىنى توپلىغان ئىكەن ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇيغۇر خەلق داستانى «غېرىب - سەنەم» نى تارىخى دىراما قىلىپ ئىشلەپ، ئۆزى غېرىبنىڭ رولىنى ئالغان ئىكەن.

1944 - يىلى ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرىدىكەن. لۇتپۇللا مۇتەللىپ دەرھال مۇنىردىن خوجا، بىلال ئەزىزى قاتارلىقلار بىلەن بىللە گومىنداڭغا قارشى «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنى قۇرۇپ « ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» ئەزالىرى بىلەن خەلقنى قوزغۇتۇپ ئىچكى جەھەتتىن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىگە ماسلىشىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا « ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى » ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان ئىشپىيون، غالچىلار تەرىپىدىن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قىلماقچى بولۇۋاتقان ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ ساقچى ئىدارىسىگە مەلۇم قىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسىلا ساقچىلار لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشلىق بىر قىسىم بىگۇناھ كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ ئۇلارنى قاتتىق قىينايدىكەن. _ مەن سۆزلەپ دەل شۇ يەرگە كەلگەندە ئابدۇللا ئاكىنىڭ ۋۇجۇدى غەزەپتىن تىترەپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىقلارنى سوراق قىلىپ قىيناۋاتقان ئادەم باشقىلار بولماستىن خۇددى مەندەك ماڭا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىلى تۇردى. مەن ئابدۇللا ئاكىنىڭ ئاق ئارىلاشقان قاشلىرى ئاستىدىكى قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە خۇدۈكسىرىگەن ھالدا بىر قاراپ قويۇپ گېپىمنى داۋاملاشتۇردۇم. _ ئەمما لۇتپۇللا مۇتەللىپ قىيىن – قىستاق ئالدىدا قەتئىي باش ئەگمەي كامېر تاملىرىغا نۇرغۇن ئىنقىلابىي شېئىرلارنى يېزىپتۇ.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىقلار ھايات قالسا تېخىمۇ چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىشىدىن ئەنسىرەپ، 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كېچىدە، تۈرمە ھويلىسىغا ئېلىپ چىقىپ مىلتىق بىلەن ئاتسا باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنى يەرگە كۆمۈۋېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ خەلق ئۈچۈن يانغان يۈرىكى 23 يېشىدا سوقۇشتىن توختاپتۇ. ئەمما ئۇ ئاشۇ قىسقىغىنا ھاياتىدا ئۆز خەلقىگە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەسەرلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن» دەپ، ئابدۇللا ئاكىنىڭ ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىگە قارىدىم.

ئابدۇللا ئاكا يېغلا تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى قاتتىق بىر شوراپ تۈتۈننى پۈۋلىۋەتكەندىن كېيىن، بىر ئۇيغۇر تۇرۇپ ئۆز مىللىتىدىن چىققان ئوت يۈرەك شائىرىنىڭ ھايات مۇساپىسىنى بىلمىگىنىدىن خىجىل بولۇۋاتقاندەك ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، چوڭقۇر ئويغا پاتقان ھالدا دەرۋازا تەرەپكە مېڭىپ كەتتى.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1.Uyghur –archive.com

2.« لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەققىدە ھېكايە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009 -يىلى 12 -ئاي 1 - نەشرى

# بېرگسون پەلسەپىسى بىلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ يىللارغا جاۋاب شېئىرىنى تەپەككۇر قىلىش

سەمىرە ئەركئۇيغۇر (تۈركىيە)

ۋاقىت ئالدىراڭغۇ ساقلاپ تۇرمايدۇ،
يىللار ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ يورغىسى.
ئاققان سۇلار، ئاتقان تاڭلار قايتىلانمايدۇ،
يورغا يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى.

ئوغرىلاپلا قاچىدۇ ئارقىغا يانماي،
بىر-بىرىنى قوغلىشىپ، يورغىلىشىپ.
ياشلىق بېغىدا بۇلبۇللار قانات قاقماي،
يوپۇرماقلار قۇيۇلىدۇ پورلىشىپ.

ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېچەكى،
تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمرى بىراق،
يىرتىلسا كالېنىدارنىڭ بىر ۋارىقى،
ياشلىق گۈلىدىن تۆكۈلىدۇ بىر تال يوپۇرماق.

يىللار شاملى يەلپۈنىدۇ، ئىزلار كۆمۈلىدۇ،
يوپۇرماقسىز دەرەخ بىچارە-بولىدۇ قاقشال.
يىللار سېخى قۇرۇق كەلمەيدۇ ئەكېلىپ بېرىدۇ،
قىزلارغا قورۇق، ئەرلەرگە ساقال.

بىراق يىللارنى تىللاش توغرا كەلمەيدۇ،
مەيلى ئۆتۈۋەرسۇن ، ئۆزىنىڭ يولى.
ئادەملەرمۇ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەيدۇ،
چۆللەرنى بوستان قىلغان ئادەملەر قولى.

يىللارنىڭ قوينى كەڭ، پۇرسىتى نۇرغۇن،
تاغدەك ئىشلار يىللار بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ.
قاراپ باق ئاخشامقى بوۋاق كىچىككىنە تۇرسۇن،
تونۇگۈن ئۆمىلەپ، هە... بۈگۈن مېڭىپ يۈرىدۇ.
.....
مەيلى ساقال سوۋغا قىلسا قىلسۇن يىللار،
مەنمۇ تاۋلىنىمەن يىللار قوينىدا.
ئىجادىم شېئىرىمنىڭ ئىز تامغىسى بار،
ئالدىمدىن قېچىپ ئۆتكەن هەر يىل بوينىدا

ئىنسانلارنىڭ هاياتىدىكى ئەڭ مۇهىم ئىجتىمائىي هادىسىلەرنىڭ بىرى بولغان ۋاقىتنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر قەدىمكى گىرېتسىيەدىن تاكى بۈگۈنگە قەدەر كۆپ خىل بولغان. ئۆتمۈشتىن بۈگۈنگە، بۈگۈندىن كەلگۈسىگە قاراپ ئېقىۋاتقان بۇ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان جەريانىنىڭ ئىچىدە، بىر ئادەم، قىسقا بىر نەچچە سېكۇنت ئىچىدە ئۆتمۈشكە ئايلىنىدىغان ۋاقىتلىق مۇدەتتە نەپەس ئالىدۇ. تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئىنسان بۇ يەردە هازىرنىڭ كەلگۈسىگە ئۈزلۈكسىز ئارىلىشىدىغان دولقۇنى بويىچە ياشايدۇ.

ۋاقىتنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۈزلۈكسىز ئېتىۋاتقىنىنى تەجرىبە قىلغىنىمىزدا، بۇ ئىنسان ئېڭىدا قېرىش، ۋە چىرىش بىلەن ئەڭ كونكرېت ئىنكاسىنى تاپىدۇ، بۇ قورقۇنچلۇق ۋە ئازابلىق بىر نەتىجە. يەنە بىر جەھەتتىن، بىر سەنئەتكار، مەسىلەن شائىر، بۇ ۋاقىتنى تېخىمۇ هېسسىياتچانلىق بىلەن باشتىن كەچۈرىدۇ.

پەلسەپە ئاتالغۇلىرى لۇغىتىگە ئاساسلانغاندا، ۋاقىت «پەلسەپە ئۇقۇمى بولغان ئايلىنىش، ئۆتۈش، ئۆزگىرىش ۋە ئىزچىللىق شەكلى،كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدىغان يۆنىلىشكە قاراپ مېڭىشتۇر» ۋاقىتنى «كەلگۈسىگە ۋە ئۆتمۈشكە تۇتىشىدىغان تۈز سىزىق» دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇ ئارقىغا، هەم كەلگۈسىگە چەكسىز كېڭىيىدۇ. ماكاندىكى هەر بىر ئۆزگىرىشمۇ «ۋاقىت» دىكى ئۆزگىرىش. ئادەمنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ماكاندا هەرىكەتسىز تۇرۇشى، ۋاقىتنىڭ ئۆتمەيدىغانلىقىغا ياكى ئاستا ئاقىدىغانلىقىغا دائىر تونۇش، خاتا تۇيغۇدۇر. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئىنسان توختىماي قېرىيدۇ، چۈنكى ئۇ نەپەس ئالىدۇ، هەزىم قىلىدۇ. هۈجەيرىلەر ئۆسىدۇ ۋە ئاخىرىدا بارلىق جانلىقلارغا ئوخشاش ئۆلىدۇ. ئۆزگىرىشچان جەمئىيەتنىڭ بىر قىسمى بولۇشى بىلەن ئىنسان «ۋاقىت ۋە ماكان» دا توختىماي ئۆزگىرىپ قېرىيدۇ، نەتىجىدە ۋاقىت ئىنسان بىلەن مەنىگە ئېرىشىدۇ، كونكرېتلىشىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان جەريان سۈپىتىدە باشتىن كەچۈرۈلۈشى مۇقەررەر هالدا ئىنساننىڭ كاللىسىغا ئۆلۈمنى ئېلىپ كېلىدۇ، بۇ ئەهۋال ئۇنىڭ روهىي ۋە زېهىن دۇنياسىدا زور بېسىم پەيدا قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ كاللىسىدا ۋاقىت پەيدا قىلغان بۇ بېسىم تارىخىي جەرياندا ئەدەبىيات-سەنئەت مەهسۇلاتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە مەنىۋى ئاساس هازىرلاپ بەرگەن، ئوتتۇرىغا قويۇلغان هەر بىر ئەسەر ۋاقىتقا، يەنى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۆلۈمگە قارشى، ئۆلمەسلىكنىڭ يولىدا بېسىلغان بىر قەدەم دەپ باهالانغان.

20 - ئەسىرنىڭ بېشىدا غەربتە زامانىۋى سەنئەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، ۋاقىتنى چۈشىنىشتىكى

ئۆزگىرىش بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرگەن. شۇڭلاشقا، ۋاقىت تېمىسىدىكى مۇنازىرىلەر ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەزەرىيەلەر ئىلىم-پەن ۋە پەلسەپە بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى سەنئەت ۋە ئەدەبىياتقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ئىنسان مەۋجۇتلۇق ئەندىشىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سەنئەت ۋە ئەدەبىياتقا چېك ئىپسىلىدۇ، شائىرلارمۇ ۋاقىتقا تامغا بېسىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆلمەس قىلماقچى بولغان. شېئىر بولسا ئەدەبىي نەسىرنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن باشلانغان ۋە ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت مەسىلىلىرىنى ئېستېتىك نۇقتىدىن بىر تەرەپ قىلىدىغان ئۆزگىچە ۋە مۇھىم ئەدەبىي ژانىر. شېئىر ئىنسانىيەت تارىخىغا ئوخشاش كونا سەنئەت، ئۇ مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل بىلەن بىللە بارلىق سەنئەتلەرنىڭ ئەجدادى دەپ قارىلىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن ئۆزگەرگەن ۋاقىت تۇيغۇسى سەنئەتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدىكىگە ئوخشاش شېئىرغا يېقىندىن تەسىر قىلغان. چۈنكى شېئىر سەنئەتنىڭ باشقا تارماقلىرىغا ئوخشاش ۋاقىت، هايات، مەۋجۇتلۇق، ئۆلۈم ۋە مۇھەببەت قاتارلىق ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى بولغان پاكىتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ يىللارغا جاۋاب شېئىرىدىكى ئەڭ مۇھىم چوڭقۇر تېمىلارنىڭ بىرى ۋاقىت. ئۇنىڭ ۋاقىتقا بولغان تونۇشى هېنرى بېرگسوننىڭ ۋاقىت پەلسەپىسىگە ئىنتايىن ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەن ئەڭ مۇھىم پەيلاسوپ هېنرى بېرگسون بولۇشى مۇمكىن. شائىرلار بېرگسوننىڭ شېئىر ۋە سەنئەتكە بولغان تونۇشىنىڭ شەكىللىنىشىدە «ۋاقىت ئۇقۇمىنىڭ مۇهىم ئورۇنغا ئىگە» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

20 - ئەسىرنىڭ بېشىدا، بېرگسون پەلسەپىسى تەرەققىي قىلغان دۆشمىنى بار دۆلەتلەرنىڭ زىيالىيلىرى تەرىپىدىن تېزلا قوبۇل قىلىنغان. مەسىلەن، ئۈمىد پەلسەپىسى دەپ قارىلىدىغان بېرگسونىزىم نەچچە يىللىق ئۈمىدسىزلىك دەپ قاراشقا بولىدىغان يىمىرىلىش دەۋرىدە تۈركىيەگە كىرگەن، بۇ قاراشنى رەسىمدە، «ئۈمىدسىزلىكنى يوقىتىدىغان، كىشىلەرگە نىشانغا يېتەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھەمدە ئىجادىي هايات ھەرىكىتىنىڭ ماددىي مۇمكىنسىزلىكلەرنى يېڭىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پەلسەپىگە بولغان ئېھتىياجىنىڭ جاۋابىنى بەزى زىيالىيلارنىڭ بېرگسوندا تېپىشى ناهايىتى تەبىئىي.» (گۆندوگان، 2007: 122)

(2001: 375): هىلمى زىيا ئۆلكەنمۇ بۇ تېمىدا تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قىلىدۇ.

ئىستانبۇلدا ۋەيران بولغان ئىمپېرىيەنىڭ قالدۇقلىرى ھەققىدە پەقەت ئىككى خىل ئىدىيە بولۇشى مۇمكىن. بىرى، مەنىۋى كۈچ ۋە يېرىم تەسەۋۋۇپ روھىغا تايىنىش، ماددىي مۇمكىنسىزلىك ئالدىدا ھەرىكەت قىلىش. ئىككىنچى، غايىۋى ھەرىكەتكە قارىتا، مەغلۇبىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۈمىدسىزلىككە قارشى ماددىغا ئاساسەن يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىزلەش. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى بېرگسوننىڭ مېتافىزىكىسى، ئىككىنچىسى دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم.

ئۇيغۇرلارنىڭ زىيالىيسى بولغان شائىرىمىزمۇ بۇ ئىككى ئىدىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، بولۇپمۇ يىللارغا جاۋاب شېئىرىدا بۇ ئىككى خىل ئىدىيەنىڭ ئىزلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا كۆرەلەيمىز.

بېرگسوننىڭ سۆزىگە قارىغاندا، هايات - توختاش چېكىنىش، ئىلگىرىلەش ۋە ئېغىش بىلەن توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان ئايلىنىش، ئۈزۈلمەس ئېقىن ۋە داۋاملىشىۋاتقان ئۆزگىرىش. ئۇ مەۋجۇت شارائىتقا ماسلىشىش جەريانىدىمۇ ئىجادچانلىققا ئىگە تەدرىجىي تەرەققىياتتۇر.

«l'évolution» بېرگسوننىڭ ئەسىرىدە

سۆزى ئەركىن ھەرىكەت ۋە تۈگىمەس ئىجادىيەت (ئىجادىي تەرەققىيات) نى ئىپادىلەيدۇ، «تەدرىجىي تەرەققىيات» سۆزىگە بېرگسوننىڭ تەپەككۇرىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۇقۇملاردىن بىرى بولغان ئېلان Élan

هاياتىي كۈچى- بارلىق جانلىقلاردىن ئۆتىدىغان ۋە هاياتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىلدىن شەكىلگە ئۆتۈشىنى تەمىنلەيدىغان ئېقىن دەپ ئېنىقلىما بېرىشكە بولىدۇ.

بۇ كۈچ ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت، ئايلىنىش ۋە ئېقىش ھالىتىدىكى هاياتنىڭ ئىجادىي كۈچىدۇر. ئەمما كىشىلەر ئۇلارنىڭ غۇۋا تۇيغۇلىرى سەۋەبىدىن، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، هاياتنىڭ يېڭىلىقىنى، ئۇنىڭ دائىملىق ھەرىكىتىنى ھېس قىلالمايدۇ. ئۇلار پەقەت تۇراقلىق ۋە بىر خىل ھالەتنىلا ھېس قىلالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە- گەرچە پەلسەپەدەك بولمىسىمۇ - سەنئەت بىزگە هاياتنىڭ ھەقىقىي ھەرىكىتىنى ھېس قىلدۇرىدىغان يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە. سەنئەت ئارقىلىق دۇنيانىڭ بىۋاسىتە كۆرۈنۈشلىرىگە يېقىنلىشالايمىز، هاياتتىكى مەۋجۇتلۇقنى قىسقا ۋاقىت بولسىمۇ ھېس قىلالايمىز. ھەرىكەت ئىقتىدارىمىزنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ۋە بىزنى ئىجادىيەتكە قاتناشقانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇرىدىغان بەدىئىي تونۇش بىزنى ئازاد قىلىدىغان ۋە هاياتنىڭ ھەرىكىتىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ھەرىكەت (بېرگسون «ئويلاش ۋە ئايلىنىش» ناملىق كىتابىدىن)

بېرگسونغا كەلسەك ، ئۆزگىرىش هاياتنىڭ ئېنىقلىما بېرىش ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ نېگىزلىك تەجرىبىسى. تەبىئەتتىكى ئۆزگىرىش تاسادىپىي كۆرۈنسىمۇ ، ئەمما ئۇ ھەقىقىي هاياتىي كۈچكە تولغان ۋاقىتتا ئۇنداق ئەمەس.

هاياتىي كۈچكە تولغان هايات ھەمىشە يېڭى نەرسىگە ئۆزگىرىدۇ، ئۇ ئۆتمۈشتىكى

ھاياتنىڭ داۋامى، ئۈزلۈكسىز ئىچكى ئۆسۈش ئارقىلىق يېڭىلىققا تەرەققىي قىلىدۇ، ئۈزلۈكسىز مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغانغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.

بېرگسون بىزگە مەسىلەن، «رەسىمنى روھىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن سىزىش ئارقىلىق ئىجاد قىلغان سەنئەتكارغا، ۋاقىت ئەمدى قوشۇمچە ئەمەس. ئۇ مەزمۇنى ئۆزگەرتىلمەستىن ئۇزارتىلىدىغان ياكى قىسقارتىلىدىغان ئارىلىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئەسەرگە خەجلىگەن ۋاقتى ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ بىر قىسمى». ئىجادىيەتكە سەرپ قىلىنغان ۋاقىت ئىجادىيەت بىلەن بىر»

بىز ئۆزىمىزنى ئىجاد قىلىدىغان«ھۆنەرۋەن» دەپ قارايمىز، ئىجاد قىلىۋاتقاندا ھەرگىزمۇ ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز (7،ئىجادچان زېھىن). «ئالەم بەرداشلىق بېرىدۇ. بىز ۋاقىتنىڭ ماھىيىتىنى قانچە كۆپ تەتقىق قىلساق، مۇددەتنىڭ ئىجادىيەت، شەكىل يارىتىش، مۇتلەق يېڭىنى ئۈزلۈكسىز شەرھلەش دېگەنلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز »دەيدۇ (11ئىجادچان زېھىن)

بېرگسون ئەركىنلىك مەسىلىسىنىمۇ ئايلىنىش رامكىسى ئىچىدە مۇلاھىزە قىلىدۇ. becoming

ئەركىن ھەرىكەت «ئايلىنىش» ھالىتىدە يۈز بېرىدىغان ئىجادىي جەريان بولغاچقا، ئىجادچانلىق ئەنئەنىۋى مەۋجۇتلۇق پەلسەپىسىدە نەزەردىن ساقىت قىلىنغان «ئايلىنىش» نىڭ ئاساسىي تۈرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ خىل قايتا ئۇقۇملاشتۇرۇشنىڭ ۋە يېڭى رامكىنىڭ لازىملىقىنى بۇنىڭ ئەركىنلىك مۇنازىرىسىنىڭ قانچىلىك مول نەتىجىلىك بولىدىغانلىقىنىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەنئەنىۋى رامكا پەقەت ئەركىنلىكنى «سەۋەب قانۇنىيىتى بىلەن چەكلەنمەيدۇ» دەپ چۈشىنىدۇ، بۇ پەقەت ئەركىنلىككە سەلبىي چۈشەنچە بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئىجادچانلىق ئۇقۇمى بىلەن ئويلاشقاندا، ئۇنىڭغا ئىجابىي قىممەت بېرىلگەن بولىدۇ.

بېرگسوننىڭ پەلسەپىسى ماتېرىيالىزىمگە قارشى تۇرۇش ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا تاللاش بولۇشقا باشلىغان. ئەركىنلىك ۋاقىتنىڭ ئەسىرى، «ئىجادچانلىقمۇ ئەركىنلىكنىڭ ئەڭ روشەن ئىسپاتى دەپ قارىلىدۇ.»

ھايات توختىماي يېڭى شەكىل ۋە تۈرلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان بۆسۈش. بۇ پەلسەپەدە، ھايات ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىدىغان ۋە توختىمايدىغان پائالىيەت. ھەتتا ھاياتلىق توختىماي ئۆسۈۋاتقان ھەرىكەتنىڭ ئۆزىدۇر. ھايات ھەرگىزمۇ ئۈزۈلۈپ قېلىشنى خالىمايدۇ ۋە ھەر ۋاقىت ئاكتىپ بولۇشنى خالايدۇ. مەيلى ماددا ياكى روھنى ئالايلى، ھەقىقىي رېئاللىق ھەمىشە ئۈزلۈكسىز شەكىللىنىش. پۈتكۈل ماددىي دۇنيانى ئاددىي تۇراقلىق ۋە مۇستەھكەم جىسىملار دۇنياسى دەپ ئەمەس، بەلكى ئاقسىئوم ۋە ھەرىكەت دۇنياسى

سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىدىغان بېرگسونغا نىسبەتەن، بارلىق جانلىقلارنىڭ ئۇلىغا جايلاشقان ئىجادىي تەرەققىياتمۇ ئەركىنلىكنىڭ ئونتولوگىيەلىك ئاساسىنى بېرىدۇ. «... ھاياتنىڭ ئىتتىرىش كۈچى –ئىجاد قىلىش ئىرادىسى.» پەقەت بۇ ھەرىكەتلا مۇتلەق..

شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ ئىچكى ۋاقىت ياكى «مۇددەت» دېگىنى ھاياتنىڭ جەۋھىرى، مېخانىك ۋە ماتېماتىكىلىق ۋاقىتتىن مۇستەقىل ھالدا ئىنسان روھىنىڭ ئېقىمى ۋە ئۆزگىرىشى. مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۆزى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ۋاقىت ئىچكى ۋاقىت ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئەركىنلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. «ۋاقىتنى ئەسۋابلار بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ، ھەقىقىي ۋاقىتنى ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا «مۇددەت» نى، «مېخانىكلارنىڭ سائەت چاقىرىش رامكىسىغا ۋە ئاخىرىدا ماكانغا قېلىپلاشتۇرغان قۇرۇق ۋە ئابستراكت ۋاقىت ئەمەس، بەلكى دائىملىق ئۆزگىرىش، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان بولۇش» دەپ ئېنىقلىما بېرىدۇ». ئىجادىي تەدرىجىي تەرەققىيات بۇ بولۇش ھالىدىكى ھەرىكەت، (...) بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا، كونكرېت ۋە جانلىق رېئاللىق بېرگسوننىڭ دەۋر پەلسەپىسىنىڭ ئاساسى بولغان بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئاساس ئۇقۇمى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى مۇددەت، سەزگۈ، ئاڭ، ئىجادىي تەرەققىيات ۋە ھاياتلىق ھەرىكىتى. ئىنساننىڭ ئونتولوگىيەلىك مەسىلىلىرىنى پەلسەپە ساھەسىگە، يەتكۈزۈش ئارقىلىق ۋاقىت ئۇقۇمىنىڭ ئىنساننىڭ مەنە ئىزدىشىدە تارىختا مۇھىم تۆھپە قوشقانلىقى بىر پاكىت.

قىسقىسى، ئۆتمۈشتىن بۈگۈنگە قەدەر ۋاقىتئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئىنسانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىلا، ئۇ كەلگۈسىدە مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدۇ.

مۇددەت ۋە تەدرىجىي تەرەققىيات ئوخشاش بىر نەرسە دەپ چۈشىنىلسە، دەۋرىيلىك ئۆتمۈشنىڭ داۋامى دەپ قارالغاندا، ئايلىنىش ۋە ئىجاد قىلىش مۇددەتكە ئوخشاش، ئۇنىڭدا ئومۇمىي قانۇن بولمىغاچقا، بۇ ئەركىنلىكنىڭ ئۆزى. ئەركىنلىك برگسوننىڭ قانۇنىغا ئاساسلانغاندا،پەقەت ھەل قىلغۇچ سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى بولمىغان ئايلىنىش باسقۇچىدا. ئۇنى پەقەت «مەن» نىڭ ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا چۈشەنگىلى بولىدۇ.

بىز بېرگسوننىڭ چۈشەنچىسىدە ھەرىكەتنىڭ مۇددىتىنىڭ ئىجادىي تەرەققىياتنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق، ئەمما ھەرىكەت تاماملانغاندىن كېيىن، بارلىق دەقىقىلەرنى بىر قۇر دەپ قاراشقا بولىدۇ. بېرگسون يەنە ئەركىن ھەرىكەتنى جەريان جەھەتتىن ئىجادىي ھەرىكەت دەپ قارايدۇ. ئەمما ھەرىكەت تاماملانغاندىن كېيىن، بارلىق ئېلېمېنتلارنى سەۋەب-نەتىجە نۇقتىسىدىن ئويلىنىشقا بولىدۇ.

بىز بېرگسون پەلسەپىسىنىڭ ئىجادىي ۋە ئەركىنلىك يۆنىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولدۇق.

بۇ مەزمۇندىكى ئاساسلىق دىققەت نۇقتا ۋاقىت بولدى. ۋاقىت مەسىلىسىنىڭ ئەتراپلىق كۆرسىتىلىشى بىلەن ھاياتىي كۈچ ئوتتۇرىغا چىقتى. بېرگسون مەۋجۇتلۇق ۋە يوقلىش جەريانىنى، يەنى ئايلىنىش جەريانىنى ئاساس قىلغان ۋاقىت بىلەن ھەپىلەشىدۇ بېرگسون ھەرىكەت بىلەن بىللە دەپ قارالغان ۋاقىت چۈشەنچىسىدىن ئىلگىرى مەۋجۇتلۇق بىلەن بىللە دەپ قارالغان ۋاقىتنى چۈشىنىشنى تەشۋىق قىلغان دېيەلەيمىز، بېرگسون يېپيېڭى بىر ۋاقىت چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان...

بېرگسوننىڭ مۇددەتنى مۇھىم ئاساس سۈپىتىدە كۆرسىتىشى ئەركىنلىككە ئورۇن بېرىش جەھەتتىن ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى ۋاقىتنىڭ ئىجادىي ئىلگىرىلىشى ۋە مەۋجۇتلۇقنى ئىپادىلەش ئەركىن ھەرىكەت ئىدىيەسىگە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ئەركىن ھەرىكەت ياشاش ۋەزىيىتىگە بولغان تونۇش سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ ئاڭ كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن بولسا، كەلگۈسى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇتلەق مەۋجۇت ئەمەس ھالەتتە. شۇڭا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار پۈتۈنلەي يېڭى بىر ئىش. مۇددەتنىڭ بۇ ئىلگىرىلىشىگە بولغان تونۇش ئەڭ يېقىن بىر تونۇش.

بۇنداق بولغاندا، بېرگسون سەۋەب نەتىجىلىك ۋە تېلېئولوگىيىلىك ئۇقۇمنى ئەقىل دائىرىسىگە چەكلەپ، ئىنسان قابىلىيەتلىرىگە ۋاقىتلىق قابىلىيەت تەسىس قىلىش ئارقىلىق ئەركىنلىك ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولىدۇ. ھاياتنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان، مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان يېڭىلىنىش جەريانى ئىككەنلىكى ھەر بىر ئەمەلىي ئەھۋالنى يېگانە قىلىدۇ. يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بۇ ئىككى تەرىپىنى ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتىگە باغلىغاندا ئەركىنلىك شۈبھىسىز بىر تەرەپكە ئايلىنىدۇ.

بۇ يەردىكى ئاساسلىق نۇقتا ئىنسان سەزگۈسىنى بېرگسون رامكىسى ئىچىدە قوبۇل قىلىش. چۈنكى تېلېئولوگىيىلىك ۋە سەۋەب نەتىجە جەھەتتىن ئويلاشقا بولمايدىغان ئەركىنلىك يەنە بىر چۈشىنىشكە موھتاج. بېرگسون بىزدە سەزگۈ ئارقىلىق ئەركىنلىكنىڭ ئاكتىپ مەزمۇنى بار دەپ قارايدۇ. ئۇنى ئىجادىيەت جەريانى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا خاس ئۆزگىچە ئىقتىدارنى قوبۇل قىلىش ئەركىنلىككە ئىجابىي مەزمۇن بېرىدۇ. ۋاقىت، مۇددەت، ھاياتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىدا كۈچىنى- ئىجادىيەت كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.

بىر نەرسە ياشايدىغان ھەر قانداق جايدا ياشايدىغان يەردە، ئوچۇق بىر يەردە، ۋاقىتنىڭ ئويۇلغان بىر خاتىرىسى بار (ئىجادىي تەرەققىيات16،340). ۋە بۇ يەردە ۋاقىت ھاياتىي جەريان دەپ ئېنىقلىما بېرىلگەن. تەدرىجىي تەرەققىياتتا، ئۇ پۈتكۈل مەۋجۇتلۇق ۋە ھايات مۇساپىسىنى توختىماي تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋە يېڭىلىنىدىغان «ھاياتلىق ھەرىكىتى» دەپ قارايدۇ. بېرگسوننىڭ ھاياتىي كۈچى ۋاقىتنىڭ ھاياتىي كۈچى: ھاياتنىڭ«سىرلىق» كۈچى ۋاقىتنىڭ كۈچىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

كۆرەشچان بالىلار قوغلىشىپ يىللار،
كۆرەش نەۋرىلىرىنى چوقۇم تاپىدۇ.
ئاخشام بەخت ئۈچۈن قۇربان بولغانلار،
قەبرىسىنى يادلاپ گۈللەر ياپىدۇ.

مەيلى ساقال سوۋغا قىلسا قىلسۇن يىللار،
مەنمۇ تاۋلىنىمەن يىللار قوينىدا.
ئىجادىم شېئىرىمنىڭ ئىز تامغىسى بار،
ئالدىمدىن قېچىپ ئۆتكەن ھەر يىل بوينىدا.

قېرىماسمەن كۆرەشنىڭ كەسكىن چېغىدا،
شېئىرىم يۇلتۇز بولۇپ يانار ئالدىمدا.
ئۆلۈم پەستە قېلىش كۆرەشنىڭ داۋانلىق تېغىدا،
چىدام غەيرەتنىڭ يەڭگىنى ھەريان يادىمدا.

ئېسىلارمەن مىلتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا،
يېپيېشارمەن بايراق بىلەن ئالغا ئاتلىغان يولغا.
كۈرەش باياۋانىدا ھارماسمەن ئەسلا،
كۈرەش بىلەن كېلىپ چىقىمىز كەڭ غالىب يولغا.

يىللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى.
قېرىتىمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى

ئۆلۈم ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر ئىزدىنىش، ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، توسقىلى بولمايدىغان، ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ۋە ساقلانغىلى بولمايدىغان ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن ئىنسان سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشقا مەجبۇرلىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، توختىتىپ قالغىلى بولماسلىق، ئىنكار قىلغىلى بولماسلىق ۋە بەرداشلىق بەرگىلى بولماسلىق ئىنسان ئۆلۈمگە يۈزلىنىۋاتقانلا بولىدىكەن مەۋجۇدىيەت ۋە ۋاقىتنىڭ ئورتاقلاشقان ئۈچ ئالاھىدىلىكى بولۇشقا داۋام قىلىدۇ نەتىجىدە شۇنى بايقىدۇقكى، ئىنساننى ئونتولوگىيەلىك سەۋىيەدە مەۋجۇدىيەت ۋە ۋاقىتنىڭ بىرىكمىسىگە باغلايدىغان نەرسە ئۆلۈم.

ۋاقىت ۋە ئۆزگىرىش مۇلاھىزىلىرىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم. شائىرنىڭ ئۆلۈمگە يۈزلىنىشى شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ئىپادىلەنگەن. ئۆلۈم پەيتىنى كۈتۈش ئىنساننى ھاياتنىڭ بىر قىسىم ياشاش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ دۇنيادا تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. ئىنسان ۋاقىتتىن ئايرىلغاندا، ئىنساننىڭ ئۆزىنى دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇق دەپ چۈشىنىشمۇ توختايدۇ، چۈنكى ئىنساننىڭ ۋاقىتتىن دەقىقىلىق ئايرىلىشى

ئوخشاش ۋاقىتتا ئۇنىڭ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك ۋە ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ھالدا كەتكىنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىنساننىڭ ۋاقىت ۋە ماكان بىلەن بولغان ئالاقىسىنى يوقىتىپ قويىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئالدىن تونۇشى مۇقەررەر ھالدا ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئورنىنى قانداق ساقلاپ قالىدىغانلىقى ھەققىدە تېخىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىنىشقا يېتەكلەيدۇ. ئۆلۈم يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ئويلىنىشقا -ئۆلۈمنىڭ ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى، ئۆلۈمنىڭ ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ دۇنيادا تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇشىدىكى ئالاھىدىلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە قانداق دەۋەت قىلىدىغانلىقىغا، ھەمدە ئىنساننىڭ قانداق قىلىپ ئۆزىنى چۈشىنىش ياكى ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشىنىشنى ئاشۇرالايدىغانلىقى نەزىرىدىن قاراشقا بولىدۇ.

يىللارغا جاۋاب شېئىرى ناھايىتى يۇقىرى ئېستېتىك سەۋىيەگە ئىگە شېئىر بولۇش سۈپىتى بىلەن، شېئىرنىڭ سىرتقى قۇرۇلمىسىدىن ئۇنىڭ چوڭقۇر لايىھىلىنىشىگىچە، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، تىنچلىق تېپىش ۋە خۇشاللىققا ئېرىشىش ئارزۇسى كۆنسېرى كۈچىيىۋاتقان بىئاراملىقنىڭ شېئىرىدۇر. شائىر ئىنساننىڭ ئۆلۈم ئالدىدا كۈچسىزلىكى ۋە چارىسىزلىقىنى بىلىدۇ. م.گوركىينىڭ سۆزىگە قارىغاندا، سەنئەتنىڭ رولى: «سەنئەتنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى، سەلبىي تەرەپلەر بىلەن بىرگە چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش، ئۆزىگە ئىشىنىشىنى كۈچەيتىش، ھەقىقەتكە بولغان ئىنتىلىشىنى ئاشۇرۇش، سەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، نومۇسىنى ئويغىتىش، كىشىلەردىكى غەزەپ ۋە جاسارەتنى ئويغۇتۇش.»

يازغۇچى شائىرلارنىڭ ئىزدىنىشى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى ئاتالغۇ بولغان ئىجتىمائىي رېئالىزم خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۇنىڭ ئىنقىلابىي تەرەققىياتىدىكى رېئاللىقىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ رەسمىي ئەدەبىي يۆنىلىشى بولغان ئىجتىمائىي رېئالىزم ئۇسۇلىنىڭ ئۇل تېشىنىڭ بىرى بولغان كەلگۈسى ياخشى كۈنلەرگە ئىشىنىش، بۇ شېئىردا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك رومانتىك تۈسكە ئىگە. بۇ ئارقا كۆرۈنۈشتە، شائىر ياشىغان دەۋردە شارائىتىغا ئاساسەن ئاممىبابلىق پىرىنسىپى ئۈستىدىن ئىجتىمائىي رېئالىزم ئۇسۇلىنى قوللانغان.

شائىرنىڭ بۇ شېئىرى ماكسىم گوركىي ھەمىشە تەشەببۇس قىلغان ئىنقىلابىي رومانتىزم شەكلىدە نامايان بولغان. ئاپتور ئەسەردە كۈچلۈك ئىرادىلىك، گۈزەل روھلارنى تەسۋىرلەپ، دەۋرنىڭ قاراڭغۇ رېئاللىقىغا قارشى تۇرىدۇ. مەسىلىنى بۇنداق قولغا ئېلىشى م.گوركىي تەشەببۇس قىلغان ئىنقىلابىي رومانتىك پوزىتسىيە بىلەن ھاياتنى ئىنقىلابىي تەرەققىياتتا تەسۋىرلەش بىلەن نەتىجىلەنگەن.

سەنئەتنى جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىش سەۋىيەسىگە يېتىشى ئۈچۈن مەقسىتى، بۇ مۇئەييەن ۋەزىپە ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ مۇلازىمىتىگە تەمىنلەيدۇ. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ بىردىنبىر مەقسىتىنىڭ خەلق ۋە ۋەتەنىنىڭ ياخشى شارائىتقا ئېرىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىكەنلىكىنى ئەسەرلىرى ئارقىلىق كۆرسەتكەن. شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ مەسىلىلەرگە ئىنقىلاب نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىپ، ئاممىباب، ئىنقىلابچى، رېئالىزملىق ئەدەبىياتنى ئارزۇ قىلىدۇ. رېئالىزم ۋە ئىجتىمائىي رېئالىزم ئۇسۇلىغا بويسۇنىدىغان ئەسەرلەرنى يازىدۇ. ئۇ ئەسەرلىرىدە دېھقانلار ۋە ئىشچىلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ ئەسەرلىرىنىڭ مەنبەسىنى ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قاتلىمىدىكى كىشىلەردىن ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ مەقسىتى سەنئەت ئارقىلىق رېئاللىقنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ ئۇلارغا ھاياتنى كۆرسىتىش.

ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تۇنجى ئىنقىلابىي-رېئالىزملىق شائىرى. ئۇنىڭ«رېئال ئەدەبىيات» تا ئالاھىدە، باشلامچىلىق رولى بار ئاممىباب ئەدەبىيات پەقەت رېئالىزملىق ئېلېمېنتلار بىلەنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ.

شائىرنىڭ شېئىر دۇنياسى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئەسىرلەر بويى تەقدىرىگە قالدۇرۇلغان، ئاچ ۋە نادان، ئەمما ئۆزىنى چوڭقۇر ئۇزۇقلاندۇرىدىغان ئېرپان مەدەنىيىتى بىلەن ياشايدىغان خەلقنىڭ مەۋجۇدىيەت تىرىشچانلىقى ئۈستىگە قۇرۇلغان. تىلغا ئېلىنغان بۇ تەركىبلەرنى كۆرمەستىن شائىرنى باھالىغاندا ئۇنىڭدىكى ئەدەبىيات ۋە كۈلتۈر ئىمكانلىرىنى كۆرۈش ۋە ئوقۇشىمىزنى خىرەلەشتۈرىدۇ.

بارلىق سەلبىي شارائىتلارغا قارىماي بېشىنى ئېگىز كۆتۈرەلەيدىغان شائىرىمىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بوينىنى ئېگىپ قويىدى.

## مەنبەلەر:

1.ئالى ئوسمان گۈندوغان ،«بېرگسون»، ساي نەشرىياتى. ئىستانبۇل، 2007

2. ھىلمى زىيا ئۈلكەن، تۈركىيەدە زامانىۋى پىكىرلەر تارىخى، ئۈلكەن نەشرىياتى. ئىستانبۇل، 2001

3. Henri Bergson, Creative Evolution, trans. Arthur Mitchell.

4. Henri Bergson,the creative mind, Mabelle Louise

5 . خەنرى بېرگسون ئويلاش ۋە ئايلىنىش، ئودا نەشرىياتى ،ئىستانبۇل، 2019

# زادى قانداق ئانىلار ئۇلۇغ؟

يالقۇن روزى



يېقىنقى يىللاردا شېئىر-قوشاقلاردا، سەھنە - ئېكرانلاردا «ئانىلار ئۇلۇغ»، «جاھاندا ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان ئانا»، «ئانا ھەممىدىن ئۇلۇغ» دېگەنگە ئوخشاش تەرىپ ۋە مەدھىيە سۆزلىرى خېلى ئومۇملىشىپ قالدى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە، كىشىلەرمۇ بۇ سۆزلەرنى دائىم دېگۈدەك ئىستېمال قىلىدىغان بولدى. كىشىلەر ئانىلارنى نېمە ئۈچۈن بۇنداق قارا قويۇق ئۇلۇغلايدۇ؟ مېنىڭچە ئۇلار ئومۇمەن مۇنداق قارايدۇ. «ئانىلار توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ بالا تۇغىدۇ. يەنە بالا ئېمىتىدۇ. بالىنى پەرۋىشلەپ چوڭ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئانىلار ئۇلۇغ، ئانىلار ئۇلۇغلاشقا تېگىشلىك ئىنسانلار». قارىماققا، ئانىلارنى بۇنداق ئۇلۇغلاشنىڭ مەلۇم ئاساسى باردەك قىلىدۇ. ئەمما ئانىلارنى مۇشۇ ئۆلچەم، مۇشۇ شەرتلەر بويىچە ئۇلۇغلاشقا توغرا كەلسە، بۇنداق «ئۇلۇغلاش» چۈشەنچىسىدىن كەم دېگەندە مۇنداق تۆت تۈرلۈك زىددىيەتلىك پىكىر تۇغۇلىدۇ.

بىرىنچى: ئانىلار ئۇلۇغ بولسا، دادىلار ئۇلۇغ ئەمەسمىكەن؟ شۈبھىسىزكى بۇ بىر ئورۇنسىز تالاش-تارتىشنى پەيدا قىلىشتۇر. بىلىش لازىمكى، ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئائىللىرى ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە ئىگە بولۇپ، ئەرلىرى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلۇغلۇق ئادەمنىڭ جىنسى، يېشى، نەسەبى، مىللىتى ئاساس قىلىنىپ ئايرىلىدىغان مەسىلە ئەمەس، شۇنىڭدەك، ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى قانداقتۇر «ئۈچار قاناتلاردىن جان - جانىۋارلارغىچە بولغان پۈتكۈل جانلىقلار دۇنياسىدىكى چىشى جىنسلىقلارغا ئورتاق بولغان تۇغۇش، بېقىش، ھىمايىسىگە ئېلىش، ئاسراش - پەرۋىش قىلىشتەك جەريان بىلەنلا چەكلەنسە كۇپايىلەنمەيدۇ». ئانىلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئۇلۇغ ئانىلار بار، دادىلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئۇلۇغ دادىلار بار. ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ «ھەممىسىلا ئۇلۇغ» ئەمەس. ئانىلارنى ئۇلۇغلاپ ئاجايىپ پاساھەتلىك مىسرالارنى تۈزگەن ،ئانىلارنى مەدھىيەلەپ ناخشا - قوشاقلارنى ئېيتقان ۋاقتىمىزدا، بىز بۇنداق ھاياجانلىق ھېسسىياتنىڭ قانداق ھەقىقەتنى ئۆلچەم قىلىشى لازىملىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ھەقىقىي ئۇلۇغلۇق «بالا تۇغۇش» بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ ئىدىيەسىنى، ئۇلۇغ نىشاننى تۇغۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ھەقىقىي ئۇلۇغ ئانا، قىيىن تاللاشلارغا توغرا كەلگەندە توغرا يول تاپالايدىغان ئەقىل-پاراستى بىلەن، ئەۋلادلىرىنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئىككىلەنمەي يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدىغان جەڭگىۋار روھى بىلەن، كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان ۋە قايىل قىلىدىغان پاكلىقى بىلەن، ھۆسنىگە مەڭگۈ ئۆزگەرمەس لاتاپەت قوشىدىغان پەزىلىتى بىلەن، يىمىرىلمەس قورغاندەك ئېتىقادى بىلەن ئۇلۇغ بولىدۇ. بىرلا جۈملىگە يىغىنچاقلىغاندا، مەيلى ئەر، مەيلى ئايال، مەيلى دادا، مەيلى ئانىغا نىسبەتەن بولسۇن «ئۇلۇغ»لۇقنىڭ ئەڭ ئالى شەرتى-خەلقچىللىق. قانچىكى ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر ئادەم بولسا، شۇنچە ئۇلۇغ بولىدۇ... مۇشۇنداق شەرتنى ھازىرلىغان ئانا ئەمەس، بەلكى ئىنىكئانا بولسىمۇ، ئوخشاشلا ئۇلۇغ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئانىلار قارىغۇلارچە ھالدا ئۇلۇغلانسا ياكى ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» قىلا باغلاپ قويۇلسا، ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭى ئاجىزلاپ، ئۆزىگە قويىدىغان تەلىپى تۆۋەنلەپ، بىخۇدلىشىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرىلىدۇ. چۈنكى ئانىلارنىڭ بىر مىنۇتمۇ ئەستىن چىقارمايدىغان مەسئۇلىيىتى - ئائىلە ۋە مىللەتنىڭ كېلەچىكى بولغان باللىرىنى جاپالىق ئەجىر، دۇرۇس تەربىيە بىلەن ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرالايدىغان ياراملىق ئىزباسارلارغا، ئانا ۋەتەنىنىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالىدىغان، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كويىدا پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان ئەزىمەتلەرگە ئايلاندۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. بالىزاكنىڭ «مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئانىلارنىڭ قولىدا» دېگەن مەشھۇر سۆزى دەل ئانىلارنىڭ مۇشۇنداق شەرەپلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالىشى ياكى ئادا قىلالماسلىقىغا قارىتا ئېيتىلغان.

ئانىلارنى ئۇلۇغلاشتا ئۆلچەم ھېسابلىنىدىغان يۇقىرىقى شەرت ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭى نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ، «ئۇلۇغ» دېگەن سۈپەتنى، پەرزەنت يۈزى كۆرگەنلىكى ئانىغا ئاتا قىلىنىۋېرىش - بىر مىللەتنىڭ قىممەت تارازىسىنىڭ مۈجمەللەشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. ئەگەر ئانىلار قارا قويۇق ئۇلۇغلىنىپ، ئۇلارغا بىر تەرەپلىمە ھالدا ئوقۇلۇۋەرسە، ئانىلار ئارىسىدىكى ئۆز-ئۆزىنى تونۇش ئېڭى تېخى يېتەرلىك ئويغانمىغان، مىليونلىغان نادان ئانىلار خاتا ئىلھاملاندۇرۇلۇپ، ئائىلىدە ئەرلىرى مەرتىۋە ۋە باراۋەرلىك داۋاسى قىلىدىغان

ئاقىۋەت ئۇلغىيىپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا «ئەر-ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر» دېگەن قانۇن تەشۋىقاتىنى خاتا چۈشىنىپ، ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا، ھەممە ئىشتا تەتبىقلاشقا ئۇرۇنۇش خاھىشى قوشۇلسا، «ئائىلە»دىن ئىبارەت ئىمارەتكە ئىچىدىن دەز كېتىشكە باشلايدۇ. ئېنىقكى، بىر ئائىلىدىكى بارلىق ئەزالار ئوتتۇرىسىدا ئۆز -ئارا تەلەپ قىلىدىغان ھوقۇق، ئادا قىلىدىغان مەجبۇرىيەت مەۋجۇت. ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت «قانۇنىيەت»تىن ئىبارەت مۇقەددەس مىزان ئۈستىگە قۇرۇلغان. «قانۇن» بىلەن «قانۇنىيەت» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، ئاۋۋال قانۇنىيەتنىڭ مىزانىغا بويسۇنۇش، ئاندىن قانۇننىڭ نىزامىغا مۇراجىئەت قىلىش كېرەك. ھەرقانداق ئائىلىدە بۇ خىل «قانۇنىيەت ئېڭى» ئاجىزلاپ، «قانۇن ئېڭى» كۈچىيىپ كېتىدىكەن، ئۇنداق ئائىلە رىقابەتلىشىۋاتقان رەقىبلەر سورۇنىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بىر ئائىلىدىكى ھەر بىر ئەزا ئۆزىنىڭ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولغان سالاھىيىتىنى ئېنىق تونۇسا، يەنى دادا دادىلىق، ئانا ئانىلىق، ئەر ئەرلىك، ئايال ئاياللىق، بالا بالىلىق سالاھىيىتىنى ئېنىق تونۇسا ۋە شۇ ئاساستا مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلسا، بۇنداق ئائىلە ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭلا ئەمەس، بەلكى بىر جەمئىيەتنىڭ، بىر مىللەتنىڭ شەرىپىنى يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرىدۇ.

«زامانىۋىلىشىش»نى يېتەكچى شۇئار قىلغان ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە، ئىنسان تەبىئىتىگە يېتەرلىك ھۆرمەت قىلىش، ئەر بىلەن ئايالدىن ئىبارەت ئىككى جىنس ئۆزىگە مۇناسىپ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتەك قەدىمي مۇقەددەس تەڭپۇڭلۇق كۆنسايىن بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. «ئەركىنلىك»، «باراۋەرلىك» شۇئارى ئاستىدا، ئەرلىرىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، «ئائىلە» دىن ئىبارەت ئىللىق ئۇۋىسىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆزىنى سىرتقا ئېتىۋاتقان ئاياللار كۆنسايىن كۆپەيمەكتە... مۇشۇنداق نامۇۋاپىق يۈزلىنىش سەۋەبىدىن بۇزۇلغان ئائىلىلەرنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئاشماقتا. ئائىلە نىزامى جەھەتتە ئەركىنلەشكەن ئائىلىلەر ناھايىتى مۈشكۈل ئەخلاق كىرىزىسىگە پاتماقتا. ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، قان كېچىپ قۇربان بېرىپ قولغا كەلتۈرىدىغان ئەركىنلىك بار، شۇنداقلا يەنە ئالقىنىڭدا تۇرسىمۇ، ئىككىلەنمەي چۆرۈپ تاشلىۋەتسە بولىدىغان ئەركىنلىكمۇ بار. شۇڭا «ئەركىنلىك» مەسىلىسىنى ئائىلىگە تەتبىقلىغاندا، باشقىچە ئويلىشىپ بېقىش كېرەك. مېنىڭچە، ئاشۇنداق ئەركىنلىكنى ئەمەس، «مەجبۇرىيەتنى»نى شۇئار قىلغان ئائىلە - پالاكەتچىلىكتىن يىراق ئائىلە.

ئىككىنچى: ئانىلارنى قارىغۇيۇق ئۇلۇغلاش ھادىسىسى-ھەقىقىي ئۇلۇغ ئانىلارغا قىلىنغان ئادالەتسىزلىك، ھەتتا ھاقارەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئانىلار بارلىق ئانىلارغا ئورتاق بولغان «بالا تۇغۇش، بالا ئېمىتىش، بالا چوڭ قىلىش»تەك ئومۇمىي شەرت بىلەن ئۇلۇغلانسا، ئۆز نۆۋىتىدە بۇ، باشقىلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن كۆيۈپ پىشىدىغان، ھەققانىيەت يولىدا قۇربان بېرىشكە توغرا كەلسە، ئىككىلەنمەي قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرىدىغان پىداكار، باتۇر، غۇرۇرلۇق، مەسئۇلىيەتچان ئانىلارغا قىلىنغان ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. ئانىلار ئارىسىدا، ئەۋلادلىرىنىڭ ئىستىقبالى ئۈستىدە كېچىلىرى كىرپىك قاقماي ئويلىنىپ، گۈزەل كېلەچەك، پارلاق ئىستىقبال ۋە غالىب ئاقىۋەتلەرنىڭ ئارزۇسىدا يىلانىدەك تولغىنىپ، ئوت-ئاتەش بولۇپ يانىدىغان ئانىلارمۇ بار. تاڭ ئاتقۇچە ئەيش-ئىشرەت كۇلۇبلىرىدىكى كۆلچەكلەردە ئۈزۈپ، ئۆزگىلەرنىڭ كارىۋاتلىرىدا خۇددىنى يوقاتقان ھالدا ئېغىناپ، ئەر ۋە بالىلىرىنى نومۇس دەرياسىغا غەرق قىلىپ، ھاقارەت ئوتىدا كۆيدۈرۈپ پۇچىلاۋاتقان ئانىلارمۇ بار. ھايات - ماماتلىق سىناقلارغا دۇچ كېلىۋاتقان خەلقىنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقى ئۈچۈن بارلىق پاراستىنى ئىشقا سېلىپ ۋە بارلىق جاسارىتىنى نامايان قىلىپ ياشاۋاتقان مۇنەۋۋەر ئانىلارمۇ بار. يولدىن ئازغانلارنىڭ كېچىدە ئادىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن گۈلخان ياقىدىغان، ئۇلار ماڭماق بولغان چۆللەرگە قۇدۇق كولاپ ياشاشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان ئانىلارمۇ بار.ئەجدادلىرىنىڭ تارىخى شۆھرەتلىرىدىن ئېپتىخارلىنىپ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار روھىدىن كۈچ-مەدەت ئېلىپ،ئەجدادلىرىنىڭ شەنىگە نۇر بېغىشلاش كويىدا ئىزدىنىپ ياشايدىغان پەخىرلىك ئانىلارمۇ بار. ئۆز ئەجدادىنىڭ قاتىلىنى ئۆز قوينىدا ھۇزۇرلاندۇرۇپ ياشاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن لەنەتگەردى ئانىلارمۇ بار.

ئانىلارنى مۇئەييەن ئۆلچەم ۋە پىرىنسىپ بويىچە ئۇلۇغلىماي، «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» تەك شەرتنى ھازىرلىغانلىقى ئۈچۈنلا، قارىغۇيۇق ئۇلۇغلاش-مىللىي پىسخىكىمىزدا پەرۋاسىزلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك تۇيغۇسىنىڭ ئۈستۈنلۈك قازىنىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. بىلىشىمىز كېرەككى، ئىنچىكە، پۇختا ئىش كۆتۈش روھى ئاجىز، پەرق تۇيغۇسى مۈجمەل، مەسىلىلەرنى ھەقىقەت نەزىرى بىلەن كۆزىتىشكە ئادەتلەنمىگەن بىر مىللەتنىڭ قىممەت تارازىسىدا، كۆپ ھاللاردا «گۆھەر» بىلەن «تاش»نىڭ قىممىتى ئوخشاش. بىزگە ئوخشاش، يۈكسىلىشنىڭ كويىدا كېچە-كۈندۈز تىرىشىۋاتقان بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلۇغلاش ئوبيېكتىنى توغرا بېكىتەلمەي، «ئۇلۇغ» دېگەن بۇ ئالىي ماركىنى كىمگە چاپلاشنى ئاڭقىرالماي قايمۇقۇپ يۈرۈش بەكمۇ بىچارىلىكتۇر.

ناۋادا، «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» تەك شەرتنى ھازىرلىغانلىقىنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ ئانىلارنى ئۇلۇغلاشقا توغرا كەلسە، ئېسىمىزدە بولسۇنكى، جاللات شىڭشىسەينىڭ ئانىسىمۇ بۇ ئۆلچەمگە پۈتۈنلەي چۈشىدۇ. ئاياللار تۇرمىسىدىمۇ بۇ شەرتنى ھازىرلىغان ئاياللار كۆرمىڭ. ئەمما ئاشۇلار، «ئۇلۇغ ئانا»، دەپ تەرىپلەشكە ئەرزىمدۇ؟ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئانىلارنى كەلسە-كەلمەس ئۇلۇغلاش-ھەقىقىي ئۇلۇغ ئانىلارغا قىلىنغان ئوچۇق ھاقارەت.

ئۈچىنچى: ئانىلار «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» شەرتىنى ھازىرلىغانلىقى تۈپەيلى «ئۇلۇغ» دەپ سۈپەتلەنسە، بۇ سۈپەتلەش، فىزىيولوگىيەلىك سەۋەب تۈپەيلىدىن پەرزەنت كۆرۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىغان ئاياللارنى كەمسىتكەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۇغۇش-ئاياللارنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارى، شۇنداقلا ئورتاق فىزىيولوگىيەلىك خۇسۇسىيىتى. بىر جەمئىيەتنىڭ ئانىلارنى بۇنداق بىمەنە ئۇلۇغلىشى ئالدىدا، پەرزەنت كۆرەلمەسلىك

قىسمىتىگە مۇپتىلا بولغان ئاياللار نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالىدۇ. گۇناھسىز ئاياللارنى ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بۇنداق مەنتىقىسىز ئۇلۇغلاش ھادىسىسىنىڭ باشقىلارغا كەلتۈرىدىغان بېسىمىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە نوقۇل ھالدا بالا تۇغۇپ ئانا بولۇش ئۈچۈن ھېچقانداق سەۋىيەدىكى ساپا ئالدىنقى شەرت قىلىنمايدۇ. ھەتتا بۇ ئىش بەزى گاس-گاچا ئاياللارنىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەقلىنىڭ، روھىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام بولسىلا، نامدىكى «ئانا» لارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇشىنىڭ شارائىتىنى ھازىرلىغان بولىدۇ. بىراق، ئۆز پەرزەنتىنى ئىنساندەك ياشاشقا ئىگە قىلىشنىڭ شارائىتىنى ھازىرلاش باشقا بىر گەپ. بۇنداق شارائىت ھەر بىر ئانىدا پاك ئەقىدە ۋە مۇئەييەن نىشان، بەلگىلىك ساپا ۋە سۈپەت،قىيىن تاللاشقا دۇچ كەلگەندە جاپا-مۇشەققەتتىن، ھەتتا ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان روھ ھەمدە ئۆزگە بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتنى كۆرەلەيدىغان ئۆتكۈر مەنىۋى كۆز بولغاندا، ئاندىن ھازىرلىنىدۇ. مانا شۇنداق ئانىنىڭ قۇچىقىدا چوڭ بولغان باللار بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي گەۋدىسىگە ھاياتىي كۈچ بولۇپ قېتىلىدۇ. بۇنداق شەرتنى ھازىرلىمىغان ئانىلارنىڭ قۇچىقىدا چوڭ بولغان باللارنىڭ كۆپىنچىسى، گېزى كەلگەندە، بىر ۋاقلىق تاماق ئۈچۈن قىلچە ئىككىلەنمەي سېتىلىدۇ.

تۆتىنچى: ئانىلار «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» شەرتىنى ھازىرلىغانلىقى تۈپەيلى ئۇلۇغلانسا، بۇنىڭدىن «قانچە كۆپ بالا تۇغسا، شۇنچە ئۇلۇغ ئانا، قانچە ئاز بالا تۇغسا، شۇنچە تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇلۇغ ئانا، تۇغمىسا ئۇلۇغ ئەمەس» دېگەن بىمەنە يەكۈن كېلىپ چىقىدۇ. ئويلاپ باقساق، پادىچىنىڭ قىممىتى پادا سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىدە ئەمەس، بەلكى ئۆز پادىسىغا بولغان مەسئۇلىيىتىدە كۆرۈلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئانىنىڭ قىممىتى، ئۆزىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى، يەنى پەرزەنتلىرىنى زامانىنىڭ تەلىپىگە،مىللەتنىڭ ئېھتىياجىغا مۇناسىپ،يارامىلىق ئەۋلادلاردىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقالىشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئەگەر ئانىلارنى ئۇلۇغلاشتا، «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» شەرت قىلىنىۋېلىنسا، ھەر قانچە بىلىملىك، ھەر قانچە پەزىلەتلىك ئايال بولسىمۇ، بۇ خىل ئۇلۇغلۇق شەرتىگە يېقىنلىشالمايدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىپارخان، يەتتە قىزلىرىم، نۇزۇگۇم، رىزۋانگۈللەر ئانا ئەمەس، بەلكى قىزلاردۇر. ئۇلار نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى نېمە ئۈچۈن ئۇنتۇلماي ئۇلۇغلىنىدۇ؟ ئۇلار ھۆرلۈك ئۈچۈن تەۋرەنمەي كۆرەش قىلغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي قەدىر- قىممىتىنى ھەممىدىن ئالىي بىلگەنلىكى، باشقىلارنىڭ بەخت- -سائادىتى ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن قۇربان بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلۇغلىنىدۇ. بىز يۇقىرىقى «شەرت»نى ئاشۇ ئۇنتۇلماس قەھرىمان قىزلىرىمىزغا قويۇشقا پېتىنالايمىزمۇ؟

تەڭرى ئاتا قىلغان تەبىئىي ئىقتىدار ۋە ھەممە ئاياللارغا ئورتاق بولغان فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكنى چىقىش قىلىپلا، «ئانىلار ئۇلۇغ» دېيىش ھەقىقەتەن كۈلكىلىك. ھەر قانداق قىز بالاغەتكە يەتكەندە، فىزىيولوگىيە نۇقتىسىدىن ئانا بولۇش سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن بىز ئۇلارنى «ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان كىشىلەر» دەپ ئېيتساق مۇۋاپىق بولامدۇ؟

بالا تۇغقان، ئېمىتكەن، چوڭ قىلغان ئانىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، «ئانا» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. شۇ تۈپەيلى ئانىلارنى قارىغۇيۇق ھالدا ئۇلۇغلاش-نورمالسىزلىق. ئەمما ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز ئانىسىنى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرۈشى، كۈتۈشى ھەتتا «ئانام - دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئانا» دەپ چۈشۈنىشى ئۆزىنىڭ ئەركى. بۇنداق ھېسسىياتنى چۈشۈنۈشكە بولىدۇ. «ئانام ئۇلۇغ» دېگەن سۆز بىلەن «ئانىلار ئۇلۇغ» دېگەن سۆزنىڭ خاراكتېر ۋە مەنە پەرقى ناھايىتى زور.

مەنبە: «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژورنىلى 2007 - يىللىق 4 - سانىدىن ئېلىندى

ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ سۆزى ماختاشقا لايىقتۇر.
ئۇلار توغرا، تۈز بولۇپ ئۆزىنى ئاشكارا تۇتىدۇ.
يارىماس ئىشلارغا يېقىنلاشمايدۇ، ئۆزىنى يىراق تۇتىدۇ،
كېرەكسىز نەرسىلەرنى كۆرمەيدۇ، كۆزىنى يۇمىدۇ.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى

# ئىزدىنىشتا ئۆتكەن ئۆمۈر

شائىرەم باراتوۋا* (قازاقىستان)

ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئۇستاز ۋە ئالىملار گېزەك چۈشەنچىلەر سۈپىتىدە مەلۇم. شۇندىمۇ، ھەربىر ئالىم ئۈچۈن ئۆز تەتقىقات ئوبيېكتىنى ئىلمىي ئاساستا ئىزچىل ئۆگىنىش، ئىزدىنىش بىلەن بىللە تەخمىن-دەلىللىرىنى كۆپچىلىككە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇستازلىق خىزمەتنى پاراللېل تۈردە ئېلىپ بېرىشى چوڭ مەسئۇلىيەتچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىتتۇر. «ئۆزگىگە بىر قوشۇق سۈت بەرمەكچى بولغان ئادەمدە بىر چېلەك سۈت بولۇشى كېرەك» دېگەن ئىبارە، بىۋاسىتە بىلىم بېرىش ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرگە بېغىشلانغان بولسا كېرەك. بۇ قوش جاۋابكارچىلىقنىڭ يۈرىكى، بولۇپمۇ، ئايال كىشى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇرەككەپ ئىكەنلىگى ئېنىق. ئائىلە تىرىكچىلىكىدە، شۇنداقلا پەرزەنتلەرنىڭ تەلىم-تەربىيەسىدە چوڭ رول ئوينايدىغان ئانىنىڭ ھەم ئالىمە، ھەم ئۇستاز بولۇپ يېتىلىشى ئاسان ئەمەس. بەختىمىزگە يارىشا، خەلقىمىز ئارىسىدا بۇخىل مەرد -مەردانىلىق ئۈلگىسىنى ياراتقان ئايشەم شەمىيېۋا، بۈۋىخان ئەلاخۇنوۋا، پاتىگۈل سابىتوۋا، قاپىيەم ئابدۇللايېۋا ئوخشاش ئالىمە ئانىلىرىمىزنى مەغرۇرلىنىش ئىلىكىدە تىلغا ئالىمىز. ئۇلارنىڭ ئىلىم يولىدىكى نىشان-يۈنلىشىنى، مەنزىل-مۇساپىسىنى بۈگۈنكى كۈندە ئالىيەم ئارزىيېۋا، مۇنەۋۋەر يونۇسوۋا، خالمىنەم مەسىموۋا، زۇلفىيا كەرىموۋا، خۇرشىدەم مەسىموۋا، دىلفۇزا روزىيېۋا كەبى ئالىمەلىرىمىز داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى، ئەلۋەتتە، مەمنۇن بولارلىق ۋەزىيەت.

ئالىيەم توختامۇشقىزى ئارزىيېۋا. بۇ ئىسىم ماڭا كىچىكىمدىن دەرسلىك مۇئەللىپى سۈپىتىدە تونۇش بولسىمۇ، ئاما ئالىمە بىلەن خېلى بۇرۇن، يەنى 9 - سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا يېقىندىن دىدارلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان ئىدىم. ئۇ چاغلاردا ھەر يىلى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى پەنلىرىدىن ئولىمپىك مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان. مەزكۇر بايقاشنىڭ جۇمھۇرىيەتلىك باسقۇچىغا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمىنى سىناش ئۈچۈن ئادىل كومىسسىيە سۈپىتىدە ب. رەخمىتۇللايېۋا، ھېلى مەھرۇم ت. ئەلايېۋ، ش. باراتوۋ ئوخشاش پېشقەدەم ئۇستازلار بىلەن بىللە ئالىيەم ئارزىيېۋامۇ قاتنىشاتتى. ئالىم دېگەن چۈشەنچە شەخسەن مېنىڭ ئۈچۈن خۇددى باشقا سەييارىنىڭ ئادەملىرىدەك ئۆزگىچە سېزىلەتتى. شۇڭلاشقا بولسا كېرەك، بۈيۈك سىيمالار بىلەن ئۇچرىشىش بىز ئوخشاش مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن زور ئابرۇي-مەرتىۋە ئىدى. شۇ يىللىرى ئالىيەم ئارزىيېۋا ئادىل باھالىغۇچى كومىسسىيە سۈپىتىدە جاي-جايلاردىكى



ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇتۇلىدىغان مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىلىمىنى ئادىللىق بىلەن باھالاپ، ئۇلارنىڭ كېلەچىكىنى بەلگىلەشتە ھەم دۆلەتلىك خاندەلىك ھېسابىغا ئوقۇشقا ئۆتۈشىدە چوڭ رول ئوينىغان ئىدى. دۆلەت تەرىپىدىن يارىتىلغان پەنلىك ئولىمپىك مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلۈش ئەنئەنىسى بۈگۈنكى كۈندە بىراز توختاپ قالدى، ئەپسۇس. شۇنداق قىلىپ، مەزكۇر ئولىمپىادىدىن ئالدىنقى ئورۇنلارغا مۇۋەپپەق بولۇشۇم تۈپەيلى ئاباي نامىدىكى ئالمۇتا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىغا (ھازىرقى قاز م.پ. ئۇنىۋېرسىتېتى) ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىندىم. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدا قولغا كەلتۈرگەن دەسلەپكى ئۇتۇق-نەتىجەم ئىدى ... يەنى، ئالىيەم ھەدە بىلەن بىللە يۇقۇرىدا قەيت قىلىنغان ئادىل كومىسسىيەلەرنىڭ باھالىشى بىلەن مەن ئىستۇدېنت ئاتالدىم. مەزكۇر ئالىي بىلىم دەرگاھىنىڭ بوسۇغىسىغا ئاتلىنىشىم بىلەن ئالىيەم ھەدىنىڭ ئۆمۈرلۈك جۈپتى، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزاتى، دوتسېنت رۇسلان ئارزىيېۋ قارشى ئالدىدە، پېشقەدەم ۋە تەجرىبىلىك ئالىم-ئۇستاز قولىدا تۆت يىل بىلىم ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. بۇ ئائىلە بىلەن تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۇستاز-شاگىرتلىق مۇناسىۋىتىمىزنىڭ قويۇقلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتسەم ئارتۇق بولمىسا كېرەك. ھازىر ئويلىسام، ئالىيەم ھەدە ھەر يىلى جاي-جايلاردىن قاتناشقان يۈزلىگەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن بەش-ئالتە نەپەر ئوقۇغۇچىنى تاللاپ، كەلگۈسى تەقدىرىنى ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچلىك ئىنسانىنىڭ قولىغا تاپشۇرغان ئىكەن. شۇڭلاشقا بولسا كېرەك، مەن ئىستۇدېنتلىق

* ئاباي نامىدىكى قازمپۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزاتى.



ۋاقىتلىرىمدا پات-پات ئاتا-ئانامغا ئۇستازىم رۇسلان ئارزىيېۋنىڭ بىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى ھەم يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى مەمنۇنلۇق بىلەن سۆزلەپ بەرگىنىمدە، ئۇلار مېنى ھەۋەس بىلەن تىڭشايتتىدە، بۇ شارائىتلارنى قولغا كۆلتۈرۈشىمدە ئالىيەم ھەدىنىڭمۇ رولى چوڭ ئىكەنلىگىنى ئۇنتۇماسلىقىمنى ئەسكەرتىپ قوياتتى.

ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ دەسلەپكى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىمنى ئانا مەكتىپىمدە باشلاش مەقسىتىدە يۇرتۇمغا قايتقان بولسامۇ، ئامما مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نويابىر ئېيىدا ئىشقا قوبۇل قىلىندىم. ئەندىلا ئىشقا ئورۇنلاشقان پەيتتە مېنىڭ مەزكۇر مۇتەخەسسىسلىكنى ئىگەللىشىمگە بارلىق مۇمكىنچىلىكلەرنى ياراتقان ئانامدىن ئايرىلىپ قېلىشىم كەلگۈسىدىكى ئۈمىد-ئىشەنچىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئىنتىلىش-تەلپۈنۈشۈمنى گۇمران قىلىۋەتكەن ئىدى. ئائىلىمىز بىلەن شۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقىنىمىزدا مەكتەپ مەمۇرىيىتى تەرىپىدىن ياش مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىش-پائالىيىتىنى كۆرسىتىدىغان ھۆججەتلەرنى، دەرس پالانلىرىنى ناھىيەلىك بىلىم باشقارمىسى تەرىپىدىن ئى. ئالتىنسارىن نامىدىكى بىلىم ئاكادېمىيەسىگە ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، ئالمۇتا شەھىرىدە مىللىي مائارىپ مەسىلىسىگە بېغىشلىنىدىغان چوڭ ئەنجۇمانغا تەكلىپ قىلىپ، ئەنجۇمان ئاخىرىدا ئالىيەم ئارزىيېۋا تەرىپىدىن ئى. ئالتىنسارىن نامىدىكى بىلىم ئاكادېمىيەسىنىڭ گراموتىسىنى تاپشۇرۇلغان ئىدى. ئۇ چاغلاردىمۇ مەزكۇر ئاكادېمىيە تەرىپىدىن بىر پارچە قەغەز ئېلىش چوڭ ئەجىر تەلەپ قىلاتتى. بۇ مېنىڭ ئۈچۈن مەكتەپ ھاياتىمدىكى دەسلەپكى قوللاپ-قۇۋۋەتلىنىش ئىدى ... ئالىيەم ھەدە مانا شۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتتە مېنى مەنىۋى جەھەتتىن روھلاندۇرۇپ، كەسپىمگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىمنى قايتا ئويغاتقانلىقى يادىمدا...

تالاي ئۇستازلارنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن، ئۆز بىلىم-ئىقتىدارى سەۋەبى ئۇلارغا پەقەت ياخشىلىق تەقدىم ئەتكەن ئالىيەم توختامۇشقىزى ئارزىيېۋا ئۇيغۇر ناھىيەسىگە قاراشلىق غالجات يېزىسىدا زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپ بوۋا-مومىسىنىڭ، ئاندىن ئاتا-ئانىسىنىڭ قولىدا تەربىيە ئالغان كەلگۈسى ئالىمە ئوتتۇرا مەكتەپنى تالغىر ناھىيەسى تۈزدىباستاۋ يېزىسىدا ئالتۇن مېدالغا تاماملاپ، ئاباي نامىدىكى قازاق پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمگە ئوقۇشقا چۈشىدۇ. مەزكۇر بىلىم دەرگاھىنى قىزىل دىپلومغا تۈگەتكەن ئا. ئارزىيېۋا 1985 – 1987 -يىللىرى چارىن يېزىسىدىكى م. ھەمراېۋ نامىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە رۇس تىلى ۋە ئەدەبىياتى پەنلىرىدىن دەرس بېرىدۇ. ئاندىن ئى. ئالتىنسارىن نامىدىكى پېداگوگىكا پەنلىرى ئىلمىي-تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى پەنلىرىنى ئوقۇتۇش بۆلۈمگە كىچىك ئىلمىي خادىم سۈپىتىدە ئىشقا ئورۇنلىشىدۇ. 1996 - يىلى پېداگوگىكا پەنلىرىنىڭ نامزاتى، پىروفېسسور بۈۋىخان ئەلاخۇنوۋانىڭ رەھبەرلىكىدە «باشلانغۇچ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يازما نۇتقىنى ئۆستۈرۈش» ماۋزۇسىدا دىسسېرتاتسىيە ياقلاپ، پېداگوگىكا پەنلىرىنىڭ نامزاتى ئىلمىي دەرىجىسىگە سازاۋەر بولىدۇ.

ئالىيەم توختامۇشقىزى 2004 - يىلى پېداگوگىكا ساھەسى بويىچە دوتسېنت، 2018 - يىلى بولسا پىروفېسسور ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1996 – 2010 -يىللىرى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى پەنلىرىنى ئوقۇتۇش لابوراتورىيەسىنىڭ رەھبىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1933 -يىلى يانۋاردا ئېچىلغان مەھكىمە ھۇزۇرىدا ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى پەنلىرىنى ئوقۇتۇش بۆلۈمى مەۋجۇت ئىدى. شۇنىڭدىن بۇ يان، مەزكۇر بۆلۈم مىللىي مەكتەپلىرىمىز ئۈچۈن ئوقۇش پىروگراممىلىرى، دەرسلىكلەر، دىكتانتلار توپلىمى، ئىزاھاتلار ۋە كۆنۈكمىلەر توپلىمى، مېتودىكىلىق قوللانمىلارنى تەييارلاش بىلەن




شۇغۇللىنىپ كەلدى. بۇ بۆلۈمدە مۇرات ھەمراېۋ، ئايشەم شەمىېۋا، بۇۋىخان ئەلاخۇنوۋا كەبى يىرىك ئالىملار، خەلقىمىزنىڭ مەرىپەتپەرۋەر پەرزەنتلىرى ئىشلەپ، مىللىي مائارىپىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىغا مۇناسىپ تۆھپىسىنى قوشقان. قازاقىستان مۇستەقىللىقكە ئېرىشكەندىن كېيىن، يەنى 1996 - يىلى ئىنستىتۇت مىللىي بىلىم بېرىش ئاكادېمىيەسى مەرتىۋىسىگە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى پەنلىرىنى ئوقۇتۇش بۆلۈمى لابوراتورىيە بولۇپ ئۆزگەرتىلدى. ئاكادېمىيە ئالدىغا زامان تەلەپلىرىگە مۇۋاپىق يېڭى ئەۋلاد دەرسلىكلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ۋەزىپىلىرى يۈكلەنگەن پەيتتە، ئالىيەم ئارزىېۋا رەھبەرلىك قىلغان لابوراتورىيەدە كۆرۈنەرلىك ئالىملىرىمىز شېرىۋاخۇن باراتوۋ، پاتىگۈل سابىتوۋا، ئوكتيابىر جامالدىنوۋ، ماخمۇت ئابدراخمانوۋ، ساۋۇت موللاۋۇدوۋ، شېرىۋاخۇن كېبىروۋ، رۇسلان ئارزىېۋ ۋە باشقا ئۇستاز-مېتودىستلارنىڭ پائال قاتنىشىشى تۈپەيلى، مىللىي مەكتەپلىرىمىز «يېڭى ئەۋلاد» دەرسلىكلىرى بىلەن تەمىنلەندى.

ئالىيەم توختامۇشقىزى 2010-2020 - يىللىرى «<ئۆرلېۇ> مىللىي كۋالىفىكاتسىيانى مۇكەممەللەشتۈرۈش» ئاكتسىونېرلىق جەمئىيىتى ئالمۇتا شەھەرلىك كەسپىي راۋاجلىنىش ئىنستىتۇتى مۇدىرىنىڭ ئورۇنباسارى، كافېدرا باشلىقى خىزمىتىنى ئاتقۇردى. 2021 - يىلىدىن باشلاپ مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ «تەبىئىي ۋە گۇمانىتارلىق پەنلەرنى ئوقۇتۇش مېتودىكىسى» كافېدراسىنىڭ پىروفېسسورى.

ئانا ئىزىنى داۋام ئەتكەن ئالىيەم ئارزىېۋا مائارىپ ھەم ئىلىم-پەن ساھەلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ ئۈلۈش-تۆھپە قوشقان ئالىمەلىرىمىزنىڭ بىرى. 2006 - يىلى ئالىمەنىڭ «ئانا تىلى دەرسلىرىدە يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى»، 2010 - يىلى «قازاقىستاندا ئومۇمىي بىلىم بېرىدىغان ئوقۇتۇش ئۇيغۇر تىلىدا يۈرگۈزۈلىدىغان مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىي ئېتىش تېندېنسىيەسى »، 2018 - يىلى «زامانىۋى بىلىم بېرىش شارائىتىدا باھالاشنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش ئالاھىدىلىكلىرى» ناملىق مونوگرافىيالىرى نەشر قىلىندى. ئالىمە شۇنداقلا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى بىلىم ۋە پەن مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئەللىپلىك گۇۋاھنامىسى بېرىلگەن پېداگوگ خادىملارنىڭ بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بويىچە پىروگراممىلارنىڭ مۇئەللىپى.

ئۇ نازاربايېۋ ئىنتېللېكتۇئال مەكتەپلىرى ۋە كېمبرىدژ خەلقئارا ئىمتىھانلار كېڭىشى مۇئەللىملىرىنىڭ بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئۈچىنچى (بازىلىق، 2012 -ي.) ۋە ئىككىنچى (ئاساسىي، 2014 -ي.) دەرىجە پىروگراممىلىرى، ھەم قازاقىستاندىكى ئوتتۇرا بىلىم بېرىش مەزمۇنىنى يېڭىلاش دائىرىسىدە رۇس ۋە قازاق تىللىرىدا ئوقۇتىدىغان مەكتەپلەردىكى «رۇس تىلى ۋە ئەدەبىياتى» پەنلىرى بويىچە پېداگوگىكا مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش پىروگراممىسىنىڭ تىرېنېرى (2016 -ي.)، «چىلىل مېتودىكىسى بويىچە ئوقۇتۇشنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرى» ۋە باشقىمۇ نۇرغۇنلىغان سېرتىفىكاتلارنىڭ ساھىبى.

پېداگوگ-ئالىمە تەجرىبىلىك ئۇستاز-مېتودىستلار بىلەن ھەممۇئەللىپلىكتە مىللىي مەكتەپلىرىمىزنىڭ باشلانغۇچ سىنىپلىرى ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلى بويىچە دەرسلىك ۋە مېتودىكىلىق قوللانمىلارنى يېزىپ تەييارلاپ، مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىل-قەلبىنى بىلىم نۇرى بىلەن يورۇتتى. ئاتاپ ئېيتقاندا، «ئانا تىلى» دەرسلىكى ، 1 - سىنىپ، (ئا. ئارزىېۋا، س. ئۇشۇروۋا، م. باقىېۋا)؛ «ئۇيغۇر تىلى» دەرسلىكى، 2 - سىنىپ 1 - 2 - قىسىم، «ئۇيغۇر تىلى» مەشىق دەپتىرى 1 - 2 -قىسىم (ئا. ئارزىېۋا، س. كۇربانوۋا، م. ئىبراگىموۋا)؛ «ئۇيغۇر تىلى» دەرسلىكى، 3 - سىنىپ (ئا. ئارزىېۋا، ر. ئىلىېۋا، گ. ئازنىباكىېۋا)؛ «ئۇيغۇر تىلى» دەرسلىكى، 4 - سىنىپ 1 - 2 - قىسىم، «ئۇيغۇر تىلى» مېتودىكىسى (ئا. ئارزىېۋا، گ. توختاخۇنوۋا،



م. ئىبراگىموۋا) كەبى دەرسلىكلەر پىكىرىمىزگە ئىسپات بولالايدۇ. ئالىمە يۈزدىن ئوشۇق ئىلمىي-پېداگوگىكىلىق ماقالىلارنىڭ مۇئەللىپى . ئۇ بۈگۈنكى كۈندە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مائارىپ ئەلچىسى، ئى. ئالتىنسارىن نامىدىكى مېدالنىڭ ساھىبى. ئالىيەم ئاررىبېۋا بىلىم ۋە پەن مىنىستىرلىكىنىڭ، ئى. ئالتىنسارىن نامىدىكى مىللىي بىلىم بېرىش ئاكادېمىيەسىنىڭ، «ئۆرلېۇ» مىللىي كۋالىفىكاتسىيانى ئاشۇرۇش» ئاكتسىونېرلىق جەمئىيىتىنىڭ، ئالمۇتا شەھەرلىك بىلىم بېرىش باشقارمىسىنىڭ پەخرىي يارلىقلىرى بىلەن مۇكاپاتلانغان ئالىمە.

ھاياتتا بەزى ئادەملەرنىڭ پىكىر قىلىش ماھارىتى، سىرتقى قىياپىتى، كىيىنىش شەكلى جەھەتتىن قايسى كەسىپ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلىۋېلىش ئانچە تەس بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۆزى ئىنسانىنىڭ ئۆز كەسپىگە بولغان سادىقلىق ھەم ساداقەتلىكى تۈپەيلى شۇ مۇتەخەسسىسلىككە ئايىت ئالاھىدىلىكلەر تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتسە كېرەك. بىز ئالىيەم ھەدىنىڭ ئىش-پائالىيىتى، بېسىپ ئۆتكەن ئۆمۈر يولى ھەققىدە گەپ قوزغىغىنىمىزدا دەل شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىز. چۈنكى ئا. ئاررىبېۋا بارلىق جەھەتتىن ئۆز كەسپىنىڭ، ھەقىقىي ئۇستازنىڭ ئۈلگە-نەمۇنىسى.

ئادەتتە بېسىم كۆپچىلىك ئائىلىلەردە ئەر-ئايالنىڭ بىرى تەتقىقات ئىشى بىلەن شۇغۇللانسا، ئىككىنچىسى ئۇنى ھەرتەرەپلىمە قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدىغانلىقى ئېنىق.

ئەندى ھەر ئىككى جۈپنىڭ ئالىم سۈپىتىدە يېتىلىشى بىر-بىرىگە بولغان ھەمكارلىشىشىنىڭ، يار-يۆلەكىنىڭ نەتىجە-كۆرۈنۈشى بولسا كېرەك. بۇخىل ئائىلىلەر خەلقىمىز ئارىسىدا ساناقلىق. شۇلارنىڭ بىرى رۇسلان ئاررىبېۋ ۋە ئالىيەم ئاررىبېۋالار ئائىلىسى بولۇپ، ئەڭ ياخشىسى ئەر-ئايال ئالىملار مىللىي مائارىپىمىزنىڭ جانكۆيەرلىرى سۈپىتىدە مەزكۇر ساھەنىڭ تەرەققىي ئېتىشىگە چوڭ تۆھپە قوشۇپ كەلمەكتە. شۇنى ئالاھىدە قەيت قىلىش ھاجەتكى، ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئا. روزىباقىېۋ نامىدىكى 153 - مەكتەپ-گىمنازىيادە ئوقۇتتى، جۈملىدىن، قىزى دىلەرەم سۇلايمان دېمىرەل نامىدىكى قازاق-تۈرك ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاماملىغان بولسا، ئوغلى دىلمۇرات س. ئاسفېندىيارۇۋ نامىدىكى قازاق مىللىي مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پېدىئاترىيا فاكۇلتېتىدا دۆلەتلىك گرانت ھېسابىدا بىلىم ئالماقتا. بۈگۈنكى كۈندە نەۋرىلىرىمۇ يۇقىرىدا تەكىتلەنگەن بىلىم ئوچىقىدا ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇۋاتىدۇ.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، خەلقىمىز ئالدىدا يۇقىرى ھۆرمەت-ئىناۋەتكە ئىگە بولغان پېداگوگىكا پەنلىرىنىڭ نامزاتى، پىروفېسسور ئالىيەم توختامۇشقىزى ئاررىبېۋا مۇستەقىل قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ئىلىم-پەن ھەم مائارىپ ساھەلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پۈتكۈل ئاڭلىق ھاياتىنى سەرپ ئېتىپ كەلمەكتە. ئالىمەنىڭ ئىزچىل ئىزدىنىش ھەم يېڭىلىققا ئىنتىلىش بىلەن ئۆتكەن ئۆمۈر يولى بىز ياشلارغا ئۈلگە-نەمۇنە بولىدىغانلىقى، سۆزسىز.

# ئالىيەم مۇئەللىم مۇئەللىپلىكىدە نەشر قىلىنغان بەزى دەرسلىك كىتابلار




























УЙҒУР
ӘДӘБИЯТИ
ИЗАҺӘТЛӘР ТОПЛИМИ
8-9


УЙҒУР
ӘДӘБИЯТИ
ИЗАҺӘТЛӘР
ТОПЛИМИ


САВАТ ЕЧИШ
1
2-қисим


А. АРЗИЕВА С. БАЛИНОВА
УЙҒУР ТИЛИ
ДИДАКТИКИЛИҚ
МАТЕРИАЛЛАР
8


УЙҒУР ТИЛИ
ДИДАКТИКИЛИҚ
МАТЕРИАЛЛАР


А. АРЗИЕВА Г. САТТАРОВА
Ж. САБИТОВА
УЙҒУР ТИЛИ
ДИДАКТИКИЛИҚ
МАТЕРИАЛЛАР
11


УЙҒУР ТИЛИ
ДИДАКТИКИЛИҚ
МАТЕРИАЛЛАР

# سادىر پالۋاننىڭ ھېكايىلىرى*

باھارى (ئاۋستىرالىيە)

## سادىر پالۋان

سادىر دەپ ئىتتىم يامان،
ياشتا ئاتالغان.
دەسلەپكى تۇتۇلغاندا،
دۆڭ يامۇلغا سولانغان.

شۇنداق، ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن سادىر تۇنجى قېتىم سولانغاندا «دۆڭ يامۇل» دېگەن يامۇلغا سولانغان ئىكەن. بۇ يامۇل، غۇلجا شەھىرى بىلەن ئەتراپتىكى يېزىنى ئايرىپ تۇرىدىغان دۆڭلۈك - تۈپا دەڭ دىنگە يەرگە جايلاشقان بولۇپ، كۆپىنچە يېزىدىن ئەكەلگەن مەھبۇسلارنى قامايدىكەن. گۈل ئېچىلغان يازدا سولانغان سادىر - قىش تۈگەپ، ئەتىياز بولغىچە سولاقتا يېتىپتۇ. شۇ يىلى (1814 – يىلى) قىشتا قار كۆپ يېغىپ، ئەتىيازدا ئېرىغان قارلار كەلكۈن بولۇپ، دۆڭ يامۇلنىڭ ئىچىنى سۇ بېسىپ كېتىپ، بۇ يەردىكى بىر قىسىم مەھبۇسلارنى غۇلجا شەھەردىكى يامۇلغا( زېرىن دارېن يامۇلىغا) يۆتكەپ، سادىر قاتارلىقلارنى قويۇپ بېرىدىكەن.

يامۇلدىن قۇتۇلغان سادىر «يولۋاستىن قۇتۇلۇپ بۆرىگە تۇتۇلۇپتۇ» دېگەنىدەك، «ۋاڭ خولۇ» دېگەن ھاشارغا ئىشلەشكە تۇتۇلۇپتۇ.

ياز بولسا بولار غەم،
ۋاڭ خولۇنىڭ ئالۋىنى.
بۇ ھاشارغا باش بولغان،
مانجۇلارنىڭ يامىنى.

«ۋاڭ خولۇ» – « كەينىگە ياندۇرۇش » يەنى، ئەتىياز ۋە ياز پەسىللەردە ئىلى دەرياسىدىكى پاتماي ئېقىۋاتقان كەلكۈن سۇلارنى توسۇش دېگەن مەنىدە بولۇپ، دەريادا تېشىپ كېتىۋاتقان سۇلارنى توسۇش ئۈچۈن تاغارلارغا توپا قاچىلاپ، بىر - بىرىگە چىڭ باغلاپ دەرياغا تاشلايدىكەن. بۇنى «تۇرمەل»دەپ ئاتايدىكەن. تۇرمەلنى دەرياغا تاشلاش جەريانىدا نۇرغۇن ئادەملەر كەلكۈن سۇدا ئېقىپ ئۆلۈپتۇ. شۇ چاغدا سادىر مۇنداق دەپ قوشاق توقۇغان ئىكەن:

نى مەردلەر ئۆلۈپ كەتتى،
تۇرمەلنىڭ قاشاسىدا.
جېنىمنى تىكىپ قويدۇم،
ۋاڭ خولۇ ھاشارىدا.




كەلكۈن سۇ يەنىلا توختىمايدىكەن. گالۋاڭ ئەمەلدارلار «سۇ توختايدۇ»دەپ سادىرنىڭ توختى ئىسىملىك ئاغىنىسىنى دەرياغا تاشلايدىكەن...

سادىر:

دەريانىڭ سۈيى تاشسا،
توختى ئاتلىقنى تاشلايدۇ.
ھاشارچى بۇنى كۆرۈپ،
خۇدايىمغا يىغلايدۇ.

دەريانىڭ سۈيى تاشسا،
چوڭ كۆرەنى باسماقچى.
ئەقلى يوق نادان بەگلەر،
ئادەم بىلەن توسماقچى.

– دەپ ناخشا ئېيتىدىكەن. بۇ ناخشىلار «ۋاڭخۇلۇ ناخشىسى» دەپ ئاتىلىپ تا ھازىرغىچە خەلق ئىچىدە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

– سادىر ئاغىنىسى توختىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن چېرىكلەر بىلەن ئېلىشىپ، يەنە يامۇلغا چۈشۈپ قالىدىكەن. سادىر، بۇ - ئىككىنچى قېتىم سولانغىنىدا، غۇلجا شەھرىدىكى زېرىن دارىن يامۇلىدا توپتوغرا بىر يىل ياتىدىكەن. بۇ يامۇلدىن، قوشنا يېزىلىق شاتى ئىسىملىك مانجۇ قىزنىڭ قاچۇرۇۋېتىشى بىلەن قۇتۇلۇپ قالىدىكەنۇ، بىراق ئۇ بىچارە قىزنى ئىلى جاڭجۈنى چېپىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن.

* بېشى ئۆتكەنكى ساندا

سادىر، زىبىن دارىبىن ياماۇلىدىن قېچىپ چىقىپ مۆكۈنۈپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنلەردە، ھېلىقى سادىق دېگەن قوشنىسىنىڭ قىزى ھېۋىزىخان بىلەن ئائىلە قۇرىدىكەن. سادىرنى تۇتالماي يۈرگەن مانجۇ ئەمەلدارى بۇنى ئاڭلاپ سادىق بوۋاينى ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرىۋېتىدىكەن، سادىرنىڭ دادىسى خوشئەخمەتنى ئۇرۇپ مېيىپ قىلىپ قويىدىكەن. بۇ، 1817 – يىللىرى بولۇپ، ياش سادىرنىڭ يۈرىكىدە «ئىنتىقام ئوتى» - ئۆچمەس ئوتقا ئايلىنىپتۇ. 1818 - 1819 - يىللىرى مانجۇ ئەمەلدارلىرى، ئۆزلىرى باقالمىغان ئات، كالا، قويلىرىنى خەلقلەرنىڭ بېقىشىغا تارقىتىپ بېرىدىكەن. ئۇ ماللارنى «خان ئات»، «خان كالا»، «خان قوي» دەپ ئاتىشىپتىكەن. بىر كۈنلەرگە كەلگەندە، سادىرنىڭ مېيىپ دادىسى بېقىشقا بۇيرۇلغان ئىككى كالا ئۆلۈپ قاپتۇ. چېرىكلەر، بۇ بىچارە بوۋاينى ياتقان يېرىدىن زەمبىلگە سېلىپ تالاغا ئەپچىقىپ ئۇرۇپ – تىللاپ «ئىككى كۈن ئىچىدە كالىنى تۆلە» دەپ مەجبۇرلاپتۇ . ئۇ مېيىپ بوۋاي قانداقمۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ئىككى كالا تۆلىيەلىسۇن؟!

ئەلەمگە چىدىمىغان سادىر مۇنداق قوشاق توقۇپ:

يۇرتنى باستى غەم -قايغۇ،
ئۆي بىساتتىن ئايرىلدۇق.
خان كالا، قوي، ئات ئۈچۈن،
ئىسسىق جاندىن ئايرىلدۇق.

سادىر قانداق چىدىغاي،
خان كالا، قوي دەردىگە.
قاقمىسام مەن ئۆپكەڭنى،
كۆرۈپ تۇر خان، ئەتىگە.

– مانجۇ خانىنىڭ «ئۆپكىسىنى قېقىپ» ئۆچىنى ئالىدىكەن. ئۇ بىر ئامال قىلىپ مانجۇ خانىنىڭ بايلىق – مال دۇنياسىنى ساقلايدىغان خەزىنىسىنىڭ ئورنىنى بىلىۋاپتۇ. ئۇ يەرنىڭ چۆرىسىدە چوڭقۇر سۇ، سۇنىڭ ئۈستىدە ئاسما كۆۋرۈك بولۇپ، چېرىكلەر بۇ كۆۋرۈكنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىدىكەن. كۆرۈكتىن قانداق ئۆتەش كېرەك؟! پەم پاراسەتلىك سادىر بۇنىڭ ئامالىنى تېپىپتۇ. ئۇ، چوڭ بىر ئىتنى سويۇپ، كېچىسى ئۇنىڭ تېرىسىگە ئورۇنۇپ، تۆت پۇتلاپ ئۆمىلەپ مېڭىپ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاپتۇ! ئاندىن، شەپە چىقارماي بېرىپ خەزىنە بار قورۇغا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن خەزىنىچىنىڭ مۈشۈكى تالاغا چىقىپتىكەن، سادىر ئۇ مۈشۈكنى ئولتۇرۇپ ئۆز كىيىملىرىنى مۈشۈكنىڭ قېنىغا مىلەپ قان يۇقى قىلىۋېلىپ، خەزىنىچى ئۇخلاۋاتقان ئۆيگە كىرىپ، ئۇخلاۋاتقان خەزىنىچىنىڭ بۇرنىغا كەندىر كۆيدۈرۈپ پۇرۇتۇپ ئۇنى مەست قىلىپ قاتتىق ئۇخلىتىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خەزىنە ئۆيىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى خەزىنىچىنىڭ يانچۇقىدىن خاتىرجەم ئېلىپ، ئالتۇن – كۈمۈشلەرنى خۇرجۇنىغا قاچىلاپ قويۇپ، ئۆزى شۇ ئۆيدىكى بىر ساندۇق ئىچىگە چۈشۈۋېلىپ، مانجۇچە «ئەرخاك»دېگەن ناخشىنى بولۇشىچە تۇۋلاپ ئېيتىپتۇ. ناخشا ئاۋازىدىن خەزىنىچى چۆچۈپ ئويغىنىشىغا، سادىرمۇ ساندۇقتىن چاچراپ چىقىپتىكەن، بۇنى كۆرگەن خەزىنىچى «جىن كەپتۇ»دەپ قورقۇپ كېتىپ ئاۋازىنىمۇ چىقىرالماي ھوشىدىن كېتىدىكەن. ئەقىللىق سادىر بولسا، ئايىغىنىڭ ئالدىنى كەينىگە قىلىپ كىيىپ بىمالال چىقىپ كېتىپتۇ ۋە بۇ بايلىقلارنى نامرات دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىپتۇ. بۇ 1819 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئىكەن.

سادىر ئۆچىنىغۇ ئالىدىكەن، لېكىن «زامان زورنىڭ» بولغاچقا، ئۇنى يەنە تۇتۇۋېلىپ تۆمۈر قەپەسكە سېلىپ ھارۋا بىلەن غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىدىكى كۈرە ياماۇلىغا ئېلىپ ماڭىدىكەن. ھارۋا، خۇدديار يۈزى دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئالدىن تەييارلىنىپ تۇرغان سادىرنىڭ ئاغىنىلىرى ھارۋىنىڭ يېنىغا كېلىشىگە، سادىر ھارۋىنىڭ كەينىگە باغلاپ قويغان ئاتلارنىڭ چۇلۋۇرىنى يېشىۋېتىدىكەن. قاچقان ئاتلارنى چېرىكلەر قوغلاپ كېتىدىكەن، سادىر بولسا ئاغىنىلىرى بىلەن قېچىپ كېتىدىكەن.

سادىر بىر مەزگىل قۇمۇشلۇقلاردا يوشۇرۇنۇپ جان ساقلىغان بولسىمۇ، يەنىلا تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدەپ يۈرگەن چېرىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىكەن. بۇ قېتىم، «سادىرنىڭ بۇرنىدىن تۆمۈر زىقچە ئۆتكۈزۈپ زەنجىر بىلەن سۆرەپ ماڭغان» دېيىشە ئىشىنەمسىلەر؟! سادىرنىڭ تۆۋەندىكى ناخشىسىنى ئاڭلاپ باقايلى:

مېنى يالاپ ئىپ ماڭدى،
بۇرنۇمغا سېلىپ زىقچا.
ئۈستۈرسەڭمۇ قايتماسمەن،
ئاق خان ياسىغان مىخق.

(ئاق خان ياسىغان مىخ- رۇس مىخى دېمەكچى)

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرنىنى تەشكەندىن كېيىن سادىرنىڭ بۇرنى زەخىملىنىپ، قىلغان سۆزى سەل ئېنىق بولماي قاپتۇمىش. شۇڭا بەزىدە «سادىر قاڭرىق» دەپمۇ قويارمىش.

مېنى تۇتىمەن دېگەن،
خان جاڭجۇن، چېغىڭ چاغلىق.
مېنى سەن تۇتالمايسەن،
ئوغۇل بالىمەن «قاڭرىق».

دېگىنىدەك بۇ ئۈچىنچى قېتىملىق سولۇنۇشى بولۇپ، سادىرنى، غۇلجىدىكى كۈرە ياماۇلىدا بىر يىل سولىغاندىن كېيىن 1820 - يىلى كۈزدە ئۈرۈمچى ياماۇلىغا يۆتكەپتۇ. ئۈرۈمچى - غۇلجا يولىدىكى تەلكە تاغلىرىدىن ھارۋا ئۈستىدە، قەپەس ئىچىدە، كېتىۋاتقان سادىر مەردانە ھالدا ناخشا ياڭرىتىپ ئىگىز تاغلاردىن ئۆتكەن ئىكەن:

تەلكىنىڭ تېغى دەيدۇ،
مەردلىك ياغار چىرايىدىن.
مېنى كۆرمە ئۆلۈمتۈك،
چاپىنىمنىڭ ياماقىدىن.

تەلكىنىڭ تېغى دەيدۇ،
بېشى كۆكنى قۇچاقلايدۇ.
سەن بەگلەر مېنى خار كۆرمە،
مېنى ئەل - يۇرت ئۇلۇقلايدۇ...

سادىر بۇ قېتىم ئۇرۇمچىدە ئۈچ يىل يېتىپتۇ. ئۇ، يامۇلدا تونۇشقان ھېلىم، سېلىم دېگەن ئاكا – ئۇكا باتۇرلار بىلەن بىرلىشىپ بۇ يامۇلدىنمۇ قېچىپتۇ:

يامۇلدىن قاچقان كۈنى،
ھېلىم بىلەن تېپىشتىم.
قوغلىغان چېرىك بىلەن،
ئۈچ كۈنگىچە ئېتىشتىم.

ئۇلار، غۇلجىغا قايتىپ بېرىش ئۈچۈن كۆپ قىينىلىپتۇ، خۇددى تۆۋەندىكى قوشىقىدا ئېيتقاندەك:

دىخۇادىن قېچىپ چىقىپ،
ئۆز يۇرتقا يېتەلمىدۇق.
ھەر قانچە قىلغان بىلەن،
مەقسەتكە يېتەلمىدۇق.

سادىرنى تۇتۇپ بەرگەن،
ئاق جاڭزىدىكى شاڭيۇ.
جان باقماق ئۈچۈن ساتتىم،
قۇمۇل شەھىرىدە ياڭيۇ.

(دىخۇا – ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتلاردىكى ئاتىلىشى)

ئۇ زۇلمەتلىك كۈنلەردە، ئاچچىق قىسمەتلەرگە يەنە قايتىلىنىپتۇ. 1827 - يىلى، ئالدىغا ئەكېلىپ باغلاپ قويغان ئايالىغا چىدىماي ۋە باشقىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يەنە ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىپتۇ:

ھەيۋەتلىك قىيا تاشلار،
يامغۇر سۈيىدە يېرىلار.
سەن تۇرساڭ تىك باغلاقلىق،
سادىرىڭ قانداق چىدار؟!

سادىر پالۋاننى باش ئەگدۈرەلمىگەن مانجۇ بەگلەر بۇ قېتىم ئۇنى قۇمۇل يامۇلىغا پالاپ، 1828 - يىلى قىشتا قەپەسكە سولاپ ھارۋا بىلەن ئېلىپ ماڭىدىكەن. زىمىستان قىشتا، ئېگىز تاغلاردا، ھارۋا ئۈستىدە، قەپەس ئىچىدە، يالاڭ كىيىمدە، زەنجىر - كىشەندە... سادىر پالۋان يەنىلا مەردانە ناخشىسىنى توختاتمىغان.

مېنى قۇمۇلغا پالاپتۇ،
ھېۋىزخان توقاچ ياققىن.
بەش بالام يېتىم قالدى،
تېنىمەي ئوبدان باققىن.

قىش-بوران، شىۋىرغاندا،
ناخشامغا روجەك ياخشى.
جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى،
تۆمۈر ھارۋا داق-دۇقى.

تارتقىنىم جەبرى - زۇلۇم،
مىڭ ئۆلۈپ تىرىلدىممەن.
دەرد كەلسە كېلىشۈەرسۇن،
يولۇم ھەق ،كېرىلدىممەن.

سادىر پالۋان بۇ قېتىم 1828 - يىلىدىن 1831 - يىلىغىچە قۇمۇل خان يامۇلىدا يېتىپتۇ ۋە شۇ يامۇلدا گاڭباقى دېگەن باتۇر بىلەن تونۇشۇپتۇ.

قۇمۇل دېگەن يەردىمۇ،
قازان قۇلىقى تۆت ئىكەن.
زالىم توڭچىسى – بەگلەر،
زۇلۇمىدا ئۆلگەن كۆپ ئىكەن.

خان داۋۇزى ئالدىدا،
كۆردۈم بىگۇناھ بىر باش.
ئوغلى ئۇنىڭ گاڭباقى،
ماڭا بولدى قېرىنداش.

سادىر پالۋان، گاڭباقى باتۇر ئىككىسى بىرلىكتە يامۇلدىن يەنە قېچىپ قۇتۇلۇپ 1834 - يىلى كۈزدە ئىلىغا كېلىپتۇ ...

– سادىر پالۋان ياتقان يامۇللارنىڭ قانچىسىنى سۆزلەپ بولدۇق- ؟!

كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، سادىر پالۋان 1813 - يىلىدىن 1858 - يىلىغىچە بولغان قىرىق نەچچە يىل ئىچىدە 13 قېتىم يامۇلدا ياتقان ئىكەن. ھەر قېتىمدا چېرىكلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قېچىپ قۇتۇلۇپ، پالۋان ئاتىلىپ داڭ چىقارغان ئىكەن.

# سادىر سەركەردە

كەينى – كەينىدىن ئۇرۇلغان، ئوخشىمىغان قولللاردىكى رەھىمسىز قامچىلارنىڭ ئازابى سۆڭەك – سۆڭەكتىن ئۆتۈپ كەتكەن شۇ جەۋرى – زۇلۇملار جەريانىدا، باتۇر ۋە پەم – پاراسەتلىك ـ سادىر پالۋان بوۋىمىز، خەلقىنى تەشكىللەپ قوزغىلاڭ قىلىپ، مانجۇ بەگلەرنىڭ قاتتىق دەككىسىنى بېرىپ ئىلى دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ سەركەردىسىگە ئايلىنىپتۇ.

ئاققان قانلىرىم قىزىل،
تامچىسىغا قۇياش خىجىل.
بىر ئەمەسمەن ئەل ئىچىدە،
مىڭلاپ چىقار سادىر بىل!

1826 - يىلى سادىر پالۋان ھېزىم دېگەن ئاغىنىسى بىلەن ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن قاچقانلىقىنى يۇقىرىدا ئېيتىپ بەرگەن ئىدۇق. ئۇلار مىڭبىر جاپالار بىلەن 1827 - يىلى باھار پەسلىدە ئىلىغا يېتىپ كېلىپ، مانجۇ خانلارنىڭ زۇلۇمىغا چىدىماي تاققا قېچىپ چىققان ئەللىكتىن ئارتۇق ئەزىمەتلەر بىلەن (بۇلارنى «قاچاقلار»دەپ ئاتاپتىكەن.) غۇلجىنىڭ قازانچى غولى دېگەن يېرىدە تېپىشىپتۇ. سادىرنىڭ كېلىشى بۇ «قاچاقلار»نى بەك خۇشال قىلىۋېتىپتۇ، ئەلۋەتتە! بۇلار نىڭ ئىچىدىكى ماموت «قوتاز» دېگەن بىرسىنى، چېرىكلەرنىڭ قولىدىن سادىر پالۋان قۇتقۇلدۇرغان ئىكەن، ئۇمۇ خۇددى خىزىر كەلگەندەك خوش بولۇپ كېتىپتۇ. ھەممىسى بىر ئېغىزدىن سادىر پالۋاننى «سەركەردە» سايلاپ 300 كىشىلىك قوزغىلاڭچىلار ئەترىتى تەشكىللەپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭنى باشلاپتۇ. قوزغىلاڭچىلار ئوقيا، نەيزە، ئايپالتا، قىلىچ قاتارلىق قۇرال – ياراق ۋە يېمەكلىكلىرىنى تاغ ئۈستىدىكى ئۆڭكۈرلەردە ساقلىغان ۋە سادىر قاتارلىق «قاچاقلار»ئەترىتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ تاغلاردىكى ئۆڭكۈرلەردە پاناھلىنىپ تۇرۇپ جەڭ قىلغان ئىكەن. خەلق سادىرنى ياد ئېتىپ، سادىر ياتقان ئۆڭكۈرنى «سادىر ئۆڭكۈرى»دەپ ئاتىشىپتۇ. ئۇ ئۆڭكۈرلەر، شۇ چاغدىكى غۇلجا قەلئەسىدىن 1500 – 2300 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن 2000 – 3000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جايلاشقان بولۇپ، سادىر ئۆڭكۈرىنىڭ يېنىدا 150 مېتىر ئېگىزلىكتىن چۈشىدىغان شارقىراتما بار ئىكەنتۇق. سادىر پالۋاننىڭ ماۋۇ قوشىقىدا ئېيتقاندەك:

ئۆڭكۈر باشىدىكى قاردىن،
بىر يەڭ سۇ چۈشۈر پەسكە.
بىز ئېگىزدە بولساقمۇ،
ئەزىزلەر بىزنىڭ ئەستە.

ئېگىز ئۆڭكۈرلەردە ياشاپ جاپا تارتسىمۇ، ئەزىز خەلقى ئۈچۈن جان تىكىپ جەڭ قىلغان ئىكەن.

1834 – يىلى كۈزدە، سادىر قومۇل يامۇلىدا تېپىشقان دوستى گاڭباقى بىلەن ئىلىغا قايتىپ كېلىپتۇ . بۇ چاغدا ئىلى دېھقانلىرىنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇم چېكىگە يەتكەن ئىكەنتۇق. ھەر بىر دېھقان ئائىلىسىگە كەلگەن يىللىق سېلىق 32 خو ئىكەن. بىر خو 64 كىلوگىرامغا تەڭ بولسا، مىڭ كىلوگىرام بىر تۇننا بولسا، ھېسابلاپ بېقىڭلارچۇ، ھەر بىر نامرات دېھقان ئائىلىسى يىلىغا قانچىلىك سېلىق تاپشۇرۇدىكەن...؟! ئۇلار، قاتمۇ – قات زۇلۇم تۈپەيلى ئۆچمىگەن قىساس ئوتلىرىنى قايتا يالقۇنجىتىپ «سادىر ئۆڭكۈرى»دە قوزغىلاڭ قىلغان ئەترىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە باشقا قوزغىلاڭچى ئەترەتلەر بىلەن بىرلىشىپ كۈرەش قىلىپتۇ.

سادىر پالۋان، سەركەردە بولۇپ ئېلىپ بارغان تۆۋەندىكى تۆت قوزغىلاڭنى ھازىرغىچە ھېچكىم ئۇنۇتقىنى يوق. 1851 – يىلى كۈزدە، ئىلى دەريا ياقىسىغا جايلاشقان ئامبارلاردىكى ( ئۇ ئاشلىق ئامبىرى ھازىرقى ياغاچ سايمانلىرى زاۋۇتى بىلەن تاشكۆۋرۈك يېزىسى ئورنىدا ئىكەنتۇق) ئاشلىقنى سال بىلەن دەريا ئارقىلىق، مانجۇ خانلىرى جايلاشقان كۈرە سېپىلىگە ۋە چاررۇسىيەگە توشۇماقچى بولغاندا، سادىر سەركەردە قوزغىلاڭچى باتۇرلىرىنى باشلاپ كېلىپ نۇرغۇنلىغان ئاشلىقنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئاچ – يالىڭاچ قالغان نامرات خەلققە تارقىتىپ بەرگەن.

1861 - يىلى كەچ كۈزدە، سادىر سەركەردە 3000 ئارتۇق چوڭ قوشۇن بىلەن بىرلىكتە غۇلجا شەھىرىگە 2 - قېتىم ھۇجۇم قىلىپتۇ. شەھەر خەلقى، شەھەر ئىچىدە تۇرۇپ ھۇجۇمغا ماسلىشىپ، ئون كۈنلۈك ھۇجۇمدىن كېيىن غۇلجا شەھىرىنى مانجۇلار قولىدىن ئازاد قىلىپتۇ. 1862 - يىلى، غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدىغان چىلپەڭزە دېگەن يەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، سادىر سەركەردە شۇنچىلىك پەم ئىشلىتىپتىكى، قورقۇپ كەتكەن چىلپەڭزە ئامبالى ئۇرۇشمايلا تەسلىم بوپتۇ! ئۇلار مۇنداق قىلىپتۇ: 40 ئۆچكە يىغىپ، ئۇلارنىڭ مۈڭگۈزىگە شام، قۇيرۇقىغا پوجاڭزا باغلاپتۇ. كېچىدە، شامنى ياندۇرۇپ، پوجاڭزىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ، ئۆچكىلەرنى چىلپەڭزىگە قارىتىپ قويۇپ بېرىپتۇ. «پاك- پۇك»ئاۋازلار ۋە توختىماي مىدىرلاپ كېلىۋاتقان سانسىز يورۇق توچكىلار قوشۇلۇپ، چىلپەڭزە ئامبىلىنى قورقۇتۇپ جىننىنى ئاپتۇ- دە، جەڭ قىلمايلا تەسلىم بوپتۇ. 1864 - يىلى 7 - ئايدا بايانداي قەلئەسىنى ئېلىش ئۇرۇشى بولۇپتۇ. بايانداي قەلئەسى - مانجۇ ئەمەلدارلىرى مۆكۈنىۋالغان ئېگىز سېپىل تاملىرى بىلەن قورشالغان مۇستەھكەم قەلئە بولۇپ، باشقىلار ئۇيەرگە ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قىلىپمۇ ئالالمىغان ئىكەن. بۇ قېتىم 5000 كىشى قوزغىلاڭغا قاتناشقان بولۇپ، ھۇجۇم پىلانىنى سادىر سەركەردە ئۆزى تۈزەپتۇ ۋە باشلامچىلىق قىلىپتۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئۈچ ئوغلى بىلەن سېپىلنىڭ ئاستىغا لەخمە كولاپ پارتلاتقۇچ دورا كۆمۈپ سېپىلنى پارتلىتىپ يوچۇق ئېچىپتۇ. قوزغىلاڭچىلار بۇ يوچۇقتىن سېپىل ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ قەلئەنى ئازاد قىلىپتۇ.

بۇ غەلىبىدىن سۆيۈنگەن خەلق ئۇنتۇلماس «بایاندای قوشىقى»نى تىللاردا داستان قىلىپ ئېيتىپ كەلمەكتە:

جىياڭجۇن دېگەن ئىپلاسنىڭ،
زۇلۇمىغا چىدىماي.
چىقتى خەلق سېپىلغا،
غەزەپلىنىپ توختىماي.

قورقۇپ جىياڭجۇن ئالۋاستى،
كىردى سېپىل ئىچىگە.
مەھكەم ئىكەن سېپىلى،
يەتمىدۇق ھېچ ئېپىگە.

قورشاپ تۇرغان خالايىق،
ئۆزگەرتمىدى گېپىنى.
شۇ سېپىلگە كىرىشىنىڭ،
قىلماڭ بولدى ئېپىنى.

جاپا چەككەن يارەنلەر،
پىدا قىلدى جېنىنى.
دەرۋازىغا ئوت قويسا،
تاقىۋالدى ئىچىنى.

قالدى ھەممە قايغۇرۇپ،
ئويلاپ، چايقاپ بېشىنى.
چىقىپ سادىر پالۋان،
باشلىۋەتتى ئىشىنى.

كولاپ سېپىل تېگىنى،
كۆمدى كۆپلەپ دورىنى.
پىلتا بىلەن ئوت ياقتى،
قىلىپ ئوبدان ئېپىنى.

گۈمبۈرلىگەن ئۈن بىلەن،
ۋەيران بولدى سېپىلى.
غېمىنى يەپ جىياڭجۇننىڭ،
ھودۇقۇشتى چېرىكى.

شۇندا خەلق يۈگۈردى،
بەكمۇ قاتتىق جەڭ بولدى.
تەييار تاپلار ئۆلۈكى،
سېپىل بىلەن تەڭ بولدى.

جىياڭجۇن باشلىق چوڭلىرى،
تۆت ئىشىككە يۈگۈردى.
ئۆزىنى ئۆزى باشلاپ،
ئۆلۈمگە ئۈلگۈردى.

شۇ كۈنىلا خالايىق،
دۈشمەنلەرنى چېپىشتى.
غەزەپ بىلەن گېلىغا،
نەيزىلەرنى تىقىشتى.

تالقان يېگەن خەلقلەر،
نېمەتلەرگە ئېرىشتى.
ئازاد بولۇپ زۇلۇمدىن،
مۇڭلىرىنى ئېيتىشتى.

بایاندای قورغىنىنى ئېلىشتا تۆھپە ياراتقان سادىر سەركەردە، كۈرە قەلئەسىنى ئېلىشتا كۈچ چىقارغان ئەلاخان قاتارلىق باتۇر ئەجدادلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى نەتىجىسىدە ئىلى دىياردا مانجۇ لارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ تاشلىنىپ، 1865 - يىلى «ئىلى سۇلتانلىقى » ناملىق دۆلەت قۇرۇلغان.

سادىر سەركەردە - ئەنە شۇنداق قەھرىمانلىقى بىلەن خەلق ئارىسىدا ئۇنتۇلماس نام قالدۇرۇپ كەلگەن. مانا بۈگۈنكى كۈندىمۇ ياد ئەتمەكتىمىز ۋە بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولغۇسى!

سادىر پالۋان بوۋىمىز – ئىلى دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ سەركەردىسى، «پالۋان»دېگەن نامىغا مۇناسىپ تارىخى شەخس، شۇنداقلا خەلق قوشاقچىسى ۋە ناخشىچىسى. ئۇ - ئۇيغۇر مىللىتىمىزنىڭ پەخرىدۇر.

(ئۇ، 1871 - يىلى ۋاپات بولغان بولۇپ، ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ ئىلى دىيارىدىكى موللاتوختىيۈزى يېزىسىدا قەبرىسى ساقلانماقتا.)

## پايدىلانغان كىتابلار:

1 - «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» - شېرىپ خۇشتار. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى.

2 - «سادىر پالۋان» - تۇرسۇن ياسىن.
شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى. 1988 - يىلى.

3 - «ئۇيغۇر خەلق تارىخى قوشاقلىرى» - توپلاپ رەتلىگۈچى ئۇچقۇنجان ئۆمەر، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1981 - يىل.

# شۈبۈرشۈن نېمىنى ئارمان قىلىدۇ؟

ئالېس كارلىيوكېۋىچ (بېلورۇسسىيە)*

فېنولوگ بوۋاي ئورنىدىن بەرگەن ئۆگزە جەسۇر كاپىتانغا تازا ئەسقاتتى. كېچىسى يەنە گۆلدۈرماما گۈرۈلدەپ، چاقماق چېقىپ، سۆۋسلوچ بىئارام چايقىلىۋاتقاندا، شۈبۈرشۈن سۈت ئۈيۈقۇدا ئىدى. بەلكىم، ئۇ ناھايىتى ھارغان بولسا كېرەك.

ئەتىگەنلىكى ئۇ قانچە تىرىشىسىمۇ يوپۇرماق ئۆگزىنى ئورنىدىن قىمىرلىتالمىدى. خەشەك-كېمىنى ھىم يېپىپ تۇرغان يوپۇرماق زادىلا يوروق ئۆتكۈزمەيتتى. شۈبۈرشۈن ئۆزىنىڭ بۇ ۋاقىتلىق ماكانىنىڭ سىرتىدا نېمە بولۇۋاتقىنىنى بىلمەي، بىلمىگەن تەرەپكە ئۈزۈپ كېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئەنسىرەپ قالدى.

«نېمە قىلىش كېرەك؟»، ئۇنىڭ يەنە بېشى قاتتى. يوپۇرماقنى ئېلىۋېتىشكە ئۆزىنىڭ كۈچى يەتمەسلىكى ئېنىق. فېنولوگ بوۋايغا خەۋەر بەرسىچۇ؟ بوۋاي ھەرقانداق جاغدا ياردەم قىلىشقا ۋەدە قىلغانىغۇ. بىراق ئۇنى قانداق چاقىرالايدۇ؟ ئۇنىمۇ يەتمەيدۇ.

«-ئەگەر ئېغىرلىق كۆتۈرىدىغان شتانكىچى بولسام، يوپۇرماقنى پىرقىرىتىپ دولقۇنلارغا تاشلىۋېتەر ئىدىم»، – دەپ ئارمان قىلدى. ئۇ شۇئان يەنە كىم بولغۇسى كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلاشقا باشلىدى. قانداق كەسىپ، ھۈنەرلەر ئۇنىڭغا لايىقتۇر؟

دەسلەپ ئۇ ئۆزىنى ھەقىقىي دېڭىز كورابلىنىڭ كاپىتانى سۈپىتىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. «سۆۋسلوچ بولوچانكىلار گەپ بوپتىمۇ؟ مەن كەڭ ئوكيانلارنى كېزىمەن. سۆۋسلوچتىن بېرېزىناغا، ئاندىن...! بالىقاي ئۆزى ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان جۇغراپىيەلىك ئاتلاسنى ئەسكە ئالدى. ۋېرونىكا بىلەن بىللە ئوقۇغان جۇغراپىيە دەرسلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى. جەنۇب ۋە شىمال، ئافرىقا ھەم ئاسىيا قىتئەلىرىنىڭ ئورنىنى خىيالەن ئاجرىتىۋالدى.

«شۇنداق قىلىپ، بۇ سۆۋسلوچ بىلەن بېرېزىنانىڭ سۈيى نەگە ئاقىدۇ؟ ئافرىقىمۇ، ئاسىياغىمۇ؟ ياق، ئۇلار ئۇنچىۋالا يىراققا ئاقالمايدۇ. مانا ئەمدى بۇنى تېپىپ كۆر. ھە راست، بۇنى مەن ئۆزۈم ۋېرونىكىغا ئېيتىپ بېرىۋېدىمغۇ. بېرېزىنا دنېپىرغا، دنېپىر بولسا قارا دېڭىزغا قويۇلىدۇ. بەللى! مانا قەيەردە ئۈزۈش كېرەك!»

خۇشاللىقىدىن شۈبۈرشۈننىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ ئۆزىنى چىرايلىق، ئاپپاق كىتېل كىيگەن چوڭ كېمىنىڭ كاپىتانى، دەپ ھېس قىلماقتا. كورابلىنىڭ نامى «ۋېرونىكا». بالىقاي كېمىسىنى نېمە ئۈچۈن ئاشۇ بىر




سۆز ئۇقماس قىزنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىغانلىقىنى ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدۇ. ئوقۇشىمۇ چاغلىق ئۇنىڭ. بىراق باشقىچە ئاتاشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. «ھە مەيلى، – دەپ ئويلىدى ئۇ. – مېنىڭ ئۆزىنى قانداق باھالايدىغىنىمنى بىلسۇن! بەلكىم، ئۇ تولۇپ قالار. ئەلاچىلار قاتارىغا كىرگەندە مېنى ئېسىغا ئېلىپ قويار. كىم بىلىدۇ، مېنى ئىزدەشكىمۇ باشلار»، دەپ ئۆزىنى بەزلىدى «كاپىتان». ئۇ يەنە ئىككىلىنىپ قالدى. ۋېرونىكا ئىككىسى ئەمدى يېنىپ ئۇچراشمىسا كېرەك»

«ئەڭ ياخشىسى دېڭىز قاراقچىسى بولاي. ئۇ چاغدا مېنىڭ ھەرخىل قورال-لىرىم بولار ئىدى. قىلىچلار، تاپانچىلار، مىلتىقلار، خەنجەرلەر. مەن يوچۇن كېمىلەرنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ قۇرال-ياراق، خەزىنىلىرىنى ... ياق، ياق. مەن مېھرىبان قاراقچى بولاي. باشقا قاراقچىلاردىن تارتىۋالغان ئالتۇن-كۆمۈشلەرنى ئۆزىنىڭ ئىگىلىرىگە قايتۇرىمەن. بولمىسا، ئۆزلىرى ياخشى، لېكىن تۇرمۇشى ناچار ئادەملەرگە تارقىتىپ بېرىمەن. شۇ چاغدا مېنىڭ نامىم دۇنياغا تارىلىپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا ۋېرونىكا قانداق كۆچلۈك، مېھرىبان دوستىدىن ئايرىلغىنىنى بىلىدىغان بولىدۇ» شۈبۈرشۈننىڭ خىيال-ئارمانلىرىنى شىلدىرلىغان ئاۋازلار بۇزدى. ئەتراپ بىردىن يوپ-يورۇق بولۇپ، دىمىغىغا تازا ھاۋا گۈپپىدە ئۇردى. «مېھرىبان قاراقچى» ئەھۋالنى بىردىن چۈشەندى.

---

* بېشى ئۆتكەنكى ساندا

فېنولوگ بوۋاي ئۇنىڭغا ياردەمگە كەلگەن ئىدى.

– تۈنۈنى قانداق ئاتقۇزدۇڭ، مېنىڭ جەسۇر ساياھەتچىم، – دەپ سورىدى يېڭى دوستى. بالىقاي بوۋايغا ئۆزىنىڭ ئارمانلىرى ھەققىدە ئېيتماقچى بولدىدە، بىراق بۇ ئويىدىن تېز يالتايدى. قاراقچى دېگىنىڭ بەرى بىر بۇلاڭچىدە. شۇڭا دوستىنىڭ سوئالىغا بىنائەن:

– ئۆزىڭىزچۇ، ياخشى ئۇخلىدىڭىزمۇ؟– دېيىش بىلەن چەكلەندى.

– نېمىسىنى ئېيتاي، كاپىتان. تاڭنى كۆز يۇمماي، غەم-تەشۋىش، چىگىچ ئويلار بىلەن ئاتقۇزدۇم. سېنىڭ توغرىلىق ئانچە ۋايىم قىلمىدىم. بوران-چاپقۇن توختاپ، تۈن تىنىچ ئۆتتى. داكوردا مېنىڭ كونا مۇنچام بار. ھاۋا بۇزۇلغاندا شۇ يەرنى پانا قىلىمەن. بۇ قېتىم شۇ يەردە تۈنەمەكچى بولدۇم. ئامما زادى ئۇخلىيالمىدىم.

... شۇنداق بىر يېرىم بار. ئەگەر دەسلەپكى گۈلدۈر تۈندە بولسا ئادەملەرگە قىيىن بولىدۇ. ئەگەر كۈندۈزى يۈز بەرسە ئەكسىنچە، مولچىلىق دېگەن سۆز. راست، بۇ قېتىم ھاۋا كەچقۇرۇن ۋە شەرقتىن قاتتىق گۈلدۈرلىدى.

– بۇ نېمىنىڭ ئالامىتى؟ – سورىدى شۇبۇرشۇن.

– بۇ مول ھوسۇلغا ئىشارە، مېنىڭ قىممەتلىكىم ... ئەگەر چاقماق غەربتىن بولسا، بەلكى بۇ يىل قىيىنچىلىق ئەكىلەر ئىدى . ئەينەن تۈن بويى شۇلار ھەققىدە ئويلىدىم.

– شۇنىڭ بىلەن قانداق قارارغا كەلدىڭىز، ھۆرمەتلىك فېنولوگ بوۋا؟ – ئۇنىڭغا بولۇچانلىقىدا بۇ يىل ھاۋا رايىنىڭ قانداق بولىدىغىنىنى بىلىۋېلىش مۇھىم ئىدى.

– خۇلاسە چىقىرىشقا تېخى ئەتىگەن. ئالدىرىماي، ھەممە نەرسىنى بايقاپ، كۆزىتىش كېرەك. ھەرھالدا، ياز ياخشى بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن. تەبىئەت بۇ يىل ئادەملەرگە يېقىنچىلىق قىلىۋاتىدۇ. دالا، ئوتلاق، ئورمانلار تەكشى كۆكەرمەكتە. باھار ئىللىق. دېمەك، كۆكتات مول بولىدۇ، دېگەن سۆز. بۇ يىل ئورماندا تىيىن كۆپ. بۇ يەل- يېمىشنىڭ كۆپ بولىدىغىنىغا كېپىل. قاقىرىلارمۇ جەنۇبتىن توپ بولۇپ ئەمەس، ئىككى-ئۈچلەپ ئۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇمۇ يازنىڭ ئىسسىق بولىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى. ماڭا يەنە دەريا - كۆل، كۆكتىكى بۇلۇتلار، قۇشلارنىڭ سايراشلىرى ھەم ھايۋانلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىگە قاراپ، تەخمىن قىلىش كېرەك. مەسىلەن، لوسنى ئالايلى. ئۇنىڭ ئەجدادلىرىدىن ئالغان چوڭ ھايات تەجرىبىسى بار. ھەتتا كىچىككىنە كىرپە چېغىدا كۆپ نەرسىلەردىن ئۇچۇر بېرەلەيدۇ. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىقلىۋالغاندىن كېيىن، بىراقلا ئادەملەرگە خەۋەر قىلىمەن.

فېنولوگ بوۋاي ھاۋا رايى ھەققىدە شۇنچىلىك قىزىق ھېكايە قىلاتتىكى، شۇبۇرشۇنىڭمۇ دەرھال فېنولوگ بولغۇسى كېلىپ كەتتى. راست، بۇ ھەققىدە ھازىرچە يېڭى دوستىغا ئېيتقۇسى كەلمىدى. ئۇلار سۆھبەتنىڭ ئاخىرى چىقمايلا خوشلىشىشتى. شۇبۇرشۇن بوۋايغا سۇدا ئېھتىيات قىلىشقا، بىرەر جىددىي ئەھۋال يۈز بەرسە ئۇنى خىيالەن چاقىرىشقا ۋەدە بەردى.

– مەن سېنىڭ ئۆيۈڭنى جەزمەن بىلىۋالىمەن ۋە تېز ياردەمگە ئۇچۇپ كېلىمەن، – دېدى بوۋاي خوشلاشقان چاغدا. كېيىن ئېگىز كۆتۈرۈلگەندە بولسا:

– سەنمۇ ماڭا ياردەملەش. ئەتراپىڭدىكى دولقۇن ۋە قىرغاقلارغا ياخشىلاپ دىققەت قىل. ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلارنىڭ ھەرىكىتىنى بايقا. كېيىن ماڭا ئېيتىپ بېرىسەن. مەن قېرىپ قالدىم. ھەممىگە ئۈلگۈرەلمەيمەن. سېنىڭ ياردىمىڭ مېنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئادەملەر ئۈچۈنمۇ چوڭ پايدا، – دەپ ۋارقىرىدى.

بوۋاي كۆزدىن غايىب بولدى. بالىقاي ئەتراپقا تېڭىرقاپ ئۇزاق قارىدى. بوۋاينىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. شۇبۇرشۇن ئۆز قۇتقۇزغۇچىسىغا تۈزۈككىنە رەھمەت ئېيتالمىغىنىغا ئۆكۈندى. ئەگەر ئۇ ياردەمگە كەلمىگىنىدە بالىقاي كېمىسى بىلەن ئالىلقاچان دولقۇن ۋە يامغۇر ئاستىدا ھالاك بولار ئىدى. ئارمانلىرىچۇ؟ بۇ ھەقتە ئويلاشنىڭ ئۆزى قورقۇنچلۇق.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ئەخمەتجان ئىسراپىلوۋ (قازاقىستان)

ئەقىلسىز، ئىدراكسىز كىشى ئۇلۇغ (مەرتىۋگە) يەتسە، خوجسىنىڭ بېشىنى يەيدۇ.

«يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى

# شېئىرىي تىل ۋە سۆز

ئوسمانجان مۇھەممەت پاسىئان

ئىنسانىيەتتە، مەڭگۈلۈكلىكىدىن ئەنئەنىگە، جەۋھەرلىكىدىن دائىم يېڭى شەكىلگە ئىگە بولغان بىر تىل لەھجىسى بار، ئۇ بولسىمۇ ــ شېئىردۇر. شېئىر ھېسسىيات بىلەن ئەقىلنىڭ يۈكسەك بىرلىكىدىن پەيدا بولىدىغان ئۈچىنچى ھال ياكى تۇيغۇن بىرلىكنى كېسىپ ئۆتىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئوقۇغاندا، تۇيۇش ياكى تۇيۇلۇش پائالىيىتى، بىزنىڭ ئوقۇرمەنلىك دەرىجىمىزنى مۇئەييەن دائىرىگە ۋە ئىچكى بېسىمغا ئالغان بولىدۇ، ھەمدە ئاڭدا پائالىيەت بوشلۇقى بەلگىلەپ بېرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ.

دېمەك، تۇيۇش ياكى تۇيۇلۇشتىن ئاۋۋال، تۇيغۇنىڭ ھەرقانداق ئەسلەتمە ياكى تارىخىي تۈسىنى، شۇنداقلا ئوبيېكتىپ خىيال ياكى كەلگۈسى لايىھىنى رەت قىلىدىغانلىقىنى ئېنىقلىۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. تۇيغۇ ماكاننى زامانغا زەرب بىلەن ئۇرىدۇ - دە، ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسىدىن ئىبارەت ئۈچ زاماننى ئۆزئارا زەنجىرلىگەن ئىدىيال تارىخىيلىق، بوشلۇقتىكى ئۈچ ئۆلچەملىك شەكىلنىڭ چۈۋۈلۈشىدەك، سوزۇلۇۋاتقان ۋە تورۇۋاتقان بىردىنبىر لەھزىگە ئۆزگىرىدۇ ياكى تۇيۇلۇش ئۇرۇنۇشىدىكى شەرەپلىك تۇزانلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. يەنە كېلىپ، يېڭى شائىر، تۇيغۇنى ئاتىماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا ئاتالغاندىلا، يارىتىش ئىستىكى ئۆز قېنىشىغا ئېرىشىدۇ. مەنىسىزلىكمۇ ئەسلىدىكى كونا شەكىلنى يېڭىدىن يېڭى شەكىللەرگە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. تۇيغۇنى ئاتاش ئەمەلىيەتتە، ئاتىلىش ياكى جەۋھەر مەسىلىلەرگە قارىتىلغان ئەقلىي ھۆكۈمگە ئېرىشىشنىڭ ئىپادىلىرىدىن بولۇپ، بۇخىل ئىپادە ئىجتىمائىيەت تۈسىدىكى مەقسەتچانلىقنى چىقىش قىلغاچقا، شېئىرىيەت، مەنىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان بۇنداق ئاسىيلىقنى رەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر شېئىرىيەت تۇپرىقىدا 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا بارلىققا كېلىپ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 10 يىلىنىڭ بېشىدا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن يېڭى شېئىرىيەت ھەرىكىتىمۇ دەل، ئەنئەنىۋي شېئىرىيەتنىڭ مەقسەتچانلىق خاراكتېرى ھەمدە مەزمۇن مەركەزچىلىكىدەك ھېسسىي باسقۇچىنى يېڭىلاش، شېئىرىي مەنىنى تىرىلدۈرۈش، شۇنداقلا، شېئىرنىڭ نېمىلىكىگە قارىتا كەڭ كۆلەملىك ئويلىنىش مۇھىتى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن ئىدى. بۇ يېڭى ئېقىمنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ چىقارغان ئاۋانگارت ئۇستازلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىجادىيەت مۇھىتىدا تۇرغۇنلۇق، بېكىنمىچىلىك شەكىللىنىپ قالغان، بىر بۆلۈكلىرى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىجادىيەتتىن چېكىنگەندىن كېيىن، بىر تۈركۈم ياشلار بۇ ئېقىمنىڭ غوللۇق قەلەمكەشلىرىدىن بولۇپ قالدى ھەمدە شېئىرىيەتتە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ گۈزەللىكى ياراتتى. بىراق، بۇ يۈزلىنىشكە ئەگىشىپ، يېڭى شېئىرنى قارىغۇلارچە دورايدىغان، تەقلىد قىلىشتا تاشقىي ئامىللارنى ئاساس قىلىشقا ئالدىغانلارمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى شېئىرلارنىڭ ئەسلىدىكى مەنە چۈشەنچىسى ئېتىبارىنىڭ سىرتىدا قېلىپ، سۆزلەرنىڭ گۇڭگىلىقى، مىسرالارنىڭ ئاجايىپ-غارايىپلىقى، يەنى شەكىل جەھەتتىكى يېڭىلىق ئالدىنقى قوغلىشىش نىشانى بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، يېڭى شېئىرىيەت ھەققىدىكى ئاكتىپ يېڭى چۈشەنچىلەر بىلەن پاسسىپ ياندىشىما قاراشلار ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭ بارغانچە چوڭىيىپ كەتتى.

بىزنىڭ يېڭى شېئىرىيەت ھەققىدىكى كونا چۈشەنچىلىرىمىزدە، شېئىرنىڭ «نېمە» لىكىدىن ئاۋۋال «قانداق» لىقى باش كۆتۈرگەن بولغاچقا، تۇيغۇ بىلەن بەزى شېئىرلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق كۆۋرۈك بولمايدۇ. يەنە كېلىپ ئۇ تېكىستلەرنىڭ كۆپىنچىسى تۇيغۇغا ئەمەس، يەنىلا ئەنئەنىۋي ھاياجانلىق ئاڭغا، يەنى ھېسسىياتقا ياكى ۋاقىتلىق ئەقلىي يەكۈنگە تۇتاشقان بولىدۇ. شۇڭا، بەزى شائىرلار تەرىپىدىن كېڭەيتىشچان ئاتالمىغا ئايلىنىۋاتقان «تىل پارچىلاش ھەرىكىتى» ياكى «سۆز ئويۇنى» نىڭ ئەسلى مەنىسىنى كۆرۈپ چىقىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ.

ئەسلىدە، ھەقىقىي شېئىر (بىزچە يېڭى شېئىرىيەت) غا نىسبەتەن، «تىل پارچىلاش ھەرىكىتى» نىڭ ئۆزى، بۇ ھەرىكەتنى قوزغاۋاتقان شائىرنىڭ تېخىچە ئەنئەنىۋي شېئىرىيەت تۇپرىقىدا ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدىغان ئۇقۇملار بىرلىكى بولۇپ، بۇ قاراشنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئاۋۋال «تىل پارچىلاش ھەرىكىتى» نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

تىل پارچىلاش ھەرىكىتى ــ ئەنئەنىۋي شېئىرىيەتتىن يېڭى شېئىرىيەتكە كۆچكۈچىلەرنىڭ، تەقلىد قىلىش، ماسلىشىش، ئىچكى قۇرۇغدىلىش ۋە بۇ جەرياندىكى تاشلاپ كېتىلگەن ئەنئەنىۋي قىممەتنىڭ قايتارما تىنجىتىشىدىن ئۇنۇملۇك قوغدىنىش ئۈچۈن تاللىۋالغان ۋاقىتلىق ماكان (ئۆتەڭ) ى بولۇپ، كۆچمەنلەرنىڭ بىر قىسمى، بۇ ئۆتەڭگە يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا، سەپەر جەريانىدىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ (قەلەمنى تاشلايدۇ). بۇ ئۆتەڭگە ئۇلىشالىغان ھاياتلارنىڭ كۆپىنچىسىمۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن، خۇدىنى يوقاتقان، ياكى ئەسلىدىكى كونا ئولتۇرىقىنى سېغىنىپ مەيۈسلۈككە پاتقان بولۇپ، بۇ ئۆتەڭدىن كۆز يەتكۈسىز يىراقلىقتا ئۆزلىرىنى چاقىرىۋاتقان، ئاخىرى بولمايدىغان ئاداققى مەنزىلگە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قىيا باققىنىچە، مۇشۇ ماكاننى يېڭى شېئىرىيەتنىڭ مەنزىلى ياكى ئاخىرقى ماكانى دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر

بولىدۇ. بۇنداق ئامالسىزلىق ۋە قارىقۇيۇقلۇق بىلەن تاللانغان ئاتالمىش «شېئىرىي مەنە» يېڭى شېئىرىيەت كۆزلەۋاتقان «مەنە» دىن تولىمۇ يىراقتا، يەنە كېلىپ، ئەنئەنىۋىي «شېئىرىي مەزمۇن» دائىرىسىدە بولغاچقا، شېئىرىي مەنە، ئۇلار تەرىپىدىن تولۇق ئاڭقىرىۋېلىنمايدۇ - دە، يېڭى شېئىرنىڭ نېمىلىكى قوغلىشىلماي، قانداقلىقى كۆككە كۆتۈرۈلىدۇ. شۇڭا، بۇنداق تېكىستلەردە دەبدەبە ۋە سۆز ئويۇنلىرى ئومۇمىيلىقنى ئىگەللەيدۇ. گۇڭگالىقتىن ئىبارەت تاشقى خۇسۇسىيەت ئاساسىي مىلودىيەگە ئايلىنىپ قالىدۇ. سۆز بىلەن سۆز ئارىسىدىكى نازۇك مۇناسىۋەتلەردە، سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىلىرىنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىشى ياكى يەنە بىر سۆز مەنىسىگە سىلجىش مۇساپىسى نەزەردىن چەتتە قالىدۇ، لېكسىكىلىق مۇناسىۋەت ۋە گرامماتىكا ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

يېڭى شېئىرىيەتنىڭ ئۆزگىچە ئۇرۇنغۇچىلارغا ئەسلىتىدىغان بىرىنچى پارولى ــ «شېئىرنىڭ نېمىلىكى» دۇر. يېڭى شېئىرىيەتكە ئۇرۇنغۇچى ئاۋۋال شېئىرنىڭ «نېمە» لىكىنى ئەسلىيەلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ شېئىرىي مەنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تۇيالىسا، يېڭى شېئىرىيەت ئۇنىڭغا ئۇنتۇلغان ئۆزگىچىلىكىنى ياكى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان نەزەربەند ئاستىدا ياشاپ كەلگەن ئەركىنلىك قۇياشىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا، ئۆزىنىڭ ئۆزگە ئىكەنلىكىنى تۇيغۇچى شائىرنىڭ قارىشىدىكى كونا ئىجتىمائىي كىملىك ياكى ھەقىقەتنىڭ ئورنىنى، شېئىرلاردا دېيىلىش ئالدىدا تۇرغان «مەنە» ئىگىلىگەن بولىدۇ. بۇنىڭغا گۇۋاھ بولغان شائىرمۇ، ئىپادىلىگۈچىلىك سالاھىيىتىدىن ھالقىپ، ياراتقۇچىلىق شەرىپىنىڭ ھەقدارىغا ئايلىنىدۇ. بىز ئۇلۇغلاۋاتقان ھەقىقىي مەنىدىكى شېئىر، مانا مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ.

شېئىرىي تىلدىكى «پەلسەپىۋىلىك» بولسا، ئەنئەنىۋىي شېئىرىيەتكە نىسبەتەن، ھازىرغا، ئۆتكەن زامان چۈشەنچىسى ئارقىلىق ئىنكاس قايتۇرۇشتىن ئىبارەت قايتىلاش تراگېدىيىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى، ئەنئەنىۋىي ئوقۇرمەن شېئىردىن «پەلسەپىۋىي پىكىر» ئىزدەش ئۈچۈن ئاۋۋال پەلسەپىگە، ئاندىن شېئىرغا خىيانەت قىلىدۇ. چۈنكى، پىكىر ـ كىشىلەرنىڭ شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە قايتۇرغان سادا ئىنكاسى بولۇپ، ئۇنىڭدا پەلسەپىۋىلىك بولمايدۇ. پەلسەپە بىلمەسلىكتىن باشلىنىدۇ، پىكىر بولسا، ھۆكۈمنىڭ ئاددىي شەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ، مۇئەييەن چەك ئارقىلىق ئۆز گەۋدىسىنى تۇرغۇزىدۇ ۋە بىلىمگە ئوخشاشقا ئىنتىلىدۇ. پەلسەپە ئەقىلنىڭ رادىكال خاراكتېرىنى گۇمان ئارقىلىق كۈچلەندۈرىدۇ. شۇڭا، بىز، تىلدىن «پەلسەپىۋىي پىكىر» ئىزدەلگەن شېئىرلارنى ئوقۇرمەنلىك نۇقتىسىدا ھەقىقەتەن ئەقلىي يەكۈنلەر تىزمىسىغا ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا مەجبۇرمىز. يەنە كېلىپ، تۇيغۇ ــ ئەقىل بىلەن ھېسسىياتنىڭ يۈكسەك بىرلىكى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە، ئەقىل ھەقىقەتنى نىشان قىلسا، ھېسسىيات ئىشەنچنى مەركەز قىلىدۇ. تۇيغۇ شېئىر ئارقىلىق ئالدىنقى ئىككىسى ئېرىشمەكچى بولغان نەرسە (مۇددىئا)نىڭ يوقلۇقىنى جاكارلىغاندىن سىرت، ئۇنى ئۆزى خالىغانچە ياساپ چىقىدۇ. بۇ نۇقتىدا، شائىرنى تىل باياۋىنىدىكى ئازغۇنغا ياكى تەنھا سەيياھقا ئوخشىتىش تامامەن مۇمكىن.

ۋەھالەنكى، «تىل پارچىلاش ھەرىكىتى» دە تۇرغۇچىلار، ئەنئەنىۋىي قىممەتلەرنىڭ بىردىنبىر ھامىيسى سانالغان كونا كىملىك ياكى مەۋجۇت ھەقىقەتنى يېڭى تىل مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق بېزەيدۇ، ئۇلارغا ۋىجدانەن جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئۇلار قارىماققا، ئۆزىنى تىلغا تولۇق تاپشۇرغاندەك قىلغان بىلەن، شېئىردا ھەرگىز غايىپ بولمايدۇ. ھەربىر مىسرا، ھەر بىر سۆزدە ئۇلارنىڭ ۋاستىگە ئايلانغان ھېسسىياتى ياكى ماشىنىلاشقان ئەقلى ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئوقۇرمەننى پىكىر قىلىشتىن، تۇيۇشتىن مەھرۇم قالدۇرۇپ، ئۆزىگە تەۋەلەندۈرۈپ ماڭىدۇ. شۇڭا، «تىل پارچىلاش ھەرىكىتى» قوزغىغۇچىلار ياكى «سۆز ئويۇنى» ئوينىغۇچىلارنى، ئەسلىدىنلا بار بولغان كونا مەزمۇننى يېڭىلاپ تەكرارلىغۇچىلار، يېڭى مەدھىيىچىلەر، شەكىلدە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغان گۇڭگا شۇئارۋازلار دەپ تەنقىدلەشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار شېئىرىي تىلدىكى گۇڭگالىقتىن پايدىلىنىپ، يېڭى مەنە يارىتىش ئەمەس بەلكى، بار بولغان مەنىنى يوشۇرۇش مەقسىتىگە يېتىدۇ. بۇنداق پوزىتسىيە، تىلنى مەۋجۇدىيەتنىڭ بىرخىل شەكلى ياكى ياراتقۇچىسى، يەنى غايە دەپ قارايدىغان يېڭى شېئىرىيەت تەرەپدارلىرى بىلەن، شېئىرىي تىلنى ــ مۇئەييەن بىر مەزمۇن ياكى كونكرېت پىكىرنى سەنئەتلىك ئىپادىلەيدىغان ۋاستە، دەپ قارايدىغان يېڭى ئەنئەنىچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە پەرقنى تولۇق ئېچىپ تاشلايدۇ.

شۇنداقتىمۇ، بۇ خىل ئايرىمىلىقنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئاۋۋال، تىلنى پارچىلاش ياكى سۆزنى ئويۇنلاشتۇرۇش لىنىيەسىدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىۋاتقان ئازغۇنلۇققا باي تىل تەۋەككۈلچىسى بىلەن، مەلۇم بىر ئىپادىلەش شەكلىگە ياكى بىرخىللا سۆز ئويۇنىغا بېرىلگۈچى مۇقىم «يېڭى» ئەنئەنىچىنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئالدىنقىسى، ھەرقانداق مەنىنىڭ ۋاقىتلىقلىقىنى سېزىشكە باشلىغىنى ئۈچۈن، ئۆزىنى يېڭىلاشقا، داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىشقا كۈچەيدۇ. ئۇنىڭ تېكىستلىرىدە مەۋجۇدىيەت ھەققىدىكى ساددا ئويلىنىش ۋە ئىلاھىي تەشۋىشلەر سالماقلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاداققىي نىشانىنى، يېڭى شېئىرىيەتتىن ئىبارەت تەشۋىش ماكانىغا مۇۋاپپەقىيەتلىك تۇتاشقان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. كېيىنكىسى بولسا، ئۆزى قوزغىلىپ چىققان ئەنئەنىۋىي شېئىر ئۇقۇمىدىن يېڭى شېئىرىيەت ئۇپۇقىغا بىرئاز سىلجىغان بولسىمۇ، ئىچ - تېشىنى قاتمۇقات ئورىۋالغان كونا ئىجتىمائىي كىملىك ۋە ھەقىقەتلەرنىڭ تەرتىپلەندۈرۈش تەسىرى تۈپەيلىدىن ئىچىنى تىڭشاشقا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ، ھەمدە ئالدىدىكى مەۋھۇملۇققا قەدەم ئېلىشقا

جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۇلاردىكى قورقۇنچ، ئىچىدىن ئەمەس، تاشقىرىدىن، يەنى ئارقا تەرەپتىن كېلىدۇ.

مەسىلىگە مۇشۇنداق قارىغاندا، شېئىردىي تىل ــ ئويلىنىش، يەنى ئىچىنى تىڭشاشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئويلىنىش يارىتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئەمما، تىل پارچىلاش ھەرىكىتى ياكى سۆز ئويۇنى، ئويلاش (سىرتىغا تىڭشىلىش) نىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇئەييەنلىك، ئېنىقلىق، تەرتىپ ۋە چۈشەنچە كۆندۈزى باركى، ھەرگىزمۇ يارىلىشچان شېئىردىي سەرخۇشلۇق ۋە تىلنىڭ مەرىپەت كېچىسى يوق.

دېمەك، شېئىردىي گۈزەللىك ياكى تىلدىكى ئېستېتىك بوشلۇق، پەقەت تىلغا ئويلىنىشتىن ئىبارەت ئېھتىماللىق كېچىسىدىلا مەۋجۇتتۇر. بۇنداق ئېھتىماللىق لەھزىسىگە يېتىش ئۈچۈن، بىز، تىلنى خاتىرىلەۋاتقان سۆزلەرنىڭ مەنە پىرىنسىپىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. سۆزلەرنىڭ مەنە پىرىنسىپى، شېئىرغا كىرگەندە قايتا تۈزۈلىدۇ. يەنى، سۆزلەر شېئىرغا كىرگەندە ئۆزلۈكتىكى بارلىق مەجبۇرىيەتنى ئۇنتۇيدۇ. بۇنى ئۆز ماھىيىتىدىن چىقىپ تۇرۇپ ئىزاھلىغاندا، سۆزنىڭ شېئىرغا كىرىشى، سۆز ئۈچۈن ئادەتتىن تاشقىرى خىرىس ھاسىل بولغانلىقىنىڭ رېئال بەلگىسى دەپ قاراش تېخىمۇ مۇۋاپىق. چۈنكى، شېئىردا تىلنىڭ تەييار قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ھېسابلانغان سۆز، ئۆز ئەنئەنىسىنى يوقاتقان ھالدا ئالاھىدە بىرخىل تىل قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىدۇ. شېئىردىن ئىبارەت سىرلىق ھەمدە خەتەرلىك ئىمارەتنىڭ مەنە تەلىپىنى شەكىللەندۈرگەن قورقۇنچلۇق نۇقتىلار ئەڭ ئاۋۋال سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىگە ۋە ئۇنى سىغدۇرغۇچى بەلگىلىك ھەجىمگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. سۆزلەرنىڭ ئاڭ قۇرۇلمىسى يەنى ئىدىيىۋى مەۋقەسىدە ئۆزگىرىش يۈز بەرمەي تۇرۇپ، شېئىردىي مەنىدىمۇ ئۆزگىرىش بولمايدۇ. مەنىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇنىڭ يېڭىلىنىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، شېئىردا مەنە يېڭىلىنىشى بولمىسا، ئوقۇرمەنىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى ئەسلىدىكى مۇقەددەس قائىدە - مىزانلىرىنى ساقلاپ قېلىشۋېرىدۇ. كونا قائىدە - مىزان ئىچىدىكى تەپەككۇر تىنچلىقى ماھىيەتتە ــ تىنىچسىزلىقنىڭ كونكرېت ھالىدىكى ئەكسىدۇر. سۆزلەر بۇخىل تىنچلىقتا مۇئەييەن مەنە ۋە تاۋۇش شەكلىگە ئىگە، شۇنداقلا، مەنە بىلەن شەكىل روشەن ئايرىمىلىققا مۇقىم ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بىراق، شېئىردا تىنچلىق ياكى جىمجىتلىق سۆزلەرنىڭ ئەڭ چوڭ تىنچسىزلىقى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان بولغاچقا، بۇنداق تىنچسىزلىقتا، سۆزلەرنىڭ مەنە ۋە شەكىل ئايرىمىلىقى يىمىرىلىپ ، مەۋھۇم ھەرىكەت سىخېمىسى بارلىققا كېلىدۇ - دە، سۆزلەر شېئىردىي مەنىدىكى جىمجىتلىقنى ھەققىي تاپشۇرۇپ ئالغۇچى ياكى تۇتۇۋالغۇچى ئوخشاش بولمىغان ھەرىكەتچان نۇقتىلار توپىغا ئايلىنىدۇ.

سۆزنىڭ شېئىرغا كىرىشىنى سۆزنىڭ شېئىرلىشىشى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. شېئىرغا قارىتا پوزىتسىيەسى يېڭىلانغان، مەنىگە قارىتا ئىدىيەسىدە چېقىلىش يۈز بەرگەن شائىر ئۈچۈن، ھەرقانداق سۆز ھەرقانداق ۋاقىتتا تامامەن شېئىرلاشقان تۈستە بولىدۇ. دېمەك، سۆزنىڭ شېئىرلىشىشى، سۆزنى ھاسىل قىلغۇچى تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرلىكىدە ئىچكى تەۋرىنىش بولۇۋاتقان، سۆزدە ئەكس ئەتكەن ئەسلى ئۇقۇم غۇۋالىشىشقا يۈزلىنىۋاتقان، شۇنداقلا، سۆزگە نىسبەتەن غايىپ شەيئى ماھىيەتسىزلىكتىن ماھىيەتلىشىشكە قاراپ ماڭغان ۋە ئۇنىڭ غايىۋى ئۇقۇمى دەل ھازىردا شەكىللىنىۋاتقان كەمتۈك ھال بولۇپ، سۆزنىڭ شېئىرلاشقاندىكى ماھىيىتى ــ سۆزسىزلىك (مەۋجۇدىيەتسىزلىك) تۇر. بۇ، سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىدىن قۇرۇقدالغان قۇرۇق ئۆزلۈكىگە قارىتىلغان.

يۇقارقى پىكىرىمىزنىڭ مىسالى ئۈچۈن، بىز، گېرمانىيەلىك ئۇلۇغ شائىر گېيوتې (Johann Wolfgang von Goethe, 1749-1832) نىڭ «سەيياھ ۋە كېچە ناخشىسى» سەرلەۋھىلىك تۆۋەندىكى شېئىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

بارلىق چوققىلارنىڭ ئۈستى
جىمجىت،
دەرەخلەرنىڭ ئۇچىدا
ھېس قىلىنماس شامالنىڭ تىنىقى،
قۇشلار
ئورماننى تىنچلاندۇرار:
سەنمۇ
ئۇزاق ئۆتمەي تىنچلىنارسەن

شېئىردا «چوققا»، «دەرەخ»، «ئورمان» ۋە «قۇش» قاتارلىق بىرقانچە ئىماگ بار. چوققىلارنىڭ ئۈستى بىلەن دەرەخلەرنىڭ ئۇچى جىمجىتلىق ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان، شۇنداقلا، ھېس قىلماسلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن رەڭ بېرىلگەن. گويا، ئورماننىڭ تىنچلىقى قۇشلارنىڭ تىنچلىقنى ساقلاش ھەرىكىتىنىڭ نېمىلىكىگە جاۋاب بەرمىگەندەك، قۇشلارنىڭ نامەلۇم سۈپەتنى ساقلىشىمۇ، ئورماندىكى تىنچلىقنىڭ مەنىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا يېتەرلىك. بىراق، تېكىستتىكى مەن ئاخىرىدا ئۆزىنىڭمۇ ئاشۇ خىل سۈپەت بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىشىنى ئىستەيدۇ. «مەن» تېكىستتىكى مەن بولۇشىمۇ، مەنىنىڭ كۆرۈنمەس سىمۋوللۇق چوققىلىرىدىن بىرى بولۇشىمۇ، ياكى ئورماندىكى قۇشلار توپىدىن ئايرىلغان تەنھالىق تەسۋىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەيلى نېمىلا دېيىلى، مەنىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئېلىۋاتقىنى ــ ئوقۇرمەننى سۆزگە يېتەكلەيدىغان يارىتىش ئاھاڭى، ئۆز ئىچىگە ئېلىنىۋاتقىنى بولسا ــ كېچىدىن ئىبارەت، سۈكۈت ۋە سەرخۇشلۇقنىڭ غايىپ سۈپىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ سۈپىدا ئولتۇراقلىشىدىغىنىمۇ، مەن ياكى مەزكۇر تېكىستكە مەنە تولۇقلىغۇچى يېڭى ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنھا يولۇچىلىقىدۇر.

ئۇنداقتا، سۆزنىڭ سۆزسىز (مەۋجۇدىيەتسىز) لىكى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

بىز بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئاۋۋال سۆزنىڭ ئەنئەنىۋىي ئېنىقلىمىسىدىن ۋاز كېچىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، كونا ئېنىقلىمىدا سۆز ــ تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرلىكى دەپ قارىلىدۇ. بۇ ھۆكۈمدىن بىز تاۋۇش ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرگەن ۋە غايىۋىي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئۆزئارا ھەمكارلاشقان «مەنە» نىڭ ئالدىنقاچان بار بولغان، كىشىلەر تەرىپىدىن مېغىزى بىلەن ھەجىمىگە ئېنىق چەك قويۇلغان تەييار ئاتالما ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالىمىز. شۇنداقلا، ئۇنىڭ قارشىسىدا، تەسۋىرلەش ۋە بەرداشلىق بېرىش ناھايىتى قىيىن بولغان «مەنىسىزلىك»نى ئۇچرىتىمىز. دېمەك، سۆزسىزلىك ــ «مەنە» ئۈچۈن ئېيتىلغان يۇقارقى «بار»لىق بىلەن «يوق»لۇقنى سەرخۇشلۇق بىلەن بېرىكتۈرۈپ، مەنىنى پۈتۈپ بولغان ئىدىيىۋىيلىكتىن تېخىچە بولۇۋاتقان، پۈتمەيۋاتقان، ئىدىيىسىز، كاۋاك ھالەتكە قايتۇرۇپ كېلىشتۇر. شۇڭا، بىر تىل ئۇستازى سۆزنى «گەپ» ۋە «سۆز»دىن ئىبارەت ئىككى كاتېگورىيەگە بۆلۈۋېتىدۇ. چۈنكى گەپ يەنى ئېنىق بىر چۈشەنچىنى ھۆكۈم ئارقىلىق يىگانىلاشتۇرماقچى بولغان مۇئەييەن تاۋۇش بىرلىكى، ئېيتىلغان ھامان ۋەزىپىسى ئاخىرلىشىدۇ. ئۇنىڭدا دېئالوگقا ئورۇن بولمايدۇ. ئۇ، مەنىنى ئالدىنقاچان بار بولغان نەرسە دەپ قاراش ئارقىلىق ئۇنى كېڭەيتمەكچى، ئومۇملاشتۇرماقچى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاڭ مۇئەسسەسەلىرىگە قەدەر مەجبۇرى تاڭماقچى بولىدۇ. بىراق، سۆزدە ياكى مەن يۇقىرىدا شەرھىيلەۋاتقان سۆزسىزلىك (سۆزنىڭ شېئىرلىششى)تە ھەرقانداق چۈشەنچىنىڭ ئېھتىماللىقى ئالدىنقى شەرت قىلىنغان ھالدا، ئېيتىلىش بىلەن تەڭلا مەنە يارىلىشقا يۈزلىنىدۇ، ھەمدە ئوقۇرمەنلەرنى ئىجادىي ھالەتتە ھەمكارلىششقا چاقىرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، سۆز ئېيتىلىپ بولۇنسىمۇ مەنە پۈتمەيدۇ. ئۇ، باشقا سۆزلەرنىڭمۇ ئېيتىلىشىغا (دېئالوگقا كىرىشىگە)، شۇ ئارقىلىق مەنىنى بىرلىكتە بار قىلىشقا، پۈتمەيۋاتقان مەنىنى پۈتۈنلەشكە مۇھتاج بولىدۇ.

سۆزلەرنىڭ مەنە پۈتۈمى ھەققىدىكى تەتقىقات غەرب تىلشۇناسلىقىدا قۇرۇلمىزم، تىل پىسخولوگىيەسى ، سەنئەت لوگىكىسى قاتارلىق پەن ئېقىملىرىدىن پايدىلانغان ئاساستا ئۆزىگە خاس مېتودنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بۇ خىل مېتودنىڭ يەنە بىر يۈزى يەنىلا شېئىرىي تىل ئارقىلىق ئاشكارىلىنىدىغان مەنە ئېھتىماللىقىنى ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى قىلىپ تاللىۋالغان. بۇ خىل شېئىرىي ئىستراتېگىيە بىزگە ئارگېنتىنالىق مەشھۇر شائىر، يازغۇچى ۋە تەرجىمان ــ بورخېس (Jorge Luis Borges, 1889 -1986) نىڭ «ئەتىرگۈل» ناملىق شېئىرىنى ئەسلىتىدۇ:

ئەتىرگۈل
مەن ئۇنىڭ خازان بولۇش ئىستىكىنى مەدھىيەلەيمەن
ئېغىرلىقى، خۇشپۇرىقى تېخىچە ساقلانغان ئەتىرگۈل
كېچىنىڭ
نۇرلارنى تىرىك يۇتۇۋالىدىغان قاپقاراڭغۇ باغچىسىدىكى
ئەتىرگۈل
ھېچنەنىڭ گۈللۈكىگە بەھۇزۇر ماكانلاشقان زاۋال ئەتىرگۈلى
ئەپسۇن ئارقىلىق
خىمىيەۋى تەجرىبىلەر ئارقىلىق غەلىتە رەۋىشتە پەيدا
بولىدىغان ئەتىرگۈل
پارىسلارنىڭ ۋە ئارىستو نىڭ ئەتىرگۈلى
لەھزىنىڭ توپلاشمايدىغان ۋە قايتىلانمايدىغان ئەتىرگۈلى
لەھزە ئەتىرگۈلىدىكى ئەتىرگۈللۈكنىڭ ئەتىرگۈلى
تۇنجى قېتىم ئەپلاتونچە سەرپ قىلىنىشقا باشلىغان
مېنىڭ غالجىرانە قىزغىنلىقىم بىكارغا كېتىدىغان قارىغۇ
ئەتىرگۈل
ئەي، ھېچنېمە ئەتىرگۈلى!

شائىر بۇ شېئىردا «ئەتىرگۈل» دىن ئىبارەت ھادىسىۋى ئۇقۇمنى تاللىۋېلىش ئارقىلىق، شېئىرىيەتنىڭ «مەنە» ئېقىنىغا ئىشارە قىلغان. دېمەكچىمىزكى، شېئىرىكى «ئەتىرگۈل» ــ ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىداسىدىن باشلانغان جەۋھەر ئىزدەش قىزغىنلىقىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، بارلىق شائىرلار، شۇنداقلا، ھەقىقەت ئىزدىگۈچى پەيلاسوپلار ئۇرۇنغان نەرسىنىڭ پەقەت بىرلا «مەنە» ئىكەنلىكى، بىراق، ئۇنىڭ تۇيۇلۇش ۋە بىلىنىش شەكلىنىڭ سانسىزلىقى تەسۋىرلەنگەن . شۇڭا، شائىر «ئەتىرگۈل»نى «ھېچنەنىڭ گۈللۈكىگە بەھۇزۇر ماكانلاشقان» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئەمەلىيەتتە، ئۇنى يوقلۇققا قويۇشنىڭ شېئىرىي شەكلى بولۇپ، جەۋھەرنىڭ قۇرۇقلىقى ياكى يوقلۇقى شائىرنى ئىزتىراپقا سېلىۋاتقان ئاساسلىق سەۋەبتۇر. مانا مۇشۇ ئىزتىراپ تۈپەيلىدىن شائىر ئەڭ ئاخىرىدا، مەنىنىڭ يوقلۇقىغا ياكى پۈتمەيدىغانلىقىغا قارىتا، ئۆز ئۇرۇنۇشلىرىنى بىكارغا كەتكۈزۈۋېتىدىغان «قارىغۇ ئەتىرگۈل» دەپ جاكارلايدۇ.

بۇ مۇلاھىزىلەردىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، شېئىر ــ سۆزنىڭ گەپ ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ، سۆزسىزلىككە تۇتۇلۇشىدۇر. شۇڭا، شېئىرنىڭ دەسلەپكى خاتىرىلىگۈچىسى بولغان شائىردىن باشلاپ ئۇنىڭ يېڭى ئوقۇرمەنلىرى ياكى دېئالوگ ئىشتىراكچىلىرىگىچە، ئورتاق ھالدا مەنىسىزلىكتە مەنە يارىتىش يەنى مەۋجۇدىيەتسىزلىكتىن مەۋجۇدىيەتكە ئۇرۇنۇش شەرىپىدىن ئورتاق بەھرىلىنەلەيدۇ.

ئۆزگىچىلىك بىرلىكىنىڭ كۆپلۈكىدىن دېرەك بەرگىنىدەك، شېئىرلاشقان ھەربىر سۆز سۆزلەرنىڭ ئۆزگىچىلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ - دە، تىل قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت غايەت زور ئېھتىماللىق ۋە مەنە يارىلىش مەيدانى ئىلگىرى ئېيتىلىپ بولۇنغان ياكى مەۋجۇت بولغان سۆزلەرنى ئۆزىگە سۆزسىزلىششكە چاقىرىشتىن سىرت، تېخىچە بولۇۋاتقان ۋە بولۇپ باقمىغان سۆزلەرنىمۇ يارىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. شۇڭا، شېئىرنىڭ بىرىنچى خاتىرىلىگۈچىسى ھېسابلانغان شائىردىن باشلانغان يېڭى ئوقۇرمەنلىك ھەرىكىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن، چوقۇم سۆزنىڭ ئەنئەنىۋىي مەنىسىگە بولغان مۇقىم چۈشەنچە ياكى تەجرىبىۋىي ئىشەنچنىڭ ئورنىنى

سۆزنىڭ ئېھتىماللىق ئۈستىدىكى بولۇۋاتقان مەۋھۇم مەنىسىگە تىكىلگەن يارىتىش تەشۋىشى ئىگەللىشى كېرەك. بۇ، بىزنىڭ ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتى ھەققىدە چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىمىزغا پايدىلىق بولۇپلا قالماي، يەنە، كۆنۈككەن كونا تەپەككۇر ئادىتىمىزنى يېمىرىپ تاشلاپ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە دادىللىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزىشىمىزگىمۇ ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز پەقەت شېئىرىي تىلنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ يەتكىنىمىزدىلا، ئاندىن سۆزدىمۇ قۇدرەت بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىيالايمىز. چۈنكى، ھەربىر سۆزنىڭ قۇدرىتى چوقۇم شۇ سۆز ۋەكىللىك قىلىۋاتقان تىلنىڭ ئالەمشۇمۇل كېلەچەكىدىن ئالدىنئالا بېشارەت بېرىشتىن سىرت، ئىنسانىنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىنى ئەسلى يۆلىنىشىگە قايتۇرۇپ، ئۆزگىچىلىكىمىزنى مەنىۋىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا غايەت زور ئىجابىي رول ئوينايدۇ.

# شېئىرلار

ئوسمانجان مۇھەممەد پاسئان

## بۇقا گۆشى

گۆشلەرنىڭ ئىچىدىكى قۇۋۋەتلىك گۆشسەن،
قان ھالەتتە دەردىڭنىڭ رەڭگى.
بىر ئايالغا پاتمىغان ئەردەك،
پاتمىغانسەن جېنىڭغا بەلكى...

سېنى سويغانلار سۆكۈتتە تۇرسۇن،
سېنى يېگەنلەر قەرز قايتۇرسۇن.
بەك قاتتىق ياشايسەن، كەسكىن ئۆلىسەن،
ھاياتىڭغا مۇبارەك بولسۇن...

ئىككى قىز بۇقا دەپ تىللىدى مېنى
ئالقىنىمدا تۇرسىمۇ جېنى...
شۇئان بەدىنىمدە چىڭقىلىپ كەتتىم،
ئۇلار تۇتۇپ قالالتى مۆرەشلىرىمنى...

بۇقىنىڭ شاھلىقى بۇقىلىقىدا
بۇقىغا تۇمەنمىك كالىلار پىدا
قىيپاش ياشىغان، مايماق جان بەرگەن
بۇقا بولالمىغان ئەرلەر ئەلۋىدا...

بۈگۈن ئۆيىنىڭ ئالدىدا بۇقا ئۆلتۈرۈلدى
شەھەرلىكلەر ئۇنىڭ گۆشىنى تالىشىپ يېدى
يول قانىنىڭ تەمىدە سىلكىنىپ كەتتى
ماشىنىلارنىڭ مېڭىشى ئاستىلاپ قالدى

بىنالار يوشۇرۇن قاراشتىن بېشىنى كۆتۈردى
پەلەمپەي ساناۋاتقان ۋىجىك ئەرلەر
كالتىسىي تولۇقلىمىسا بولمايدىغان سۇلياۋ باللار
ئۇ يەر بۇ يېرىنى سېغىن كالىدەك ئېچىۋەتكەن بىر تۈركۈم ئاياللار
ھەقىقەتەن بۇقا ئىكەن دېدى...

بۇقا گۆشى شەھەرگە كىردى
بىر دەۋر ئاخىرلاشتى...

(«تەڭرىتاغ»ژۇرنىلى 2006 -يىللىق 4 - ساندىن ئېلىندى)

## پوزىتسىيە

ئەگەر سەن چىڭقى چۈشنى ئىگىلىسەڭ
مەن يېرىم كېچىنى ئەكىلىپ سېنى ئويغىتىمەن

ئەگەر ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ماڭا تاقاپ
كېچىگە ئىشەنچ ئەۋەتسەڭ،
ئازاپخور بۇلۇتلىرىم بىلەن يورۇتقۇچى ئەينەكلەرنى ياپىمەن

ئەگەر ماڭا بىرنەچچە ئاسمان ئىسسىقلىقىنى بىلەن
گۈلدەستە تەييارلىساڭ
مۇز تەگرىلىرىنى ئۈستۈڭگە قويۇۋېتىمەن

ئەگەر مېنى سەھەرگە تاپشۇرساڭ
سېنى كىچىك زۇلمەت قىلىپ كېچىدىن چىقىرىمەن.

## تاش ۋە نامەلۇم قۇشتەك

ئاۋاز سۈكۈتكە دېدى :
— بىز ماڭايلى!
سۈكۈت ئاۋازغا قارىدى :
— ئۇنداقتا ئاۋۇ ئادەمنى ئېلىۋالايلى!

مەن
نامەلۇم قۇشلاردىن سىرت
ئاۋاز بىلەن سۈكۈتكە قوشۇلۇپ
كىشىلەر تاڭلاردەك قېچىۋاتقان بىر قويۇق ئورمانغا كىردىم
ئاۋاز بارلىق رەڭلەرنى بۇزغانچە
مەندىكى ئاۋازنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى
سۈكۈت ئورماننى ئاخىرقى قېتىم جىمىقتۇرغاندىن كېيىن
سۈكۈتۈمنى ئەگەشتۈرۈپ
ئورماننىڭ داۋامىنى پۈتكۈزۈش ئۈچۈن
ئۇپۇققا ھاك ياسىغىلى غايىپ بولدى

مەن
شۇنىڭدىن بېرى

ئۇلارنىڭ ئىككى تەرەپتىن تەڭلا كېلىشىنى
تاش ۋە نامەلۇم قۇشتەك بىھۇدە ساقلايدىغان
ئېرىققان شامالغا ئايلاندىم

## مەن بەئەينى بىر دادا

مەن بەئەينى بىر دادا
قاراڭغۇ تومۇرلارنى تولدۇرۇۋاتقان
ئۇلارنىڭ يۆنۈلۈشىنى ھەر تەرەپكە ئۆزگەرتىۋاتقان

تومۇرلارنىڭ يىلتىزىنى بىرنەرسە تارتىپ تۇرار
بوشلۇقتىن ئۆتكۈزۈلگەن
ھەممە ئۈپۈقنى ئوڭۇشلۇق سۈمۈرىۋالغان بىر نەرسە
ئۇندا سۆيگۈ يوق
ئۇندا بارى پەقەت پەرھىز ھەيكىلى
دېمەك ، ئۇ بىر بولۇمسىز ھەيكەل
دەل مۇشۇ يەردە
مەن ئۇنىڭ دادىسى
بىراق
يۇلتۇزلار
ئۇنى «تەڭرى ...... تەڭرى »دەپ چۇقان سېلىشار...

## بارماقلىرىڭنى دېڭىزىمغا سال

ئاۋازىڭنىڭ ئەگمىسى
ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق تەرزدە سۇندۇرۇلغان
كۆپىيىتىش تەرىپىڭنىڭ ئەتىر قۇشلىرى
بىلمىدىن قايتا - قايتا زەھەرلەنگەن،
مېۋىلەردىن قۇراشتۇرۇلغان پۈتۈكىنىڭ بۇلۇتسىز ئاسمىنىدا
قۇرغاقچىلىق يامغۇرى...
شۇڭا ، ئىككىلىنەمە !
بارماقلىرىڭنى دېڭىزىمغا سال - دە،
قىيسايغان تۇرخۇنلارنى تارتىپ چىققىن
يۇلتۇزلىرىڭنى كۆمۈۋېتىپ ئۇزۇن ئېيىمدا ئولتۇر
بىراق
چۇشىمىزنىڭ لېۋىدە
ئۇخلاۋاتقان شەبنەملەر ئۇرۇق تۇتۇپ بولغىچە
ئويغانما !

## چاۋاكلىرىڭ

چاۋاكلىرىڭنىڭ دېرىزىگە ئېقىپ چوشۇشىنى ئويلىمايمەن
چاۋاكلىرىڭنىڭ يالتىراپ قىتىۋېلىشىنى ئويلىمايمەن
چاۋاكلىرىڭ
دېرىزىنى پاك - پاكىز ئۆچۈرىۋەتكەن چاۋاكلىرىڭ
قاپقارا قورسىقىم ئۈستىدە
يالتىرىماقتا...

## ھېچكىم

روھىم بىلەن تېنىم
ئۆزلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ھالدا
ئۈستىلىمدىكى كىتابلارنى رەتلەۋاتقاندا
ئۇلارنىڭ
مېنى كۆرمىگەن ئۆمرىدىن پايدىلىنىپ
ھەممىنى قالايمىقانلاشتۇرىمەن...

روھىم بىلەن تېنىم
تاكى ئۆلگىچە ماڭا ئىشلەپ بېرىدۇ.

## ئاۋازىڭ مەڭگۈ يېتىپ بارالمايدىغان

ئەي، چىرايىمنى ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ بېرىدىغان كەچ
ئەي، ماڭىدىغان ، ئەمما يول ھاسىل قىلمايدىغان يولۇچى
ئەي، كارىۋاتىنىڭ چوقۇرلۇقىدىن قېچىپ چىققان تەنھا
دولقۇن
ساڭا، ئاۋازىڭ مەڭگۈ يېتىپ بارالمايدىغان
ئىسمىسىز بىر ناخشا بىلەن سالام يوللايمەن
سېنىڭ يىراقلىقىڭ يوللىغانلىرىمنىڭ يىراقلىقىدىنمۇ كۆپ
يىراق
بىراق، بىز نەقەدەر يېقىن - ھە !
بۇلۇتلارنى بىللە كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان
ئارىمىزغا يولۇچىلىقتىن باشقىنى تېرىمايدىغان
مەڭگۈ بىر - بىرىمىزنى ئىزدەپ تاپالمايدىغان

## كۆچمەن

قورقۇمسىراپ كېتىۋاتقان كۆلەڭگىلەرنى
توختىتىمىز
ئولاردىن تۆكۈلىۋاتقان تۇپراقنى توختىتىمىز
ھەممىدە
كۆلەڭگىلەرنىڭ قاراڭغۇسىدا توپلىشىپ تۇرىمىز
بىزنى
پەيلىرىدە
مەڭگۈ كۆرۈشەلمەيدىغانلارنىڭ تەلپۈنۈشلىرى قېتىپ قالغان
بىرلا قاغا قوغدايدۇ

## مېنىڭ تىلىم

مېنىڭ تىلىم - پەسىللەرنى قاماشتۇرىدىغان تىل
ئەي، كۆزنى قەبرەڭلەرگە ئېلىپ كىرگەن سوغۇق كېمىلەر
بىزنى كۆردۇڭلارمۇ؟
قارا بىلىق كېچىسىدەك باشلىرىمىزدىن ئۈزۈپ ئۆتتۇڭلار
ئەمدى، ئۈستىمىزدە تورلىرىڭلار قارىيار
تورلارنى تارتىۋالغان ئۆلۈمۈڭلار قارىيار.

# تۈن لىرىكىلىرى

تەركىنئاي دىلرام

## يېشىل پەرىشتەم

ئەي، مېنىڭلا يېشىل پەرىشتەم،
كېچە يەنە كىردىڭ چۈشۈمگە.
تاشلاپ قاچتىڭ تۇيۇقسىز يەنە،
مەن بۇ جاننى تاشلارمەن نەگە؟

مەن ئۆزۈمنى چاغلاپ مۆجىزە،
يېشىل قويدۇم تۇنجى ئىسمىمنى.
غېرىبلىقتىن رەڭلىرىم ئۆچكەچ،
مەڭگۈ تاشقا ئويدۇم ھەسرەتنى.

ئەي، بىر مېنىڭ يېشىل پەرىشتەم،
سەنسىز قەلبىم ئۆلگىلى نەۋاخ.
ئۆلگەن تەندە لىغىرلىغان كۆز،
جەننەتتىكى قىپقىزىل دوزاخ.

## ئۆلۈم قىتئەسى

ياشارمەن دۇنيادىن يىراق بىر جايدا،
كۆلپەتنىڭ قوينىدا يېگانە مىسكىن.
تونىماس كىشىلەر مېنى ھەم ئەسلا،
يىغلايدۇ ھەسرەتنىڭ يېشىل بۇلۇتى،
ئىغاڭلاپ كېچىدە توختىماي غەمكىن.

ياشارمەن دۇنيادىن يىراق بىر جايدا،
ئۆلۈم قىتئەسىدە لەيلەپ يۈرۈيمەن.
تونىماس ھېچ كىشى مەيۈس تەركىننى،
مەن ئۇنى سۆيگۈدىن جۇدا قىلىمەن.

كېتەرمەن دۇنيادىن يىراق - يىراققا،
ئەمەسمەن پەرىشتە ۋە يا ئەرىشتە.
تىترەيمەن سۈرگۈندە، پىنھان چۆللەردە،
ئاتەشكە زارىققان، ھەر ئۇزۇن كېچە.

## تەقدىر قىيامەت

ئاسمىنىڭدا ئاي بولسام كاشكى،
قىيامەتتىن كەلدى ئۆتمۈشۈم.
كېچىلىرى ئۇيقۇدىن بىدار،
رېئاللىقتىن يىراق چۈشلىرىم.

بويكەتسەمكەن بىر ئۇچۇم تۇپراق،
تۈگىمىدى مېنىڭ ھەسرىتىم.
دىلدا يارا - زۇلمەتلىك پىراق،
يىغلار كۆلكەم، كۆلەر كۆز يېشىم.
بوغۇلىمەن كۆكنى قۇچاقلاپ،
پۈتۈلگەنمۇ روھىمغا دوزاخ،
مەنزىل ئۇزاق، مەندىن بەك ئۇزاق.

## ئويغاتمىغىن چۈشۈمدىن مېنى

ئويغاتمىغىن چۈشۈمدىن مېنى،
قالاي تۇنجۇقۇپ ئۆتمۈشلىرىمدە.
ياشلىرىم بۈگۈنگە تامامەن ئەسىر،
قالاي ئېلىنىپ كىرپىكلىرىمدە.

ئويغاتمىغىن چۈشۈمدىن مېنى،
كەۋسەر ئىدىڭ مەيۈس چۈشۈمدە.
ئەمدى بولدۇڭ مۇزدىن مۇمىيا،
غايىب سۆيگۈنىڭ دەسسەپ لېۋىگە.

ئويغاتمىغىن چۈشۈمدىن مېنى،
قۇمغا سىڭىپ كەتتىم ھەسرەتتىن.
قەھرى كەلدى بەلكىم تەڭرىنىڭ،
مەن ئىلتىپات كۈتكەچ ئىنسانىدىن.

ئويغاتمىغىن چۈشۈمدىن مېنى،
ئۇيقۇدا مەن ئۇزۇندىن بېرى.
زاۋال قىلدىم ئۆزۈمگە قەستەن،
ئوراپ كېپەنگە دەردلىك تېنىمنى.

چۈشلىرىمدە باغرىڭ بىر ئوكيان،
ئويغاتمىغىن چۈشۈمدىن مېنى.
يەتمەس ئەقلىم مەن خانۇ-ۋەيران،
ئاھ قالاي ئويغاتما، يالاپ يارامنى.

## چۈشۈمدە سەن

چۈشۈمدە كۆرگەن ئۇ سەن ئەمەسمۇ ؟!
قەلبىمنى سېھىرلەپ كۆيدۈرۈپ مېنى.
قۇشتەك ئۇچۇپ قۇنۇپ لېۋىمغا،
ئەللەيلەپ قاناتتا سۆيگەن ھەم مېنى.

چۈشۈمدە كۆرگەن ئۇ سەن ئەمەسمۇ؟!
كۆزلىرىمگە تويماي مىڭ يىللار باققان.
قوقاستىن يۈرەككە ئوتلارنى يېقىپ،
لېۋىمگە سۈبھىدەك سۆيمەكچى بولغان.

چۈشۈمدە كۆرگەن ئۇ سەن ئەمەسمۇ ؟!
مېنى باغرىڭدا مەھكەم قۇچاقلىغان.
ئاستا كېلىپ بوينۇمنى پۇراپ،
كۆزۈمدىن سۆيۈپ تاڭدا ئويغاتقان.

## مەن بۈگۈن قاتىل بولىمەن

مەن بۈگۈن قاتىل بولىمەن
جۇدا قىلىپ كۆڭلۈمنى باھارىڭدىن ئەبەدى
دەردلىك باغرىمدا ئېچىلغان چېچەكلىرىڭنى
يەنجىپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.
ئادىشىپ كېزىپ كۆڭۈل جاڭگىلىنى
قالدىم تەنها ئاغزىمدا بىر چوغ
تاپالماي بىر نىشان.
ئەپسۇس
شىپايى ۋەسلىڭگە دەرمان.
سەنسىز بۇ يېگانە - بىچارە سەۋدانى
قارا تۇپراققا كۆمۈۋېتىمەن.

مەن بۈگۈن قاتىل بولىمەن
ئازاد قىلىپ زىندانىڭدا قالغان غەمكىن قايغۇلىرىمنى،
چۈش كەبى ئاي نۇرى ئاستىدا
ساڭا تەلپۈنگەن ئەۋرىشىم سايىلىرىمنى بوغۇۋېتىمەن.
پۇچىلانغان ھېسلىرىم بوشلۇقتا لەيلەيدۇ،
مۇنتەزىر* بىتاب روھىم
دەردلىرىمنى بىلەر بىر ساما
بۇ ئاشىقى مۇپتىلا
ماڭا بولدى بىر بالا
مەن بۇ بالانى كۆكۈم - تالقان قىلىۋېتىمەن.

مەن بۈگۈن قاتىل بولىمەن
سەن ئۈچۈن قىيادا ئېچىلغان ياۋايى رەيھان بولىمەن.
ئاھ، شۇ ماڭا ئاسىي ھېسلىرىمنىڭ
جان تومۇرىدىن كېسىپ تاشلايمەن.
ئۇنۇڭمۇ كەلمەس قۇلاققا
ئۇنۇمىمۇ يەتمەس ئۇزاققا
ساڭا بولغان شېرىن رىشتەمنى،
ئاداققىچە ئۈزۈپ تاشلايمەن.

---
* مۇنتەزىر: تەشنا، ئىنتىزار

# مەڭگۈ ياشايسەن

(لۇتپۇللا مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىغا بېغىشلاپ)

رەشىدە ئابدۇسېمەتوۋا (قازاقىستان)

يالقۇنلىغان كۈرەشلەردە تاۋلانغان،
ئوغلانى سەن باتۇر يۈرەك لۇتپۇللا.
ۋەتىنىم دەپ ئارقىلاپ سەن بېشىڭدا،
ياش جېنىڭنى قىيىدىڭ قارا زىنداندا.

قېنىڭ بىلەن يېزىپ شېئىر نامىلارغا،
بەش ئەگمىدىڭ دۈشمەن دېگەن جاللاتقا.
ۋەتەن ئۈچۈن تۆكتۇڭ لالە قېنىڭنى،
ئىككىلەنمەي قىيىدىڭ ئەزىز جېنىڭنى .

بەك قالتىستى «جاۋابلىرىڭ يىللارغا»،
مەدەت بەردى يۈرەكلەرگە - دىللارغا.
تىترەتتى ئاملا خائىن دۈشمەننى،
يوشۇرغۇزدى قورقۇپ  ھەتتا قەبرەڭنى.

كەتتىڭ باتۇر كۆككە ئۈچۈپ يۇلتۇزدەك،
يول كۆرسىتىپ يۈرگەن گويا سامادەك.
تىرىك بولساڭ چىقار ئىدىڭ يەڭ تۈرۈپ،
قولباشچى بوپ كۈرەشلەردە يولۋاستەك.

يارقىن سىيما كەبى سۈبھى تاڭلاردا،
ھېس قىلىمەن روھىڭ يۈرەر باغلاردا.
ئانا يەرنىڭ مەڭگۈ تېنىك قوينىدا،
ئەجرىڭ ئەۋلاد قىزلىرىدا، ئوغلىدا.

ئوتلۇق ئۆمۈر سۈرگەن ئىدىڭ ياپ - ياشلا،
پارلاپ ياندى ئۈچقان كۆكتە يۇلتۇزلار.
ئەۋلادلىرىڭ يۈرەر سېنى ياد ئېتىپ،
ئۇنتۇلمايسەن ئۆتسۇن مەيلى مىڭ يىللار.

# ئىككى شېئىر

ئىسمەت ئۆزەل (تۈركىيە)

## ئىچمەدىن شۇ زالىم شۈبھىنى يوقات

لېۋىڭىنىڭ ئەگمىسىدىن جاسارەت تېپىپ
تەر يۇرەكتە چاڭقاشلار ياراتقان يامغۇرلارغا ئىچىلدىم.
قالغان بولسا غۇنچىلار ئالدىدا ھودۇققان باللار
قالغان بولسا تەكەللۇپ ئۆلۈم بىلەن بەسلەشكەن
ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن دۇنيارىمىزغا ئىچىندىم.

دۇنيا. يالىڭاچ تەنلەر ئۈستىدە تۇرغان
ھەممە كۆنگەن بالىياتقۇ سۈيى بىلەن زەھەرلەنگەن بىر
دۇنياغا
مېنىڭ بولسا تولىمۇ تار
دۇنيارىم بار
چۈنكى خاپا ئاشقازىنىمنىڭ
كۈچى يوق بەزى نەرسىلەرنى توشۇشقا.
بۇرۇن قەلبىم لەنەتكە ئۈسۈپ گۇمراھ
ئاندىن قەلبىم گۇمراھ بۇلاقنى تونۇشتىن غەمكىن
ھەرگىز ستەيكىس[1] سۇلىرىنىڭ ۋەھىمىسىگە ئوخشاتما
ئەر گەجگىسىدە سەيياھ بۇلۇتلارنىڭ كىمياسى بۇ،
بىر ئاز مەيۈس ۋە بىر ئاز ئۆمەرنىڭ ئاچچىقىدەك

شۇنداق ھېساب ھۇزۇرىدا مەنكى، قەتلىم ھاكىملاردىن
سورالمايدۇ
نە ھاك بىلەن بويالغان ئۆيلەردە تەۋەللۇت بولۇش
نە قوللارنىڭ خىرس بىلەن ياۋايى تۇتۇشلىرى
نە فابرىكىلاردا ئۆزلۈكسىز ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقان قەھر
يالماۋۇز ئىشتىھاسى بىلەن مەندە قاپارغان سۆيگۈنى
يەتمەس ئاۋۇندۇرۇشقا.
ئىنسانلار
قايسى دۇنياغا قۇلاق بەرگەن بولسا، باشقىسىغا گاس
ئۇ راھەت ۋە كەپسىز پىشانىلەردە
بېتوندىن تەگرىلارغا قۇللۇقنىڭ ساۋۇتى بار
پولات سىملار ۋە ئوق دورا بىلەن باغلانسا ئىسكىلىتىم
مەگزىمگە ئۇرۇلغاندا قۇياش
جان تالاشقان بۇلغۇن[2] قۇربانلىقى بىلەن
غوڭۇلدىغان ئاۋازلاردىن ئاگلانمىغاندا سۆزلىرىم
ئايالللارنىڭ ھەقىقەتەن يەڭگىگەنلىكىگە

تۇپراقنىڭمۇ كۆچكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن
ئۆزۈندىن بۇيان چۈشۈنۈلمەس ئەھۋالدا ھالىم
تۆمۈرنى بىر بۇغۇمنىڭ تەپتىدە ئېرىۋاتقاندا كۆردۈم
بىر بولكىنى بۆلگەندە تەۋرەنگەن سامانى
سۇ ئىچكەن تەلەڭگە ماڭا سالام دېدى، ئاڭلىدىم
ئاڭلىدىم يامغۇرلارنىڭ بەدىنىمدىن ئاققىنىنى.

سەن بول كىچىك بىر ئەگمىدىن، بىر بۇغۇمدىن
سۆيگۈ ئۈچۈن بوستانلىق ئەمەس سۆيگۈگە رابات ياراتقان
سەن بول زېھنىمدە يۈزگەن قالايمىقان ناخشىلارنى
بىر ھەرپىنىڭ باشلاتقان ئاتەشى بىلەن ئۆچۈرگەن
مېنى بىر سادا ساھىبى قىل،  كاپالەتكە تەييارمەن
شۇ مەھزۇن
مەيۈس تېرەڭدە ئىسمىڭغا ئۇچراشمىسۇن.

1975

—
ستەيكىس سۇلىرى : يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى بىر دەريانىڭ ئىسمى..1
بۇلغۇن: سۆسەر ئائىلىسىگە تەۋە سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، تېرىسى بەك ئەتىۋار..2

## تۇلۇمۇمدا تۇزلۇق سۇ

ۋەست ئىندىس[1]، قىزىل ئالما[2]، ئىتاكى[3]، ماچىن![4]
ئۆزۈن يولغا ئاتلىنىشنى قارار قىلدىم.
ئاقلارنىڭ ئەنئەنىسىدە نېسۋەم قالمىدى
يەرلىكلەرنىڭ تۇپراقلىرىغا قارشى جىنايەت ئۆتكۈزدۈم
باندىتلارنىڭ ئارىسىدا خەتەرلىك نىفاق
ماس كەلمەس بىرسىمەن قوۋملار ئىچىدە
ياۋايىلىقىم
مېنى سەرخۇش مېۋىلەرنىڭ لەززىتىدىن ئۇزاقلاشتۇردى
ئۆزۈمگە دۇنيادا
بىر ئاچچىق يىلتىز تەمى تاللىدىم
ئەتراپىمدا دەم ئالغۇدەك سايە يوق ماڭا
ئۆزۈن يولغا ئاتلىنىشنى قارار قىلدىم.

———————————
ئىسمەت ئۆزەل – شائىر ۋە يازغۇچى، 1944 - يىلى تۈركىيەنىڭ قەيسەرى شەھرىدە توغۇلغان. تۈرك مودېرنىزم شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ داڭلىق شائىرى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ، بەزىلەرگە قارىتا «يۈز يىلىنىڭ شائىرى». ئۇنىڭ ھەر خىل ژانىردا يېزىلغان 40 تىن ئارتۇق كىتابى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شېئىر، تەنقىد، سىياسىي كۆز – قاراش، مەدەنىيەت ئەندىزىلىرى تېمىلىرى ئېغىر سالماقنى ئىگەللەيدۇ. شېئىر كىتابلىرىدىن: «بەرھەق، ئىسيان»، «جالالىتىمغا كۆلۈمسىرگەندە تارتىلغان ئاخىرقى رەسىمنىڭ ئارقىسىدىكى سەتىرلەر»، «ئەربائىن»، «Of not being a Jew» ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ھېسابلىنىدۇ. شائىر ھازىر 79 يېشىدا، ئىستانبۇل ئىستىقلال دەرنېكى پەخرىي رەئىسى.

ئۇزاق نېمە؟
ئۆزىنىڭمۇ روجەكلىرىدە ياشىغان مېنىڭ ئۈچۈن
كەتكۈدەك يەر قانچىلىك ئۇزاق بولالايتتى؟
بېشىم ئوچۇق، چاچلىرىمنى
ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىدىم
كىمنىڭ ۋەتىنىدىن ئۆتسەم
ئېڭىكىمدىكى چەكمە مېنى تۇتقۇزۇپ قويىدۇ
كۆرگەنلەر: جەسۇر ۋە شەرەپلىك دېيىشىدۇ
ھالبۇكى، سۈكۈت ۋە ئازاب ئىچىدىمەن
قاراقچىلاردىن ئېلىنۋالغان جاراھەتلىك نەرە
ئىشىمغا ئەرزىمەيدۇ
پېنسىيەچىلەرنىڭ ئۇ راھەت
ۋە ئولتۇرغان شېۋىسىدىن سەسكىنىمەن
بوينۇمدا
ماڭا ھۆكۈم كەيدۈرگەنلەرنىڭ
ئۈيىلىشلىرىدىن ياسالغان جاۋاھىراتلار
مۈرەمدە پاك تارازا يوشۇرۇن ئۈچۈرلارنىڭ

تۇلۇمۇمدىكى سۇغا تۇز قويدۇم، غىزايىم يوق
ئۇزۇن يولغا ئاتلىنىشنى قارار قىلدىم.

بۇ ھاياتنى، ھەدىيە قىلىنغان بىر ھاياتنى تاشلىۋېتىمەن
كۆرگەنلەر: ئۇچاقدا گۈزەل كۆرىنىدىكەن دەيتتى - ھەر
بېقىشتا
ئەسكەر ۋاقتىمدا دۇكاندىن ئالغان يانچۇق ئەينىكى
بەزى كېچىلەر سىرتقا چىققان چېغىمدا
ئويناق بىر تەبەسسۇم بىلەن ئولتۇرغان قولۋاق كەبى
راھەتلىرىم ھەم بۇ يەردە قالىدۇ
زاكازى مۇرەسسە قىلغۇچىلار تەرىپىدىن بېرىلگەن
بۇ ھاياتتىن نە پۇراق، نە ئەكس سادا، نە بوياق
توشۇشۇمنى چەكلىگەن ھۆججەتنى ئىمزالىدىم
بۇ يەردە ئەمدى ئىشىم تۈگىدى، ئوچىقىم يوق
ئۇزۇن يولغا ئاتلىنىشنى قارار قىلدىم.

______________

1. ۋەست ئىندىس – غەربىي ھىندى ئاراللىرى
2. قىزىل ئالما – ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ غايىسى
3. ئىتاكى – تىروْيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۆيگە قايتىش يولىغا چىققان ئودىسېئۇسنىڭ تۇغۇلغان يېرى.
4. ماچىن – بۇ ھەققتە چەتئەل مەنبەلىرىدە چىن، ھازىرقى خىتاينى كۆرسىتىدۇ دېيىلگەن.ئەمما تەپسىلىي مەلۇمات ئۈچۈن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ «چىن ۋە ماچىننىڭ جۇغراپىيەلىك ئۇقۇم دائىرىسى توغرىسىدا » ناملىق ماقالىسىگە مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

# ئىككى لىرىكا

ئالىمجان مەتقاسىم(غەمناكى)

## كۆكسۈمدە بىر ئىزغىرىن يارا

ئەي، كۆكسۈمدىكى ئىزغىرىن يارا
ئەي، تەنلەرنىڭ مەجنۇن چېچىكى
ئەي، باغرىمنىڭ گۈلشەن ئاپتىپى
ئەي، چېھرىمنىڭ ئەگمەك تاشقىنى
سۆيەمسەن مەندىكى قوقاس يۈرەكنى.

ئەي، كېچىگە پىچىرلىغۇچى كۆز
ئەي، مەڭزلەرگە تەنناز گۆرىستان.
ئەي، لەۋلەرگە ئوتقاش جىنازا
ئەي، دىلىمغا مىخلانغان ھىجران.
كەل باغرىمغا ئاچقىن قۇدۇقنى،
يۈسۈپ ئورنىغا تاشلىغىن مېنى.

ئەي، تېنىمغا ئۇزانغان سەركەش
ئەي، قېشىمغا ئېسىلغان جانان.
ئەي، كۆكسۈمگە قامالغان لاي قۇش
ئەي، تىلىمدىن چىقمىغان ھايۋان.

كەل ياتايلى بولۇپ بىز قۇربان،
چېپىۋەتسۇن ئاشۇ قىز بىزنى.

## ۋىسال

يالغۇز كېچە يىغلاپ بېقىپ توختىدىم،
ئايغا سالام يوللاپ ھېرىپ قېيدىدىم.
شۇنچە مەھكۇم بولۇپ يۈرەك تەكتىدە،
ئۆز- ئۆزۈمنى سايەمگە كۆپ تىلىلىدىم.

سايەم يالغۇز ئايغا قاراپ ئاھ ئۇرار،
ئايمۇ غەمكىن مۆكچىيىپلا ئولتۇرار.
بىر تامچە قان يېشىم بىلەن بەسلىشىپ،
گۈل باغرىغا چۈشۈش ئۈچۈن تولغۇنار.

بۇنچە تەنھا كېچىگىمۇ كېرەك يوق،
سايەم بىلەن ۋىسال تاپسام يېتەر بەس.
ئۆتەيلى بىز قەبرىمىزدە گۈل بېقىپ،
قۇياش بىلەن ئايغا قالسۇن بۇ ھەۋەس.

# ئۇنۇتمىغىنكى...

ئۆمەر ياشار ئوغۇزجان (تۈركىيە)

سەن ئۇيقۇسىزلىق نېمە بىلەمسەن؟
تىرناقلىرىڭ بىلەن ياستۇقۇڭنى يىرتىپ باقتىڭمۇ؟
كۆزلىرىڭنى تورۇسقا تىكىپ
پۈتۈن بىر كېچە، خىيالغا چۆمگەن ۋاقتىڭ بولدىمۇ؟
ۋە ئەتىسىگەندىن - كەچكىچە
«كېلىشى مۇمكىن» دېگەن ئۈمىدتە كۈتۈپ باققانمىدىڭ؟
كەلمىگىنىدە،
سېنى ئىزدىمىگىنىدە،
يۇم - يۇم ياش تۆكۈپ باقتىڭمۇ؟
ئاندىن چېكىنىپ ئەڭ چوڭقۇرىسىغا تەنھالىقنىڭ
ئۇنىڭغا تەۋە نېمە بولسا،
بىر - بىرلەپ ئەسلەپ باقتىڭمۇ؟

سەن، كۈندىن - كۈنگە ئېرىشنى بىلەمسەن؟
يۇغان بىر دەرەخنىڭ كاۋىكى ئىچىدە جان تەسلىم قىلىشنى،
بىر تەسەللى ئىزدەشنى،
قۇپقۇرۇق باغچىلاردا، تىمتاس كوچىلاردا،
ۋە پۈتۈن شەھەر ئۇيقۇغا چۆمگەندە ئۇزاقلاردا،
ساراڭ، دىۋانىدەك يوللارغا چۈشۈپ،
قېرى ئىتتەك،
كونىرىغان كىيىمدەك،
تاشلانغىنىڭنى ھېس قىلغان چاغلىرىڭ بولغانمىدى؟
سۆيۈشتىن،
كېچە - كۈندۈز يول يۈرگەنلىكتىن،
پۇت - قولۇڭ ئاغرىپ باققانمىدى؟

سەن يالغۇزلۇقنىڭ ئازابىنى بىلەمسەن؟
ئۇنۇتۇلماق، بىر خەنجەر كەبى پېتىپ باقتىمۇ تېنىڭگە؟
ئىچىڭدە قىزغانچۇقلۇقۇڭ زەھەرلىك چېچەكلەرنى ئېچىپ باقتىمۇ؟
پۈتۈن غۇرۇرۇڭنى چەيلەپ تۇرۇپ،
سۆيگۈنۈڭ ماڭغان يوللاردا،
قەدەم ئىزىنى ئىگىلىپ تۇرۇپ سۆيۈپ باقتىڭمۇ؟

سەن چارىسىزلىك نېمە بىلەمسەن؟
سەن مۇھتاجلىق نېمە كۆرۈپ باقتىڭمۇ؟
پارتىلىغۇدەك بولغان بېشىڭنى
تاملارغا ئۇرۇپ يېرىدۋەتكۈڭ كەلگەن ۋاقىت بولغانمىدى؟
سەن ھەر كۈنى مىڭ قېتىم ئۆلۈپ باقتىڭمۇ؟
شۈنچىلىكمىتىڭ دەپ ئەيىبلىمە مېنى،
بىر كۈنى ئۆزۈمنى،
چەكسىزلىكنىڭ قوينىغا تاشلىسام
ياردار ۋە مەغلۇپ ئەسكەردەك
تىللىما
ئۇنۇتمىغىنكى،
ھەر ئاشىق نامىسىز بىر قەھرىماندۇر.
ئۇنۇتمىغىنكى،
ئىنسان؛ سۆيەلىگىنى قەدەر ئىنساندۇر.

ئا. كەۋسەرىي تەرجىمىسى
(تۈركىيە)

# توپىسى بار ئۆزۈم

(ھېكايە)

فۇرقەت مەھمۇت غازى (تۈركىيە)

## مۇقەددىمە: شور توپىلىق يۇرتلار

كىچىكىمدە يېزىدىن تۇتقانلار كەلسە بەك خوش بولاتتىم. ئۇلار دائىم ھەرخىل يېزا نېمەتلىرىدىن گۆلە - قاق، جىگدە ۋە مېۋە-چېۋە شۇنداقلا ئۆزلىرى ياققان ئۆزگىچە نان - سامسىلاردىن ئېلىپ كېلەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىز شەھەردىكى بازارلاردا كۆرۈپ ياكى ئۇچرىتىپ باقمىغان يېمەكلىكلەرمۇ بولاتتى. مەسىلەن 6 -ئايدىمۇ ئۇلار بېدىنىڭ ئۇچىدىكى ئەڭ يۇمران قۇلاقلىرىدىن ئۈزۈپ كۆك سامسىسى يېقىپ كېلەتتى، شەھەردە بولسا نورۇزدىن كېيىنلا كۆك ئۆسۈپ بېدە بولۇپ كەتتى-دە، ئېشەكنىڭ رىزقى دەپ يېيەلمەيتتى. بەزەن ئۇلار شوخلا - لازىدا سامسا يېقىپ ئەكىلەتتى، گەرچە گۆشى بولمىسىمۇ بىراق ئىنتايىن سۆللۈك، ئاچچىق -چۈچۈك ۋە لەززەتلىك ئىدى. ناۋادا تەتىلدە يېزىلارغا بارساق ھەرخىل ئوتياش-پۇرچاقلار بىلەن سۇيۇقئاش قىلاتتى، پىياز چۈچۈتۈپ ياغچۆپى، سەھەردە يومىدان ياكى ئۇماچ ئېتىپ، كۆكباش پۇچىلاپ بېرەتتى. ئېتىز بېشىدا سويما ئۈزۈپ بېرەتتى. ئۆستەڭلەرگە بېرىپ سۇ چۆمۈلۈپ كېلەتتۇق. بەزىدە قويلارنى سۇدا پىششۇرۇپ كېلەتتۇق.

نېمىسىنى دەي، يېزىدا تۈك يوق بولغان بىلەن ئاخشىمى دۈمبەرەڭ، مۆكۈشمەك، كۈندۈزى چالما سوقۇشى ئويۇنىسا باشقىچە كۆڭۈللۈك بولىدىكەن دېسە. يېزىدا بىزدەك شەھەردە چوڭ بولغانلارغا نىسبەتەن تولىمۇ ئۆزگىچە ھايات بار ئىدى. بولۇپمۇ تازىلىق جەھەتتە بىز شەھەرلىكلەرگە نىسبەتەن چۈشەنگۈسىز، ھەتتا قوبۇل قىلغۇسىز دەپ قارالغان بەزى ئىشلار ئۇلار ئۈچۈن ھېچنېمە ئەمەستى. بۇلاردىن بىرى مېۋە يېسە يۇمايتتى، بولۇپمۇ ئۈزۈمنى يۇمايلا يەيدىغان ئادىتى كۆزۈمگە قىلچە سىغمايتتى. يېزا يوللىرىدا پوركاپ توپىلىق يوللار كۆپ بولۇپ، ئۇ زامانلاردا، كېيىمدە ئون سانتىمېتىر بەزى يەرلەردە توپىنىڭ قېلىنلىقى ئۇنىڭدىن چوڭقۇر بولاتتى. شۇنداق توپىلىق يوللاردا يۈگۈرۈشۈپ مۇسابىقىلىشەتتۇق دېسە، كىيىم توپا بولۇپ كېتىدۇ دەپ ئويۇندىن قالىدىغان ئىش يوق ياكى توپا بولسام ئاپام خاپا بولىدۇ دەيدىغان غەممۇ يوق. تۈكلۈك شاپتۇلنى قورسىقىمغا سۈرتۈپ بىر كۈن قىچىشقىنى، ھەرە چېقىۋېلىپ ئۈزۈملۈكتە ھەپتە ئاغزى-بۇرنۇم ئىششىپ كەتكىنى، ئېگىزلىقتا ماڭالماي زاڭلىققا قالغىنىم، لاي پاچاق سۇ كەچكىنىمىز، كۆلدىن سۇ ئالىمىز دەپ كۆلگە تېيىلىپ چۈشۈپ كەتكىنىم، ئوچاقتىكى قوناق شېخىنىڭ ئاچچىق ئىسىدا كۆزۈم ياشقا تولۇپ كەتكىنى دېگەندەك نۇرغۇن ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەرنىڭ

مۇجەسسەملەشكەن ماكانى ئىدى بۇ يېزا دېگەن. شەھەردە ئاپاملار ۋە مەكتەپتىكى مۇئەللىملەر جېكىلەپ ئۆگەتكەن مېۋىنى يۇيۇپ يېيىش، سۇنى قاينىتىپ ئىچىش، توپىدا ئوينىماسلىق دېگەن قۇمدەك چەكلىمىلەر كۈچىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ئەركىن قۇۋناق مۇھىت ئىدى. يەنە بىز شەھەرلىكلەردىن پەرق قىلىدىغان يېرى سۇنى مۇقەددەس بىلەتتى، سۇغا ئەخلەت تاشلاش، تەرەت قىلىش، يۇندى تۆكۈش، قېتىپ قالغان ناننى ئەخلەتكە تاشلاش، قوشنىلار ئارا قېتىق تۇخۇمغا پۇل ئېلىش، ئېتىز بېشىدا ياكى باغدا يېگەن مېۋىگە پۇل ئېلىش دېگەندەك ئىشلار قەتئىي چەكلەنگەن بولۇپ ھەممەيلەن بەكمۇ دىققەت قىلىشاتتى. قوغۇننى چوڭ كۆرەتتى، قوغۇن يېسە دۇئا قىلىشاتتى. شەھەردە بولسا بوتۇلكىلىق سۇنى پۇلغا ئىچىشەتتى،نەيچە بىلەن شېكەر قاتقان قېتىقنى شوراپ ئىچىشەتتى،يول كۆرسەتكەنگىمۇ، ھاجەتخانىغىمۇ پۇل ئالاتتى، ھەتتا ھاجەتخانىنى تازىلاپ بېرەي دېگەن دېھقاندىنمۇ يېرىم خورجۇن چاغلىق گۆلە-قاق بەرمىسە پوقىنىمۇ بېرىشكە قورسىقى ئاغرىيتتى شەھەرلىكلەرنىڭ.

## ئىككىنچى باب :داستىخان تەربىيەسى

ھەر قېتىم تۇغقانلار كەلسە چوڭلار بىلەن داستىخاندا ئۇزۇن- ئۇزۇن سۆھبەتلەردە بولاتتى. مەن ئۆيدە قۇلاق موللىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭلار بىلەن بولغان كونا پاراڭلىرىنى، ھەرخىل گەپلىرىنى، خۇشاللىق - دەردلىرىنى چۈشەنسەم -چۈشەنمىسەم ئاڭلايتتىم ھەم ئۇنىڭغا زىيادە خۇشتار ئىدىم. ئۇلارمۇ ماڭا بەك ئامراقتى.

ئەقلىمگە كىرگەن ۋاقىتلار ئىدى، يادىمدا شۇنداق قاپتۇ. بىر كۈنى يېزىدىن دادامنىڭ نەۋرە ئاكىسى يۈسۈۋاخۇن دادام كەلدى. ئۇ ئېگىز بوي، بەستلىك ۋە ساقاللىق كەلگەن ھەيۋەت كىشى بولۇپ، گەرچە يېشى 80گە ئۇلاشقان بولسىمۇ، قارىماققا 50لەردە كۆرۈنىدىغان، توڭكايلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا چىشلىرى ھېلىمۇ ساغلام، چاچلىرى تېخى تولۇق ئاقارمىغان، مېڭىشلىرى مەزمۇت، ئاۋازى چىڭ، گىرۋي ئادەم ئىدى. قولىدىكى ھاسىسى ۋە ماڭغاندىكى سالاپەتلىك ھالى كىشىلەردە ئىختىيارسىز ھۆرمەت قوزغايتتى. ئۆزىمۇ كىچىكىدە مەدرىستە ئوقۇغان موللا كىشى بولغاچقا، بەكمۇ پاراڭخۇمار، تارىخ ۋە ھېكايىلەرگە باي، قىزىقچى شېتىلە كىشى ئىدى. ئۇن ئىككى بالىلىق بولغان بولۇپ ئۈچى باشقا سەۋەبلەر ياكى چاچراپ كەتكەنلىك تۈپەيلى، تۇققۇز بالىسىنى قاتارغا قوشقان ئىدى. يۈسۈۋاخۇن دادىمىزنىڭ

يەنە بىر ئادىتى تۇخۇمغا ئامراق ئىدى ئۇ هەر قېتىم بىز بىلەن كۆرۈشكەندە سورايدىغىنى «هە قاندا، تۇخۇمدىن قانچىنى يېيەلەيسەن بالام؟» دەپ سوراپ قوياتتى. دادامغا بولسا تۇخۇم ئاللاھ بىزگە بەرگەن كاتتا نېمەت دەپ تەرىپلەيتتى. يېزىدا گۆش ساقلاش تەس، هەركۈنى گۆش يېگىلى بولمايدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەشتە تۇخۇمغا دۇنيادا هېچنېمە تەڭ كېلەلمەيدۇ. چۈنكى تۇخۇمدىن كۆزى، قۇلىقى، بېشى بەدىنى، پۇت -قولى تولۇق بىر جانلىق چىقىدۇ. شۇڭلاشقا هەرقانداق بەدەننىڭ ئەزاسىغا لازىملىق قۇۋۋەت ئۇنىڭدا تېپىلىدۇ، هەرقانداق كۈچمۇ ئۇنىڭدا بار. يېزىدا تۇخۇم تاپماق، ساقلىماق خېلىلا قولاي. هەر ئائىلە قىلالايدۇ. مانا مەن هاياتىم بويى ئۆيدە تۇخۇمنى ئۈزمەي كەلدىم. هازىرمۇ بىر ئولتۇرۇشتا ئون تۇخۇم يېيەلەيمەن، ياش ۋاقتىمدا يىگىرمىنى يەۋەتكەن ۋاقتىم بولغان دەپ خىرىلداپ كۈلۈپ كېتەتتى. ماڭا بەكمۇ ئامراق بولۇپ هەر قېتىم مېنى يىرىك ۋە قاداق باسقان قوللىرى بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ پېشانەمگە سويۇپ دۇئا قىلاتتى ۋە تونىنىڭ يانچۇقىدىن گۈلە - قاق ۋە قىزىل تۇخۇم ئېلىپ قولۇمنى توشقۇزاتتى. ئادەتتە يىلدا بىر شەهىرىمىزدىكى مىللىي شىپاخانىغا كېلىپ ئۆزىنى تەكشۈرتۈپ كېتەتتى. بۇ قېتىم ئۈزۈم پىششىقىدا كەلگەچ بىر سېۋەت ئۈزۈم ئالغاچ كەپتۇ.

يەنە بىر ئىش بار مەن ئۇ ۋاقىتلاردا چۈشىنەلمىگەن. ئۇ بولسىمۇ داداملار يېزىدىكى تۇغقانلار بىلەن هەر كۆرۈشكەندە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەتتى ۋە يېنىك يىغلىشاتتى، ئۆلۈپ كەتكەن هايات قالغانلارنىڭ دېرىكىنى قىلغاچ باشقا تۇغقانلارنىمۇ ئەسلىشىپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە دۇئا قىلىشاتتى. ئەلۋەتتە مەن ئۇلارنىڭ نېمىشقا كۆرۈشسە يىغلايدىغانلىقىنى هېچ چۈشىنەلمەيتتىم. چۈنكى بىز ئامراق ئادەملەر بىلەن دىدار كۆرۈشكەندە كۈلۈپ ئېچىلىپ خۇشال بولۇشۇپ كېتىشىمىز كېرەكتۇ دەپ ئويلايتتىم. كۆرۈشۈش ئاخىرلاشقاندا دادام يۇسۇۋاخۇن دادىمىزنى مېهمانخانا ئۆيگە باشلىدى ۋە داستىخان سالدى. دادام قولغا سۇ بەرگىلى ئاپتۇۋا-چىلاپچا ئەكىرگىلى چىقىپ كەتتى. يۇسۇۋاخۇن دادام بۇ ئارىدا مېنى قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزۇپ بېشىمنى يېنىشلاپ، سىيلاپ مېهرىلىك قاراپ گۈزەل تىلەكلىرىنى تىلەيتتى.

— يۇسۇۋاخۇن دادا نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپ سورۇدۇم. يۇسۇۋاخۇن دادام شۇنداق بىر قاراپ.

— چوڭ بولغاندا چۈشىنىسەن بالام، — دەپ بېشىمنى سىلاپ قويدى ۋە — سېنىڭ تويۇڭنى كۆرگىلى نېسىپمۇ بولارمۇ؟ — دەپ يەنە كۆز يېشى قىلدى.

مەن هاڭۋېقىپ نېمىشقا سورىغاندىمەن دەپمۇ قالدىم. شۇ ئارىدا ئاپام نان-پان، تاتلىق -تۈرۈملارنى ۋە يەل -يېمىشلەرنى تىزىپ بولۇپ، بىر تەخسە يۇيۇلغان ئۈزۈمنى ئەكىردى. يۇسۇۋاخۇن دادىمىز:

— ۋاي ئۇكام، بۇ باغدىن ئەتىگەن ئۈزگەن ئۈزۈمتى يۇمايلا ئەچىسىلىرى ئۈز تەمى بىلەن كۆز ئالدىمدا يېسىلىرى هاردۇقۇم چىقاتتى، — دەپ قالدى. ئاپاممۇ دەرهاللا.

— ۋاي ما ئىسىمنى، شەدە كۆنۈپ قاپتۇق دېسىلە يۇسۇۋاڭكا، چاۋشىدىن ئالغاندىكىن نورمالدا، راس دېدىلە مەن يېگى ئەچىرەي هەجەپبى يادىمدىن چىقىپ قاپتۇ كۆنۈپ قالغاچ، — دەپلا تەخسىنى كۆتۈرۈپ هايال بولماي بىر تەخسە ئۈزۈم كۆتۈرۈپ ئالدىمىزغا قويدى. يۇسۇۋاڭكام دادامغا:

— ۋاي ئۇكام ئۈزۈمنى قەدىمدىن يۇماي يەيمىز چۈنكى ئۈستىدىكى توپا ژۇتىمىزنىڭ پاك توپىسى هەم ئاسماندىن چۈشكەن، مەينەت ئەمەس بەلكى ئەڭ پاك پاكىز توپا. تېخى بەدەنگىمۇ قۇۋۋەت بولىدۇ، ئالغىنا بىر يېگىنە، — دېگىنىچە دادامغا بىر شىڭگىل ئۈزۈمنى ئۇزاتتى. داداممۇ رەهمەت هەشقاللا بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ قوش قوللاپ ئالدى. ئاندىن ئاپامغىمۇ - ئۇكام سىلىمۇ بىر ئېغىز تەگسىلە دەپ تەخسىنى ئۇزاتتى.

— ئاپام ۋاي رەهمەت يۇسۇۋاڭكا، — دەپ تەخسىنى ئېلىپ داستىخانغا قويدى ۋە بىر شىڭگىل ئېلىپ مەن تاماققا تۇتۇش قىلاي دەپ ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

مەن كىچىكىمدىن ساقال تارغىقى ۋە تولا سوئال سورايدىغان قۇمقازى بولغاچقىمىكىن، كېسىلىم يەنە تۇتۇپ:

— ۋاي يۇسۇۋاخۇن دادا بۇ ئۈزۈمنى يۇمايلام يېسە ئىچى ئۆتەپ قالىدا، بىزنىڭ خانىم تولا دەيدۇ سىنىپتا، بىزنىڭ كىتابتىمۇ مېۋە - چىۋەنى يۇيۇپ يېيىش دەپ بار، — دېدىم. يۇسۇۋاخۇن دادام ۋە داداملار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. يۇسۇۋاخۇن دادىمىز كۈلگەچ:

— مانا مانا ئوغلاڭ نەق سېنىڭ كىچىك ۋاقتىڭغىلا ئوخشايدۇ، سەنمۇ شۇنداق تولا سورايتتىڭ ۋە داۋلىلىشاتتىڭ. بالام بۇ ئۈزۈملەر ئاللا-تائالا جەننەتتىن بىزگە چۈشۈرۈپ بەرگەن ئۆزىمىزنىڭ ژۇرتىمىزنىڭ نېمەتلىرىدىن بىرى. خىمىيۋىي ئوغۇت ياكى هاشارات دورىسى دىدىۋى ئىشلەتمەيمىز. بۇ ئۈستىدىكى توپىلار يەردىن ژۇققان ئەمەس بەلكى سەهەر سالقىنىدىكى ساباھ شامىلى بىلەن ئاسماندىن ياغقان توزانلار بولۇپ مەينەت ئەمەس. ژۇساق قۇۋۋەت ۋە بەرىكەتمۇ هەم ژۇيۇلۇپ كېتىدۇ. ژۇماي يېسەك هېچنىمە بولمايمىز ۋە ئۇ توپىلاردا خاسىيەت بار بەدەنگە قۇۋۋەت بولىدۇ. مەن ژۇيۇپ يېسەم قورسىقىم ئاغرىپ قالىدۇ تېخى. بىزنى ئاللا توپىدىن ياراتقان، شۇڭلاشقا تەبىئىتىمىز توپىنى تارتىدۇ بالام. قارىساڭ بىز يېزىلاردا توپا يوللاردا ماڭىمىز، توپىدا ئولتۇرۇپ دەم ئالىمىز ۋە بازارغا بارساق يول بويىدىكى توپىدا يېتىپ ئۇخلايمىز، ئۆلسەك شۇ توپىدا ياتىمىز بالام، توپىدىن كېلىپ توپىغا قايتىمىز. شۇڭا توپا بەكمۇ پاك ۋە پاكىز ۋە مۇقەددەس بولغاچ بىزدە توپىدىن قېچىش يوق بالام، شۇڭلاشقا يۇرتىمىزدىن چىقماي نېمە كۈن كۆرسەك رازى بولۇپ ياشاپ كەپتىمىز، يۇرتىمىزدا هەممەيلەن

دېھقان بولغىنىمدىن پەخىرلىنىمىز، بالام. بۇنى ئېسىڭدە تۇت - دەپ گېپىنى ئاخىرلاشتۇردى. داداممۇ دەرھال:

– راس دەيسەن يۇسۇۋاشكا، ئەمدى بىز شەھەردە ياشىغاچ ماندا تەبىئىي نېمەتلەرگە ئاسان ئۇلىشالمايمىز دېگىنە. بىز يەيدىغان يەل-يېمىش ئوتياشلار، ئېتىز بېشىدا پىشقىچە تازلىق، بازار ئۆلچىمى، ماركا ئۆلچىمى دەپ ھەرخىل خىمىيىۋى ئوغۇت، ھاشارات دورىلىرى بىلەن ئۆستۈرۈلۈپ ئاندىن يەنە ھەرخىل خىمىيىلىك دورىلار بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىنىپ چاۋشىغا كەلگۈچە نەچچە ئون كۈن ئۆتىدۇ. چاۋشىدىن ئالغۇچە نەچچە قولدىن ئۆتىدۇ دېگىنە، سەن دېگەن ئۇنداق پاك پاكىزلىقتىن ھېچ ئەسەرمۇ قالمايدۇ ھەم مەينەت بولۇپ بۇلغىنىپ بولىدۇ. شۇڭلاشقا بىز شەھەردە ژۇماي يېسەك كېسەل بولۇپ قالىدىكەنمىز قالا، –دەپ گېپىنى تۈگەتتى. يۇسۇۋاخۇن دادىمىزمۇ:

– راس دەيسە ئۇكام بىز چوڭ بوغان زامان قامماپتۇ. سەنمۇ ۋاقتىڭ بولسىلام ئۆيدىكىلەرنى ئېلىپ يېزىدا تۇرۇپ، ساپ ھاۋا پاكىز سۇلىرى بىلەن ئۆزۈڭلارنىمۇ شەنىڭ بۇلغانغان ھاۋاسى سۇلىرىدىن تازىلاپ تۇرمىساڭ بولمىغۇدەك مانا، – دېدى. داداممۇ:

– ۋاي شۇنداق قىلاي بۇ ياز بالىنىڭ كۇرسى بار دەپ قاپتىمەن دېسە، – دېدى، ئاندىن قالغان تۇغقانلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى، كىچىكلىكىدىكى پاراڭلارغا چۈشۈپ كەتتى. مەنمۇ قۇلاق مولىلىسى بولۇشنى داۋام قىلدىم.

## ئۈچىنچى باب: ئايىنىش ۋە ئۆزلۈككە قايتىش

شۇنداق قىلىپ يېگەن تۇخۇملار پايدا قىلدى بولغاي مەنمۇ تېزلا چوڭ بولۇپ كەتتىم. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكىمۇ چىقتىم. بىراق پات - پات كىتابخانا، مۇزېي، گالېرېيە ئايلىنىدىغان ئادەتنىمۇ ھەم يۇقتۇرۇۋالدىم.

بىر كۈنى ئۈرۈمچىدە ئاۋات بىر بازاردا رەسىم كۆرگەزمىسى بوپتۇ. مەنمۇ ئەتىگەندىلا باردىم. بازار ئەتىگەندىلا قاينام - تاشقىنلىققا توشقان بولسىمۇ، قانداقتۇر رەسىم كۆرگەزمىسىگە كەلگەنلەر كۆپ ئەمەستى. بۇ كۆرگەزمە ئۇيغۇر فوتوگرافلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرگەزمە قىلغان بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە نەق مەيداندا نەرخىگە چىقىسا سېتىلىدىكەن. ئايلىنىپ كېتىپ بېرىپ بىر رەسىمگە كۆزۈم چۈشتى. ئۇ رەسىمدە كېرىيە تەلپىكى كىيگەن بىر ئۇيغۇر موماي بازاردا توپا يول ئۈستىدە ئولتۇرغان بولۇپ قولىدا بىر پاقىلان بار ئىدى. تەلپەك ئاستىدىكى ئاق لېچەك ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇغان كۈمۈشتەك چاچلىرى ۋە قورۇق باسقان يۈزلىرى ھايات مۇشەققەتلىرىنىڭ ئىزنالىرى ۋە تامغىسى بولغان بولسىمۇ بىراق گۈلى كۆك ۋە ئاق رەڭ ئارلاش ئەتلەس كۆڭلىكى بەكمۇ ياراشقان، كۆزلىرى قەتئىي ۋە ئۈمىدكە تولغان بولۇپ، ھەقىقەتەن

ئېسىل ئەسەر ئىدى. مەن يېنىشلاپ قاراپ تۇرغىنىمدا يېنىمدا توساتتىن بىر تاز غەلىتە ئۇيغۇر شىۋىسىدە:

– قاراڭ بۇ رەسىمگە! قانداق قاملاشمىغان ئىش بۇ؟ قاراڭ ماۋۇ ئايال توپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ، نېمە دېگەن مەينەت؟ توپىدىمۇ ئولتۇرامدۇ كىشى؟ مەن بۇنى ئالسام ۋە ئىشخانامغا ئاسسام چەتئەللىكلەر نېمە دەپ قالىدۇ؟ بىزنى قارا بۇ ئۇيغۇرلار دېگەن نېمە دېگەن مەينەت خەلق، توپىدا ئولتۇرۇپ قوپىدىكەن دېمەمدۇ؟ ھەممىڭلار مۇشۇ رەسىمنى ماڭا زورلاۋاتىسىلەر تېخى، – دېگەن غۇدۇراش ۋايساشلىرى قۇلىقىمغا كىردى. ئۇرۇلۇپ قارىسام ئارقامدا ئالىپتە كىيىنگەن 45 ياشلاردىكى بىر ئەركىشى يېنىدىكى كۆرگەزمە خادىمىغا ھەدەپ قاقشاپ بەرگىلى تۇرۇپتۇ. قاراپ تۇرۇپ بىزنى مەينەت دېيىشلىرى نېرۋامغا تەگكەچ مەنمۇ دەرھال رەددىيە بەردىم.

– توختىڭە بۇ رەسىمنىڭ نەرى سىزگە يارىمىدى؟ سىز بۇنداق ئېسىل رەسىمنى ياراتمىغۇدەك ئۆزىڭىزنى كىم چاغلايسىز، – دېدىم كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ زەردە بىلەن. ئۇ كىشى تۇرۇپلا قالدى بەلكىم مېنى رەسىمنىڭ ئاپتورى دەپ قالدىمۇ ۋەياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ بىلمىدىم. ئاندىن يېنىدىكى كۆرگەزمە خادىمى ماڭا:

– بۇ ئاكىمىز گېرمانىيەدە ياشايدىكەنتۇق، تۇغقان يوقلاپ كەپتىكەن، گېرمانىيەدىكى يېڭى شىركەت ئىشخانىسىغا خاتىرە بويۇمى ئالسام دەپ بازارغا كېلىپ بۇ يەرنى كۆرۈپ بىزدىن ياردەم قىلىشنى سورىدى. بىزمۇ ئەڭ ياخشى ئەسەر دەپ بۇ رەسىمنى تونۇشتۇرغان، بىراق توپىلىق يەردە ئولتۇرۇش ياۋايىلىق ۋە مەينەتلىك دەپ خاپا بولۇپ كەتتى، ئۆزىمىزمۇ كۆردىڭىز مانا قاراڭ، بىزمۇ بىلمىدۇق قانداق ئەسەر يارايدىكىنتاڭ، – دېدى. مەن دەرھال ئەھۋالنى چۈشىنىپ ئۇ كىشىگە قاراپ:

– سىز بەش مىنۇت سەبىر قىلىڭ، سىزگە بىر ئاز ئوچۇقلاپ بېرەي، – دېدىم ۋە كىچىكىمدە يۇسۇۋاخۇن دادامدىن ئۆگىنىۋالغان ئۇيغۇرلارنىڭ سۇنئىيلىقتىن، بۇلغىنىشتىن ۋە تەبىئەت دۇنياسىنى بۇلغاشتىن خالىي، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق، ئورگانىك ھايات ياشاش پەلسەپىسىنى، پاكىزلىقنىمۇ بەكرەك پاكلىقنى يۇقىرى ئورۇنغا قويىدىغان ئېستېتىك ئۆلچىمىنى ۋە دۇنيادا بىزگىلا خاس تۇپراقنى پاك ۋە مۇقەددەس كۆرىدىغان ناتۇرال چۈشەنچىسىنى ئوچۇقلاپ سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈردۈم ۋە ئاخىرىدا - تۇپراقنى مەينەت كۆرۈش بولسا ئۇيغۇرلۇقتىن ئايىنىش ۋە مىللىتىدىن تېنىشتۇر شۇنداقلا دىنىدىن چىقىشتۇر، ئەگەر سىز ھەقىقىي ئۇيغۇر بولسىڭىز ئەجدادىڭىزدىن قالغان مۇقەددەس مىللىي قىممەت قاراشلارغا ۋارىسلىق قىلىشىڭىز ۋە باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن سىزىپ بەرگەن جىجىقى بىلەن قارىماسلىقىڭىز

شەرت، — دېدىم ۋە مىسال ئۈچۈن ئۈزۈمنى يۇماي يېيىش ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ كىشىمۇ ئاخىردا:

— ھە مۇنداق دەڭ، دېمەك مەن پۈتۈنلەي خاتا چۈشىنىپ قاپتىمەن. ئۇنداقتا كەچۈرۈڭلار، بايا قىلغان قوپاللىقىمدىن ۋە خاتا سۆزلىرىم ئۈچۈن ھەممىڭلاردىن ئۆزرە تىلەيمەن! رەھمەت سىزگە! ناھايىتى جانلىق بىر دەرس بەردىڭىز، مەن چەتئەلدە ئۇيغۇر ئائىلىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولدۇم. دادام - ئاپام ئۆيدە ماڭا كىچىكىمدىن ئۇيغۇر تىلى ئۆگەتتى. بىراق يۇرتۇمنى كۆرۈپ باقمىغان، بۇ قېتىم دادامنىڭ ۋەسىيىتى ۋە دادامغا بەرگەن ۋەدەم بويىچە تۇنجى كېلىشىم ئىدى. يۇرتىمىزنى خەلقىمىزنى كۆردۈم، ئۆرپ - ئادەت كۈلتۈرى بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇيغۇر خەلقى ھەقىقەتەن مەدەنىيەتكە باي، قولى گۈل، چېۋەر، سەنئەت-گۈزەللىك تۇيغۇسى ئۈستۈن، ناخشا-مۇزىكىغا باي خەلق ئىكەن. چۈنكى بىر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ دەرىجىسىنى سەنئەت تۇيغۇسى بەلگىلەيدۇ! سەنئەت دېمەك ئىجادىيەت دېمەكتۇر. سەنئەت مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسى ھېسابلىنىدۇ. ئىتالىيەلىكلەردە بىر سۆز بار: «ئىجاتسىز ھايات چوشقىنىڭ ھاياتى، ئىجادىيەتسىز، يېڭىلىقسىز ۋە گۈزەللىكسىز ھايات ھايۋانغا خاس» دەيدىغان. مەن مىللىي مەدەنىيىتىمىزدىن بۇخىل ئۈستۈنلۈكنى بەكمۇ كۈچلۈك ھېس قىلدىم. شۇڭلاشقىمۇ سىلەردە مىللىي كىملىك يەنىلا كۈچلۈك تۆردە ساقلىنىپ كەپتۇ. بۇ يەرلەردە يەنە يېمەك-ئىچمەكلەرمۇ بەكمۇ لەززەتلىك قۇۋۋەتلىك ئىكەن، كۆكتاتلار كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىكەن، تائاملارنىڭ رېتسېپلىرى تەركىبلىرى بەكمۇ ئىلمىي ئىكەن. يەنى ئەسلىدە بىلسەم بىزلەرنىڭ چەتئەللىكلەر ئالدىدا چانمىغۇدەك بىباھا بايلىقلىرىمىز كۆپ ئىكەن. دادامنىڭ نېمىشقا مەندىن يۇرتىنى يوقلاش ھەققىدە ۋەدە ئالغىنىنى ئەمدى چۈشەندىم. مەن ئۆزۈم دوختۇر بولغاچ يەنە بىر تەسىر قىلغان ئىش بۇ يەردە كىشىلەر يېمەك - ئىچمەككە ساقلىق ساقلاش بىلەن بىرگە مۇئامىلە قىلىدىكەن، ئەنئەنىۋىي تېبابەتنىڭ ساقلىق ساقلاش، يېمەك - غىزالىنىش بىلەن كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش بولار بەكمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ياشاش شەكلى ئىكەن. يەنى ئىنسان بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنى باغلاپ گارمونىك مۇۋازىنەتتە تۇتۇش بۇ قالتىس نەتىجە ئىكەن، ئەقەللىيسى تاماقتىن بۇرۇن قولغا سۇ بېرىش، تاماقتىن كېيىنمۇ قولغا سۇ بېرىش قاتارلىق تازىلىق ئادەتلىرى بەكمۇ ئېسىل ئىكەن، ھەركىم ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ مىزاجى ۋە شۇ كۈنلۈك ئەھۋالىغا قاراپ ئىستېمال قىلىدىكەن. مەن بۇ سەپىرىمدە بەكمۇ كۆپ تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇم ۋە بەكمۇ تەسىرلەندىم. سىز بىلەن تونۇشقىنىمدىن مەمنۇن بولدۇم پۇرسەت بولسا بىز تەرەپلەرنىمۇ كۆرۈپ ئايلىنىپ كېلىڭ مانا بۇ مېنىڭ نام كارتۇچكام، — دەپ كارتىسىنى ئەدەپ بىلەن ماڭا سۇندى. ئاندىن كۆرگەزمە خادىمى قىزغا:

— بۇ رەسىمنى ئالدىم. ماڭا قاچىلاپ بېرىڭ، — دېدى. مەنمۇ:

— بۇ قىز ئەتىگەنىنىڭياقى سىزنىڭ قاتتىق - قۇرۇق گەپلىرىنى ئىشىتىپمۇ سەۋرچانلىق بىلەن سىزگە خىزمەت قىپتۇ، ياۋروپاچە تىپىس(تاپان ھەققى) باردۇ، — دېدىم.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە ھەرگىز كەم بولمايدۇ ئايرىم قولىغا تۇتقۇزىمەن، — دېدى ۋە ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كېتىشتۇق. ئاندىن گۈزەل تىلەكلەرنى تىلىگەچ خوشلاشتۇق.

## ئاخىر بايان: كىملىك قىسمىتى

مانا كېيىنچە ماڭىمۇ چەتئەلگە چىقىش نېسىپ بوپتۇ. نۇرغۇن دۆلەتلەرنى ئايلىنىپ، مىللەتلەرنى كۆرۈپ ئارىلىشىپ پاكىزلىق ۋە پاكلىق چۈشەنچىسىنىڭ بىزدەك مۇكەممەل ۋە كۈچلۈك بولغان، ئىپپەت تەربىيەسى ساقلىنىپ كەلگەن باشقا خەلقنى كۆرمىدىم. بىراق ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇق كىملىكىنى تونۇمىغان، خەقلەر ھەسەت قىلىپ ئۆگىنىپمۇ ئۆزىنىڭمۇ قىلالمايۋاتقان ئۇيغۇرلۇقنىڭ قىممىتىنى بىلمىگەن، ئۇيغۇرلۇقنىڭ مېغىزىنى چېقىشتىن مەھرۇم نۇرغۇن ئۇيغۇر تىللىقلارنى كۆردۈم . قوش تىللىق مائارىپتا چوڭ بولغان، غەرب ئەللىرىدە يۇقىرى ئۇنۋان ئالغان، بىراق مەھمۇت قەشقىرى دېگەن ئادەمنىڭ بارلىقى ۋە مەھمۇت قەشقىرى مازىرىنىڭ راستلىقى گۇمانلىق دېگەن قاراشلاردا دادىل پىكىر قىلىدىغان، مۇقەددەس مىللىي قىممەتلەرگە قالاقلىق دەپ سۇس ھەتتا قارشى تۇرغان، داستىخان تەربىيەسى كۆرمىگەن ماڭقۇرت يېڭى بىر ئەۋلادلارنىڭ سۆھبەتلىرىدىمۇ بولۇپ قالدىم. يەنە ئۇيغۇرلۇقتىن قېچىپ، يالغان ۋەدىلەرگە ئالدىنىپ بۆيۈك ئوتتۇرا شەرق تۇزىقىنىڭ قۇربانى بولۇپ ھاياتى نابۇت بولغان ساناقسىز شور پېشانىلەرنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىدىن بەكمۇ ئېچىندىم. بەزى ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنىڭ قورقماي ئۇيغۇر ئىسمىنى ئىشلەتمەي ئوتتۇرا ئاسىيا دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ۋە ئادىمىمىز يېتىشمەيدۇ، بازار ساقلىمايدۇ دەپ كۆكتاتلارنى يۇمايلا قورۇپ چىقىرىدۇ دېگەننى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بىرقىسما بولدى. ھازىر ھەرقانداق يەردە ئۆزۈم كۆرسەم ياكى ئوتۇننىڭ ئىسى پۇرىسىلا يۇسۇۋاخۇن دادامىلار يادىمغا كېلىپ دېمىغىم ئېچىشىدۇ. ئۇزۇن كۆرۈشەلمىگەن دوستلار بىلەن تېلېفوندا ئاۋازىنى ئاڭلىسامىمۇ بوغۇزۇمغا بىر نەرسە كەپلەشكەندەك بولىدۇ. ئەسلى بىلسەم چوڭلارنىڭ كۆز يېشى قىلىشىدا سۆز بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولمايدىغان ئىنتايىن كۆپ مەنە باركەن دېسە. قارىغاندا مەنمۇ ئاخىرى مۇشۇنداق ئۇنى دەپ بۇنى دەپ يۈرۈپ چوڭ بولغان ئوخشايمەن.

2023 -يىلى 10 -ئاينىڭ 28 -كۈنى، ئانتالىيە

# 19 - ئەسىردىكى كۇچا خەرىتىسى ۋە ئۇنىڭدا ئۇچرايدىغان بەزى يەر-جاي ناملىرى

ئايسىما مىرسۇلتان[1] ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت[2]

## كۇچا توغرىسىدا قىسقىچە بايان

كۇچا تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالى، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان قەدىمىي يۇرت بولۇپ، ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان كەڭ بوستانلىقلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. كۇچا جۇغراپىيەلىك جەھەتتە ئەجدادلىرىمىز ماكان قىلغان كەڭ زېمىننىڭ مەركىزى بولۇپ، تارىختىن بۇيان شەرق بىلەن غەرب ۋە شىمال بىلەن جەنۇب ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن.

كۇچا قەدىمدە كۈسەن نامىدا ئاتالغان بىر دۆلەتنىڭ مەركىزى بولۇپ، كۈسەن ئۇيغۇر دۆلىتى ئەينى دەۋردە مەركىزى ئاسىيادىكى مەدەنىيىتى ۋە ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. كۈسەن دۆلىتى كۈچەيگەن مەزگىللىرىدە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى، يەنى شەرقتە قارا شەھەر، غەربتە مارالبېشى، جەنۇبتا لوپنۇر، شىمالدا يۇلتۇز يايلاقلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. كۈسەنىنىڭ ئۆزگىچە جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى، سۇلىرىنىڭ مول، تۇپراقلىرىنىڭ مۇنبەت كان بايلىقلىرىنىڭ مول بولۇشى يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈسەن تېررىتورىيەسىدىكى تىنچ جەمئىيەت باياشات تۇرمۇش كۈسەننى بۈيۈك كارۋان يولى دەپ ئاتالغان يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيەسىدىكى ھەر خىل مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىدىغان مۇھىم تۈگۈنگە ئايلاندۇرغان. كۈسەن دىيارىدىكى ئەمگەكچان ، ئەقىللىق ئۇيغۇر خەلقى قۇملۇق، بوستانلىق ۋە يايلاقنى بىر گەۋدە قىلغان بۇ مۇقەددەس ماكاندا دۇنيادىكى بىلىم ئىگىلىرىنىڭ، سەيياھ ۋە جاھان كەزگۈچىلەرنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ئاجايىپ مەدەنىيەتلەرنى يارىتىپ، يىپەك يولىدىكى جەلپكار بىر ماكانغا ئايلانغان.

تارىخ چاقى ئايلىنىپ 14 - 15 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە ياۋروپا تەۋەككۈلچىلىرىنىڭ دېڭىز يولىنى ئېچىشى بىلەن قۇرۇقلۇقنى ئاساس قىلغان بۈيۈك كارۋان يولى ئاستا-ئاستا ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يىپەك يولىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان مەدەنىيەت ياراتقان نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ چۈشكۈنلىشىشىگە سەۋەب بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەركىزى ئاسىيانى ئۆزلىرىگە زېمىن قىلغان دۆلەتلەر چىڭگىزخان ئىستېلاسىدىن كېيىن، ئۇرۇش، ئىچكى نىزا، دىنىي توقۇنۇشلار ۋە مەزھەپ كۈرەشلىرىنىڭ قاينىمىدا تارىختىكى پارلاق مەدەنىيەتلىرىنى قۇم، تۇپراقلىرىنىڭ ئاستىغا كۆمۈۋەتتى.

7 - ئەسىرلەردىن كېيىن تامامەن تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ، دۇنيا يېڭىلىقلىرىدىن بىخەۋەر قالغان غېرىبانە بۇ تۇپراق 19 - ئەسىرلەردىن باشلاپ چەتئەللىك تەۋەككۈلچى، ئېكسپېدىتسىيەچى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ يالدامىلىرىنى كۆرمەكچى بولغان بىر قىسىم سەيياھلارنىڭ قىزىقىش نۇقتىسىغا ئايلاندى. گەرچە ئۇلارنىڭ بۇ زېمىنغا كېلىشتىكى مەقسەتلىرى ھەر خىل بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ دەسلەپكى نىشانى يەرگە ئاستىغا كۆمۈلۈپ ياتقان نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە مەدەنىيەتنى تېپىش، قېزىش ، توپلاش ۋە ئۇلارنى قەلەمگە ئېلىش ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق سەپىرى تەكلىماكان قۇملۇقلىرىنىڭ ئاستىدا قالغان قەدىمىي شەھەرلەر، مەركىزى ئاسىيادىكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولغان قەشقەر ۋە بۇددا دىنى مەدەنىيىتىگە ماكان بولغان تۇرپان، كۇچا ۋە خوتەننى نىشان قىلغان ئىدى. ئەينى چاغدا رۇسىيە، ياپونىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، شىۋېتسىيە، فىرانسىيە، فىنلاندىيە ۋە باشقا دۆلەت، رايونلاردىن كەلگەن تەۋەككۈلچى، ئېكسپېدىتسىيەچى ۋە سەيياھلار ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان بۇ زېمىنغا كىرىپ- چىقىپ يۈرۈپ بىر قىسىم قىممەتلىك ئاسارئەتىقىلەر، قول يازمىلارنى ئۆز دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كەتكەن ۋە بۇ زېمىن ھەققىدە ئىلمىي تەتقىقات قىممىتى بار ماقالە ۋە كىتابلارنى يازغان ئىدى. بىر قىسىم ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەينى چاغدا مىللىتىمىزنىڭ نادانلىقى تۈپەيلىدىن بىر قىسىم بۇددا غارلىرىدىكى سېغىز لايدا قوپۇرۇلغان تاملار ۋە بۇددا ھەيكەللىرى چېقىلىپ، ئېتىزلارغا قىغ ئورنىدا

1 دوكتۇر ئايسىما مىرسۇلتان، بېرلىن دۆلەتلىك كۇتۇپخانا شەرقىي ئاسىيا بۆلۈمى تەتقىقاتچىسى
ئېلخەت ئادرېسى: ayisima.miersulitan@sbb.spk-berlin.de

2 ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت قۇمتۇر، شائىر، مۇستەقىل تەتقىقاتچى، دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى.
ئېلخەت ئادرېسى qumtur@gmail.com



كۇچا شەھەر سېپىلى، گېرمانىيەلىكلەرنىڭ تۇرپان ئېكسپېدىتسىيەسى جەريانىدا تارتىلغان. رەسىمنىڭ ئارخىپ نومۇرى : B1344[3]

ئىشلىتىلگەن. ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ كېلىشى بىلەن بۇ ئەھۋال ئاستا-ئاستا ئۆزگىرىشكە باشلىغان. ئۇلارغا ئىشلىگەن ياكى ئۇلارغا ئەرزان باھادا ئاسارىئەتىقە ساتقانلار بۇ قەدىمكى نەرسىلەرنىڭ ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىشكەن. ئۇلار ئېكسپېدىتسىيەچىلەر كەتكەندىن كېيىن، كونا شەھەر خارابىلىرىنى ۋە قەبرىستانلىقلارنى ئۆزلىرى كولاپ ۋە قەدىمىي ئاسارىئەتىقىلەرنى توپلاپ چەتئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلەر قىممەت باھادا ساتقان ياكى ئۇلار بىلەن توختاملىشىپ سودىلاشقان. ھەتتا بەزىلىرى ئۆزلىرىمۇ ئوقۇيالمايدىغان ھەرپلەر بىلەن كونا قول يازمىلار تەييارلاپ، يۇقىرى باھادا ساتقان[4]. بۇ خىل قول يازمىلار ھېلىمۇ ياۋروپادا ساقلانماقتا.

بۇ چەتئەللىك تەۋەككۈلچى، ئېكسپېدىتسىيەچى ۋە سەيياھلارنىڭ ئىچىدە گېرمانىيەلىكلەرنىڭ تۇرپاندىن سىرت كۇچا ۋە ئۈنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا بولغان قىزىقىشى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان. 1902 - يىلى 11 - ئايدىن 1903 - يىلى 3 - ئايغىچە ئېلىپ بېرىلغان بىرىنچى قېتىملىق گېرمانىيە، يەنى پرۇسسىيە تۇرپان ئېكسپېدىتسىيەسى بېرلىن ئېتنولوگىيە مۇزېيىدىكى ئارخېئولوگ ۋە ئىندولوگ ئالبېرت گرۈنۋېدېل (1856 - 1935) نىڭ يېتەكچىلىكىدە تېئودور بارتۇس(1858 - 1941 )[5] ۋە گېيورگىي خۇت (1867 - 1906)[6] نىڭ قاتنىشىشى بىلەن غەلىبىلىك تاماملىنىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيەسى گرۈنۋېدېلنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك 1904 -يىلى 11 -ئايدىن 1905 -يىلى 8 - ئايغىچە ئالبېرت فون لېكوك (1860 - 1930) نىڭ يېتەكچىلىكىدە تېئودور بارتۇسنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تۇرپان ۋە قۇمۇلدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇلار 1905 -يىلى 12 - ئايدا قەشقەردە گرۈنۋېدېل بىلەن ئۇچرىشىپ، ئالدى بىلەن ئاقسۇ، كۇچا ئەتراپىدا، ئاندىن تۇرپاندا ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ بارىدۇ. مانا بۇ ئۈچىنچى قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيەسى بولۇپ، بۇ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا كۇچا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ناھايىتى تەپسىلىي قېزىش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە گرۈنۋېدېلنىڭ يېتەكچىلىكىدە تاكى 1907 - يىلى 4 - ئايغىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. تۆتىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە لېكوكنىڭ يېتەكچىلىكىدە بارتۇسنىڭ قاتنىشىشى بىلەن 1913 -يىلى 12 -ئايدىن 1914 -يىلى 1 - ئايغىچە كۇچادا قىسقىلا ئېلىپ بېرىلىدۇ. سەۋەبى ئەينى چاغدىكى مۇرەككەپ سىياسىي ۋەزىيەت ئۇلارنىڭ داۋاملىق ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرىدۇ. بەشىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەنىڭ پىلانلىرى قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىمكانىيەت يار بەرمەيدۇ. ئەينى چاغدا تۇرپان كۇچا ۋە ئاقسۇ ئەتراپىدىكى رايونلاردىن گېرمانىيەگە ئېلىپ كېلىنگەن تام رەسىملىرى ۋە باشقا مەدەنىيەت بۇيۇملىرى، قول يازمىلار بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ قىممەتلىك مىراسلىرىمىز سۈپىتىدە گېرمانىيەنىڭ ھەرقايسى مۇزېيي، ئارخىپ ۋە كۇتۇپخانىلىرىدا ئەتىۋارلىنىپ ساقلانماقتا ۋە بۇ ماتېرىياللار ئېلېكترونلاشتۇرۇلۇپ، ياش تەتقىقاتچىلارنىڭ

3 . بۇ يەردە ماقالىمىز ئۈچۈن بۇ رەسىملەرگە نەشر ھوقوقى بەرگەن بېرلىن ئاسىيا سەنئەت مۇزېيى تەتقىقاتچىسى دوكتۇر. لىللا رۇسسېلل -سمىس ۋە ئېتنولوگىيە مۇزېيى تەتقىقاتچىسى دوكتۇر. مېلىنا كرېبسقا رەخمەت ئېيتىمىز.
4 . Jacob 2019, 56-59
5. Knüppel 2011
6 . Knüppel 2022



ئوڭدا ئاۋالوكىتېشۋارا بۇتخانىسىنىڭ خارابىسى، سولدا مىڭ تەن ئاتام مازىرى. رەسىم گېرمانىيەلىكلەرنىڭ 3 -قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسى جەريانىدا كۇچا قۇمئېرىقتىكى سابىت موللىنىڭ تۇرالغۇسىدىن تارتىلغان. رەسىمنىڭ ئارخىپ نومۇرى: B923

تېخىمۇ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن قولايلىق يارىتىلىپ بېرىلمەكتە. 2022 - يىلىدىن باشلاپ دىيارىمىزدىن ئېلىپ كېلىنگەن نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك تام رەسىملىرى ، بۇددا ھەيكەللىرى، قول يازمىلار ۋە ھەر خىل مەدەنىيەت بۇيۇملىرى بېرلىن خۇمبولد فورۇمىدا ئۆچ چوڭ زالدا كۆرگەزمە قىلىنىشقا باشلاندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۇچا قىزىل مىڭ ئۆيلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن مەدەنىي يادىكارلىقلار ئەڭ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

گېرمانىيەلىكلەر ئەينى چاغدا كۇچا ھەققىدە بىر قىسىم ماقالىلەرنى ۋە ئىلمىي تەتقىقات كىتابلىرىنى يازغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە گرۈنۋېدېلنىڭ «قەدىمكى كۇچا»[7] لېكوكنىڭ «شەرقىي تۈركىستاندىكى جەھەننەمنىڭ ئىزىدىن»، « شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى ۋە ئۇنىڭ خەلقلىرى ھەققىدە » ناملىق كىتابلىرى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

ھازىرغىچە كۇچا، يەنى قەدىمكى كۈسەن توغرىسىدا ناھايىتى كۆپ تارىخىي مەنبەلەرنى ئۇچرىتىمىز، ئەمما كېيىنكى دەۋرلەردىكى كۇچانىڭ ئىجتىمائى، ئىقتىسادى ئەھۋالى توغرىسىدا كۆپ يەرلىك ماتېرىياللار ئۇچرىمايدۇ. بۇلار پەقەت بىر قىسىم ئۇيغۇرچە ھەق-تەلەپ توغرىسىدىكى قازى ھۆججەتلىرى، چەتەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ خاتىرىلىرى ۋە شۇنداقلا خەنزۇچە مەنلەردىكى بىر قىسىم ئۇچۇرلار بىلەنلا چەكلىنىدۇ. شۇڭا مۇشۇ ئەھۋالنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، بۇ يەردە قىسقىچە بولسىمۇ 19 -ئەسىرگە تەۋە بولغان كۇچا خەرىتىسى ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان يەر-جاي ناملىرىنى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن يەر-جاي ناملىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ۋە تەتبىقلاش ئاساسىدا كەڭ ئوقۇرمەنلەرىمىزگە دەسلەپكى ئۇچۇرنى بېرىشنى توغرا تاپتۇق.

## خەرىتە توغرىسىدا

1903 - يىلى، يەنى بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەدىن قايتىش سەپىرىدە گېرمانىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى ئالبېرت گرۈنۋېدېل بېرلىن ئېتنولوگىيە مۇزېيى ئۈچۈن سانكت-پېتېربۇرگ ئاسىيا مۇزېيىنىڭ باشلىقى كارل ھېرمان سالېماندىن(1849 - 1916) بىر پارچە ئاز ئۇچرايدىغان، كۇچانىڭ خەرىتىسىنى سوغا سۈپىتىدە تاپشۇرۇۋالىدۇ. سالېمان ئۇنىڭغا بۇ خەرىتىنىڭ

7. Albert Grünwedel 1920: Alt-Kutscha: archäologische und religionsgeschichtliche Forschungen an Tempera-Gemälden aus buddhistischen Höhlen der ersten acht Jahrhunderte nach Christi Geburt. Veröffentlichungen der Preussischen Turfan-Expeditionen




ئەسلى خەرىتە ئاساسىدا لاتىنچە ھەرپكە ئايلاندۇرۇلغان خەرىتە، «Southern Tibet» PL XXIV,VIII

19 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا قەشقەردە تۇرۇشلۇق روسىيە باش كونسۇلى نىكولاي پېتروۋسكىنىڭ (1837 - 1908) بىر ئۇيغۇرغا خەرىتىگە ئاساسەن سىلاۋيان ھەرپىدە كۆچۈرگۈزگەنلىكىنى ۋە بىر قىسىم قوشۇمچە ئىزاھاتلارنىڭ روسچە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. 1922-يىلى بۇ خەرىتە ئالبېرت فون لېكوك ۋە مەشھۇر گېرمان خەرىتىشۇناس ئالبېرت ھېرمان (1886-1945) تەرىپىدىن سۈپەن ھېدىن (1865-1952) داۋاملىق نەشىر قىلىپ كېلىۋاتقان، ئاساسەن تارىخى مەنبەلەرنى يورۇتۇپ بېرىدىغان «جەنۇبىي تىبەت» ژۇرنىلىنىڭ 8-سانىدا لاتىن ھەرپى بىلەن ناھايىتى مۇكەممەل ئېلان قىلىنىدۇ. لېكوك بىلەن ھېرمان خەرىتە ھەققىدىكى تەھلىللىرىدە ، بۇ خەرىتىنىڭ خىتايچە خەرىتە بىلەن ھېچقانداق ئورتاقلىقى ياكى ئالاقىسى بولمىغان خەرىتە ئىكەنلىكىنى، بۇ خەرىتىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇچۇرلىرىغا ئاساسلانغاندا ، بۇ خەرىتىنىڭ مەلۇم بىر مەمۇرىي مەقسەتنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى، يەنى ئاساسلىقى سۇ بىلەن سۇغۇرۇش تورىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇش ۋە بوستانلىقلارنىڭ كېڭىيىشىگە ياردەم بېرىشنى كۆزدە تۇتۇپ سىزىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلار يەنە ماقالىسىدە، بۇ خەرىتىنى تۇزگۈچىنىڭ تۈركىي مىللەتلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋاللارنىڭ بىرى بولغان ئەجدادلىرىغا چوقۇر چوقۇنۇش ھېسسىياتىنىمۇ ئىپادىلىگەنلىكىنى، شۇڭا خەرىتىگە قەھرىمان پادىشاھ ئەفراسىياپقا مەنسۇپ بولغان بىر قىسىم قەدىمقى شەھەرنىمۇ كىرگۈزۈشنى كۆزدىن ساقىت قىلمىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ يەرلەردىكى قەدىمكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە مۇناستىرلارنىڭ گېرمانىيە تۇرپان ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ قىزىپ تەكشۈرۈشىگە مۇھىم تۆرتكىدە بولغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ. ئۇنداقتا بۇ كۇچا خەرىتىسى ھازىرمۇ بىرلىنىدا ساقلىنىۋاتامدۇ؟ بىر قىسىم ئىزدىنىشلەرگە ئاساسلانغاندا، مەزكۇر خەرىتىنىڭ ھازىر سانكت پېتېربۇرگ پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ساقلىنىۋاتقانلىقى ئېنىقلاندى. بۇ خەرىتىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە روسىيەگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكى قىياس قىلىنماقتا. شۇنىسى ئېنىقكى ، بۇ خەرىتە گېرمانلارنىڭ كۇچا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش خىزمىتىدە ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىغان.

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، لېكوك بىلەن ھېرمان 1922 - يىلىدىكى ماقالىسىدە پەقەتلا بۇ مەمۇرىي خەرىتىنى لاتىن ھەرپىدە نەشىر قىلىپلا قالماستىن، يەنە مۇشۇ خەرىتە، مانجۇلارنىڭ ۋە سۈپەن ھېدىننىڭ خەرىتىلىرى ئاساسىدا تۈۋەندىكى كۇچا خەرىتىسىنىمۇ سىزىپ چىقىدۇ.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ كۇچا خەرىتىسى 1899 - يىلىدىكى مانجۇچە خەرىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ بەكرەك




ئۈچ خەرىتىدە ئاساسىدا قايتا سىزىلغان خەرىتە، «Southern Tibet» PL XXVI ,VIII

پۈتۈن كۇچا رايونىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ، يەنى بۇ خەرىتە شىمالدا كۆكۈنەك داۋىنى، كۇچا دەرياسىنىڭ تار جىلغىسى، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىن يۆلتۈز ۋادىسىغىچە تۇتىشىدىغان يولنى، جەنۇبتا تارىم دەرياسى بىلەن چېگرالىنىدىغان جايلارنى، شەرقتە لايسۇ ئۆتەڭگە، شۇنداقلا كۇچا بىلەن بۈگۈرنىڭ يازلىق يايلىقىنى ۋە غەربتە قىزىلسۇنىڭ شەرقى، تىجىك قاراۋۇلخانىسى ۋە كۇچا بىلەن ئاقسۇنىڭ يازلىق يايلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

سىۋېن ھېدىن تۈزگەن خەرىتە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ خەرىتىدىكى جايلارنىڭ ئورنى بەك ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما بېرىلگەن ئۇچۇرلار ناھايىتى مول بولغان. بەزى جەھەتتە بۇ خەرىتە ھەتتا خېلى مۇكەممەل ھېسابلانغان مانجۇچە خەرىتىنىمۇ تولۇقلايدۇ. ئۇلار ماقالىلىرىدا خەرىتىدىكى يەر نامىلىرىنىڭ شۇنچىلىك قۇسۇرسىز، توغرا ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ. شۇڭا ئۇلار بۇ ئۈچ خەرىتىنىڭ بىرى بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە كەمچىلىكلىرىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ PLXXVI نومۇرلۇق بۇ خەرىتىنى ئىشلەپ چىققان. تۆۋەندە بۇ خەرىتىدە ئۇچرايدىغان يەر-جاي نامىلىرى توغرىسىدا تەپسىلى توختىلىپ ئۆتىمىز. ئەمما خەرىتىدە ئۇچرايدىغان بىر قىسىم قەدىمىي ئاتالغۇلارنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە توختالماقچى ئەمەسمىز.

خەرىتىدە كۆرسىتىلگەن يەر نامىلىرى ئاساسەن كۇچا ۋە توقسۇ ۋە شايار ناھىيەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك 175يەر نامى بولۇپ، خەرىتە ئىزاھاتىدا يەر نامىلىرى باغلىنىپ كەلگەن سۆزلەرگە ئاساسەن بىر قانچە تۈرلەرگە ئايرىلغان ھەم بۇ تۈرلەرگە باغلانمىغان يەنە بىر قىسىم يەر نامىلىرىمۇ بولغان.

**بىرىنچى ـ (Āriq) ئېرىق سۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن يەر نامىلىرى:**

1 - Aq ārïq ئاقئېرىق، كۇچا ناھىيەسى ياقا بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ ئىسمى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 - بەت)

2 - Aul ārïq ئاۋۇل ئېرىق

3 - Bäk ārïq بەگ ئېرىق، توقسۇ ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى (توقسۇ ناھىيەسى تەزكىرىسى، 61 -بەت)

4 - Dā-bu-za ārïq دابوزا ئېرىق، كۇچا ناھىيە چىمەن بازىرىغا قاراشلىق بىر يەرنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

5 - Didat ārïq دىدات ئېرىق

6 - Gumbaz ārïq گۇمبەز ئېرىق، كۇچا ناھىيە ئاق ئۆستەڭ يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ ئىسمى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

7 - Ič ārïq ئىچ ئېرىق، توقسۇ ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ ئىسمى (توقسۇ ناھىيەسى تەزكىرىسى، 62 -بەت)

8 - Inčkä ārïq ئىنچىكە ئېرىق ، كۇچا ناھىيە ئالاقاغا

بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ ئىسمى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

9 - Qōš āriq قوش ئېرىق، كۇچا ناھىيە ئالاقاغا بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ ئىسمى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

10 - Qum āriq قۇمئېرىق كۇچا ناھىيە ئىشخالا ۋە خانقىتام بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ ئىسمى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

11 - Sāi āriq ساي ئېرىق، كۇچا ناھىيە خانقىتام بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ ئىسمى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

12 - Saudagär āriγi سودىگەر ئېرىقى

13 - Šāγār Aq āriq شايار ئاق ئېرىق

14 - Šoyun āriq (Šobun?) شايان ئېرىق ياكى سوپۇن ئېرىق

15 - Supaq āriq سۇپاق ئېرىق

16 - Buländ āriq بۇلەند ئېرىق

17 - Tāγ āriq تاغ ئېرىق، كۇچا ناھىيە خانقىتام يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ ئىسمى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

18 - Tāš āriq تاش ئېرىق

19 - Yān āriq يان ئېرىق، كۇچا ناھىيەسىدىكى بىر كەنتنىڭ ئىسمى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

**ئىككىنچى (Āta) ئاتا سۆزى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن يەر ناملىرى:**

20 - Qiām āta قىئام ئاتا

21 - Ming Mahram āta مىڭ مەھرەم ئاتا

**ئۈچىنچى ( Bāγ)باغ سۆزى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن يەر ناملىرى:**

22 - Aiγar bāγ ئايغار باغ

23 - Čini bāγ چىنەباغ، كۇچا بېھەشباغ يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ ئىسمى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

24 - Dölät bāγ دۆلەت باغ، كۇچا ناھىيە ئىشخالا بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ ئىسمى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

25 - Hamγa bāγ ھامغا باغ، خامپاباغ بولۇشى مۇمكىن، كۇچا ناھىيە ئۈچئۆستەڭ بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

26 - Mazār bāγ مازار باغ، كۇچا ناھىيە ياقا بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ ئىسمى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

27 - Sāi bāγi سايباغ ، كۇچا ناھىيە ساقساق مەھەللە كومىتېتىدىكى بىر مەھەللىنىڭ ئىسمى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 98 -بەت)

28 - Šamāl bāγ شامال باغ، كۇچا ناھىيە ئىشخالا بازىرىدىكى بىر مەھەللىنىڭ ئىسمى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

29 - Dā- Yulduz bāγ يۇلتۇزباغ، توقسۇ ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى (توقسۇ ناھىيەسى تەزكىرىسى، 65 - بەت)

30 - Šau- Yulduz bāγ كىچىك يۇلتۇزباغ، توقسۇ ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى (توقسۇ ناھىيە تەزكىرىسى، 65 -بەت)

**تۆتىنچى ( Bazār) بازار سۆزى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن يەر ناملىرى:**

31 - Čār-šämbä bazār چارشەنبە بازار، شايار ناھىيەسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (شايار ناھىيەسى تەزكىرىسى، 114 -بەت)

32 - Döšämbä bazār دۈشەنبە بازار، شايار ناھىيە قايلور يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (شايار ناھىيەسى تەزكىرىسى، 112 -بەت)

**بەشىنچى (Čimän) چىمەن سۆزى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن يەر ناملىرى:**

33 - Lo- čimän كونا چىمەن، شاھيار ناھىيەسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (شايار ناھىيەسى تەزكىرىسى، 110 -بەت)

34 - Šing-čimän يېڭى چىمەن، شاھيار ناھىيەسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (شايار ناھىيەسى تەزكىرىسى، 110 -بەت)

**ئالتىنچى (Döng) دۆڭ سۆزى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن يەر ناملىرى:**

35 - Ača döng ئاچا دۆڭ، توقسۇ ناھىيەسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (توقسۇ ناھىيەسى تەزكىرىسى، 65 -بەت)

36 - Aq döng ئاق دۆڭ، شايار ناھىيەسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلەر توپلىمى، 1966، 118 - 119 -بەتلەر)

37 - Učar döng ئۇچار دۆڭ

**يەتتىنچى ( Gumbaz) گۇمبەز سۆزى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن يەر ناملىرى:**

38 - Kök gumbaz كۆك گۇمبەز، كۇچا ناھىيە ئىشخالا بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

39 - Särik gumbaz سېرىق گۇمبەز

**سەككىزىنچى ( Qaraul) قاراۋۇل سۆزى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن يەر ناملىرى:**

40 - Ğairānlik qaraul غايرانلىق قاراۋۇلى

41 - Köküng qarauli كۆكۈڭ قاراۋۇلى

42 - Tälğar qarauli تالغار قاراۋۇلى

43 - Šaldirak qarauli شالدىراڭ قاراۋۇلى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 1071 - بەت)

44 - Tičik qarauli تىچىك قاراۋۇلى

**توققۇزىنچى (Mahalla ) مەھەللە سۆزى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن يەر ناملىرى:**

45 - Čaman mahalla چىمەن مەھەللە، كۇچا ناھىيە چىمەن بازىرىدىكى بىر مەھەللىنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)
46 - Döng mahalla دۆڭ مەھەللە كۇچا ناھىيە كونا شەھەردىكى بىر مەھەللىنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 - بەت)
47 - Qai-lung قايلۇڭ مەھەللە، ھازىر قايلۇ دەپ ئاتىلىدۇ. كۇچا ناھىيە كونا شەھەردىكى بىر مەھەللىنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)
48 - Ökän mahallasi ئۆكەن مەھەللە، كۇچا ناھىيە،چىمەن بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (كۇسەن مەدەنىيتى 2013 - 4 -سان، 10 -بەت)

**ئونىنچى (Mazār) مازار سۆزى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن يەر نامىلىرى:**

49 - Mazār χanlu مازار خانلۇ
50 - Yo-χang χitailarni koidūrγan mazār يوخاڭ ختايلارنى كۆيدۈردىغان مازار

**ئون بىرىنچى (Örtäng) ئۆتەڭ سۆزى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن يەر نامىلىرى:**

51 - Tōγraq däng örtängi توغراق دەڭ ئۆتىڭى
52 - Yaqa örtängi ياقا ئۆتىڭى

**ئون ئىككىنچى (Östäng ) ئۆستەڭ سۆزى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن يەر نامىلىرى:**

53 - Yangi aq östäng يېڭى ئاق ئۆستەڭ
54 - so´aq östängi ئاق ئۆستەڭ، كۇچا ناھىيەسى چىمەن بازىرىدىكى بىر مەھەللىنىڭ ھەم بىر يېزىنىڭ نامى (كۇسەن مەدەنىيتى 2013 - 4 -سان، 13 -بەت)

**ئون ئۈچىنچى (Paṣla) پاسل سۆزى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن يەر نامىلىرى:**

55 - jing pasla جىڭ پاسلى
56 - Kučāh Bügürning paṣalasi كۇچا بىلەن بۈگۈرنىڭ پاسلى
57 - Kučāh Bügürning yailaq paṣalasi بۈگۈرنىڭ يايلاق پاسىللىرى
58 - Kučāh bilän Bügürning paṣalasi كۇچا بىلەن بۈگۈرنىڭ پاسلى
59 - Kučāh bilän Lōpning paṣalasi كۇچا بىلەن لوپنىڭ پاسلى

**ئون تۆتىنچى (Šähr) شەھەر سۆزى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن يەر نامىلىرى:**

60 - χitai šähri ختاي شەھىرى، كۇچا ناھىيەسىدىكى قەدىمىي بىر خارابە (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 1072 -بەت)
61 - Qizil šähr قىزىل شەھەر، توقسۇ ناھىيەسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (توقسۇ ناھىيەسى تەزكىرىسى، 65 -بەت)
62 - Müsulman šähri مۇسۇلمان شەھىرى
63 - Tongguz-baš šähr توڭگۇز باش شەھەر، توقسۇ ناھىيەسىدىكى قەدىمىي شەھەر خارابىسى (قەدىمكى كۇسەن، 113 -بەت)
64 - Tōpa šähr توپا شەھەر، توقسۇ ناھىيەسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (توقسۇ ناھىيەسى تەزكىرىسى، 65 -بەت)
65 - Yantaq šähr يانتاق شەھەر، توقسۇ ناھىيەسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلەر توپلىمى 1966، 120 - 121 -بەتلەر)

**ئون بەشىنچى (Tam) تام سۆزى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن يەر نامىلىرى:**

66 - Buqa Tami بۇقا تام، توقسۇ ناھىيەسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (توقسۇ ناھىيەسى تەزكىرىسى، 65 -بەت)
67 - χāniqa tam خانىقاتام، كۇچا ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)
68 - Tura tam تۇرا تام، كۇچا ناھىيە چىمەن بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى( كۇسەن مەدەنىيتى 2013 - 4 -سان، 10 -بەت)
69 - Qalin tam قېلىن تام

**ئون ئالتىنچى(Tura) تۇرا سۆزى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن يەر نامىلىرى:**

70 - Aq tura ئاقتۇرا، كۇچا ناھىيە چىمەن بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (كۇسەن مەدەنىيتى 2013 - 4 -سان، 10 -بەت)
71 - Könä tura كونا تۇرا
72 - χōğa tura خوجا تۇرا
7 -3 χōğa turasi خوجا تۇراسى
74 - qōč tura قوش تۇرا،كۇچا ناھىيەسى ، ئۇچئۆستەڭ بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (كۇسەن مەدەنىيتى 2015.1، 22 -بەت)
75 - Qum tura قۇم تۇرا ، كۇچا ناھىيە ئۇچئۆستەڭ بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (كۇسەن مەدەنىيتى 2015.1، 22 - بەت)
76 - Šāχ tura شاھتۇرا، كۇچا ناھىيە ئۇچئۆستەڭ بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (كۇسەن مەدەنىيتى 2015.1، 22 -بەت)
77 - Yangi tura يېڭىتۇر، كۇچا ناھىيە ، چىمەن بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ ئىسمى (كۇسەن مەدەنىيتى 2013 - 4 -سان، 10-بەت)

**ئون يەتتىنچى تۇرلەرگە ئايرىلمىغان يەر نامىلىرى:**

78 - Aq Buya ئاق بۇيا، كۇچا ناھىيە ، ياقا بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

79 - Alaqaɣu ئالاقاغا، كۇچا ناھىيەسىدىكى بىر بازارنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 103 -بەت)

80 - Ali Yüsüp ئېلى يۈسۈپ، كۇچا بېھىش باغ يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ ئىسمى (كۈسەن مەدەنىيىتى 2014.4 12 -بەت)

81 - Alti Ortaq ئالتى ئورتاق

82 - Qōš Ārbāt قوشئاۋات، يەنە چۆلئاۋات دەپمۇ ئاتىلىدۇ، كۇچا ئۆزۈن يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

83 - Baš Qayaq باش قاياق

84 - Bostan بوستان، كۇچا بېھىش باغ يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ ئىسمى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

85 - Čoqma bostān چوقما بوستان-چوققا بوستان بولسا كېرەك، كۇچا ناھىيە ئالاقاغۇ بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

86 - Čong bulaq چوڭ بۇلاق

87 - Bōṣut بوشۇت

88 - Buχur بوخۇر

89 - Burān بۇران

90 - Čāl چۆل....

91 - Dāban دابان

92 - Dāɣiliq تاغلىق

93 - Däryā دەريا

94 - Asqū Yärkänd Däryāsi ئاقسۇ يەركەن دەرياسى

95 - ɣalbir غالبىر، غالدىر بولۇشى كېرەك، كۇچا ناھىيە چىمەن بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (كۈسەن مەدەنىيىتى2013 - 4 -سان، 10 -بەت)

96 - Īgärči, Ēgärči. ئىگەرچى، شايار ناھىيە قايلور يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (شايار ناھىيەسى تەزكىرىسى، 112 -بەت)

97 - Inχa ئىنخا

98 - Īt-ala ئىت ئالا، كۇچا ناھىيەسىدىكى بىر قەدىمىي تۇرنىڭ نامى (قەدىمكى كۈسەن، 151 -بەت)

99 - Kan aimāɣi كان ئايمىقى ، كۇچا ناھىيە ئاغى يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

100 - Dīnār atun kan bar دىنار ئالتۇن كان

101 - Īči kan ئىچى كان

102 - Mis kan مىس كان، كۇچا ناھىيە ئاغى يېزىسىدىكى بىر يەرنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 1071 -بەت)

103 - Tömür kan تۆمۈر كان

104 - Kīriš كىرىش، كۇچا ناھىيە ياقا بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (كۇچا ناھىيە تەزكىرىسى، 91 -بەت)

105 - Kök bōyun كۆك بويۇن

106 - Kökdäšt كۆك دەشت

107 - Kök tikän كۆك تىكەن، كۇچا بېھىش باغ يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ ئىسمى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

108 - Kököš كۆكۆش، كۇچا بېھىش باغ يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ ئىسمى (كۇچا ناھىيە تەزكىرىسى، 91 -بەت)

109 - Kötäk satma كۆك ساتما

110 - Kuča buyūti كۇچا بويۇتى

111 - Küsi sögüt كۈسى سۆگۈت

112 - χāniqa خانىقا ،كۇچادىكى بىر مەسچىتنىڭ ھەم بېھىشباغ يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

113 - Qailur قايلىۇر، شايار ناھىيەسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى (شايار ناھىيەسى تەزكىرىسى، 112 -بەت)

114 - Qara Qum قارا قۇم شايار ناھىيەسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلەر توپلىمى1966، 118 - 119 -بەتلەر)

115 - Qarangɣu قاراڭغۇ، كۇچا ناھىيە دۆڭقوتان بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

116 - Qazaq قازاق، كۇچا ناھىيە چىمەن بازىرىدىكى بىر مەھەللىنىڭ نامى (كۈسەن مەدەنىيىتى 2013 - 4 -سان، 12 -بەت)

117 - Qizil sār قىزىل سەر

118 - Qolti qotuɣa قولتى قوتۇغا

119 - Qumluq قۇملۇق، شايار ناھىيە قىزىلباياراق يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (شايار ناھىيەسى تەزكىرىسى، 111 -بەت)

120 - Qutluɣ ōrda قۇتلۇق ئوردا، كۇچا ناھىيە ئىشخالا بازىرىدىكى بىر مەھەللىنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

121 - Lāidang لايداڭ، شايار ناھىيە قايلور يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (شايار ناھىيەسى تەزكىرىسى، 112 -بەت)

122 - Lāi su لايسۇ، كۇچا ناھىيە ياقا بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

123 - Märäkile مەرەكىلە

124 - oder χanlu ئودېر خانلۇ

125 - Mīrzā säläm مىرزا سەلەم

126 - Nilangنىلاڭ

127 - Yangi aq östäng يېڭى ئۆستەڭ

128 - Sō aq östängi سۇ ئاق ئۆستىڭى

129 - Pailur پايلىۇر، كۇچا ناھىيە چىمەن بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى بولۇپ، ھازىر « دابوز» ۋە «ئاربوز» دەپ ئاتىلىدۇ( كۈسەن مەدەنىيىتى2013 - 4 -سان، -12بەت)

130 - Qaqti- köl قاقتى كۆل

131 - Saɤin sögät سېغىن سۆگەت، كۇچا ناھىيە دۆڭقوتان يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)

132 - Saɤizliq سېغىزلىق، شايار ناھىيە قىزىلباياراق يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (شايار ناھىيەسى تەزكىرىسى، 111 -بەت)

133 - Sāi ساي

134 - Sāi täɤ ساي تاغ

135 - Saqaɤu ساقاغۇ، كۇچا ناھىيە ئۇچا بازىرىدىكى بىر مەھەللىنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 - بەت)

136 - Dā Sarimaq دا سارىماق

137 - Šau Sarimaq شاۋسارىماق

138 - Sāriq tōɤraq سارىق توغراق

139 - Sär- ökäsi سەر ئۆكەسى

140 - Surilik سۇرۇلۇك

141 - Šahidulla شاھىدۇللا
142 - Šarnut سارنۇت
143 - Šäyär شايار، كۇچا ناھىيەسىگە قوشنا بىر ناھىيەنىڭ نامى (شايار ناھىيەسى تەزكىرىسى، 4 -بەت)
144 - Šäyär aq känti شايار ئاق كەنتى
145 - Šäyär čɑrtɑq شايار چارتاغ
146 - Taɤanšaتاغانشا
147 - Tägürmän baši تۈگمەن بېشى، كۇچا بېھىش باغ يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ ئىسمى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)
148 - Taχola تاخولا
149 - qum χotängä taluq قۇم خوتەنگە تالۇق
150 - Sɑirɑm taluq سايرام تالۇق
151 - Tɑl-liq χota تاللىق خوتا
152 - Tamɤa tɑš تامغا تاش
153 - Taqmaq تاقماق
154 - Tatarči تاتارچى
155 - Tikin تىكىن
156 - Toχṣuتوقسۇ، توقسۇ كۇچا ناھىيەسىگە قوشنا بىر ناھىيەنىڭ نامى (توقسۇ ناھىيەسى تەزكىرىسى، 65 -بەت)
157 - Toqači توقاچى
158 - Toqanai توقاناي
159 - Toquz tuma توقۇز تۇما، كۇچا ناھىيە چىمەن بازىرىغا قاراشلىق بىر كەنتنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)
160 - Učarئۇچار، كۇچا ناھىيەسىدىكى بىر بازارنىڭ ۋە بىر كەنتنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)
161 - Učar döng bägi ئۇچار دۆڭ بېغى
162 - Üč qara ئۈچ قارا، كۇچا ناھىيە دۆڭقوتان بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)
163 - Üč qat ئۈچ قات، توقسۇ ناھىيەسىدىكى بىر قەدىمي شەھەر خارابىسى (قەدىمكى كۈسەن، 114 -بەت)
164 - Uzun ئۇزۇن، كۇچا ناھىيەسىدىكى بىر بازارنىڭ ھەم دۆڭقوتان بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)
165 - Yandama ياندىما، كۇچا ناھىيە ئالاقاغا بازىرىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى (كۇچا ناھىيەسى تەزكىرىسى، 91 -بەت)
166 - Yangi ayɑt يېڭى ھايات
167 - Yiq يىق
168 - Zigirči زىگىرچى
169 - lao ,šing كونا، يېڭى
170 - Čaqirla چاقىرلا
171 - Afrasiabning öyi ئاپراپسىياپنىڭ ئۆيى
172 - Afrasiabning öyi bar ئاپراپسىياپنىڭ ئۆيى بار
173 - Afrasiabning šähri ئاپراپسىياپنىڭ شەھرى
174 - Afrasiabning šähirläri ئاپراپسىياپنىڭ شەھەرلىرى
175 - šähr-i-qedim-i-Afrasiab ئاپراپسىياپ قەدىمقى شەھرى

19 -ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سىزىلغان بۇ خەرىتىدىكى يەر نامىلىرىنىڭ ئاساسلىقى كۇچاغا، مەلۇم بىر قىسمى توقسۇ ۋە شايارغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ يەر نامىلىرىنى ھازىرمۇ بۇ ناھىيەلەردىن تامامەن تاپقىلى بولىدۇ. قىسمەن يەر نامىلىرىنىڭ يېزىلىش ۋە ئاتىلىشى جەھەتتە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن بىرئاز پەرقلىق بولۇشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئارىدىن 100 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ ، بۇ ناھىيەلەرنىڭ يەر نامىلىرىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى بايقايمىز. ئەلۋەتتە بىر قىسىم يەر نامىلىرىنى كۇچا، توقسۇ ۋە شايارغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن تاپقىلى بولمىدى. بەلكىم بۇ ناملار ئاللىقچان ئىستېمالدىن قالغان بولۇشى ياكى بىز يەر نامىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىگىزلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشەلمىگەن بولۇشىمىز مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قولىمىزدا بۇ ناھىيەلەرنىڭ يېڭى دەۋردە ئىشلەنگەن خەرىتىلىك تەزكىرىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەر نامىلىرىنىڭ ھازىرقى زاماندا مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاشتا، 60 - ۋە 90 -يىللاردا نەشر قىلىنغان ھەرقايسى ناھىيەلەرنىڭ ناھىيە تەزكىرىلىرىنى ۋە باشقا قوشۇمچە ماتېرىياللارنى ئاساس قىلدۇق. خەرىتىدىكى تىلغا ئېلىنغان بىر قىسىم يەر نامىلىرى كۇچا، توقسۇ ۋە شايار ناھىيەلىرىدىمۇ ئوخشاش مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىلدىكى يەر نامىلىرىنى ئىزاھلاشتا كۇچادىكى يەر نامىلىرىنى ئاساس قىلدۇق. چۈنكى بۇ خەرىتە سىزىلغان زامانلاردا گەرچە كۇچا،توقسۇ، شايار ناھىيەلىرى ئايرىم ناھىيە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا كۇچا، توقسۇ ۋە شايار ناھىيەلىرى تېخى ئېنىق ئايرىلىپ بولالمىغانىدى، شۇڭا خەرىتە سىزغۇچىنىڭ نەزىرىدە بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى كۇچا تېررىتورىيەسى ئىدى. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈشىمىز زۆرۈركى، چەتئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ يۇرتىمىزدىن ئېلىپ كەتكەن ئاسارە ئەتىقىلىرى توغرىسىدا ھازىرغىچە سەلبىي كۆز قاراشلار مەۋجۇت. ئەمما بىز شۇ جەرياندا ئىقتىسادنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلى ئۇلارغا يېقىندىن ياردەمدە بولۇپ، ئۆزىنىڭ تۇرمىشىنى قامداشقا مەجبۇر بولغان، ھەتتا پۇل تېپىش كويىدا بىر قىسىم قاملاشمىغان ئىشلارنى قىلىپ ئۇلارنى ئالدىغان، بىر قىسىم قول يازمىلارنى ساختا ياسىغان ۋە بىر قىسىم بۇيۇملارنى يۇقىرى باھادا ساتقان شۇ چاغدىكى يۇرتداشلىرىمىزنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماقلىقىمىز كېرەك. ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا ياۋرۇپالىقلار ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، يېزىپ قالدۇرۇلغان قول يازمىلارنى ئېلىپ كەلمىگەن بولسا ھازىر بەلكىم دۇنيا ئەھلىگە ئۆزىمىزنىڭ تارىختا قانچىلىك مەدەنىيەتلىك بىر مىللەت بولۇپ ئۆتكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلاشقا بەلكىم تىلىمىز ئاجىزلىق قىلغان بولاتتى. ھازىر بۇ مەدەنىي مىراسلىرىمىز بىزنىڭ چەتئەلدىكى گۆھەرلىرىمىزدۇر. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ خىل ماتېرىياللار ئۆز دەۋرىدە چەتئەللىك تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ياكى قىلىنمىغان بولسۇن، ئۇنى شۇ تۇپراقلاردىن كەلگەن بىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن يۇرتقا بولغان تونۇشىمىز ئاساسىدا ئېنىق بولمىغان نۇقتىلارنى يەنە بىر قېتىم بىلگىنىمىزچە توغرا ئىزاھلاپ بېرەلىسەك ھازىرقى تەتقىقاتلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم مەنبە بولالايدۇ.

Adil Muhemmet/Telet Obulqasim «Qedimqi Küsen», shinjang xelq neshriyati, 2008-yili 11-ay, 1-neshri

«Kucha Nahiyesi Tezkirisi»,Kkucha nahiyelik tezkire komitéti, Shinjang xelq neshriyati 1997-yili 9-ay, 1-neshri

«Toqsu Nahiyesi Tezkirisi», toqsu nahiyelik tezkire komitéti, Shinjang xelq neshriyati, 1997-yili 7-ay, 1-neshri

«Shayar Nahiyesi Tezkirisi» Shayar nahiyelik tezkire komitéti, Shinjang xelq neshriyati, 2004-yili 6-ay, 1 - neshri

«Küsen Medeniyiti» zhornili 2013-yilliq 4-san

Albert von Le Coq/Albert Herrmann 1922: 'Eine Karte von Kutscha'. Southern Tibet 1922: discoveries in Former Times compared with my own researches in 1906-1908 by Sven Hedin. Vol. VIII, 425-431.

— 1926: Auf Hellas Spuren in Ostturkistan. Berichte und Abhandlungen der II. und III. Deutschen Turfan-Expedition. Leipzig: Verlag der J.c. Hinrichs'schen Buchandlung.

— 1928: Von Land und Leuten in Ostturkestan. Berichte und Abenteuer der 4. Deutschen Turfanexpedition. Leipzig: Verlag der J.c. Hinrichs'schen Buchandlung.

Justin M. Jacob 2019: The compensations of plunder: how china lost its treasures. Chicago &London: The University of Chicago Press.

Knüppel, Michael 2011. 'Von Lassan nach Ostturkistān- zu Leben und Wirken von Theodor Bartus (1858-1941)'. Beiträge zur Lassaner Heimatsgeschichte, 36-61.

— 2022. Georg Huth (1867-1906) als Tungusologe: eine Materialsammlung. Norderstedt.

Jongxua Xelq Jumhuriyiti Xinjiang Uyghur aptonom rayoni xeritiliri toplimi 1966. Ürümchi.

ئەقىلنىڭ ھەرىكىتى قېرىدەك، ئۆزى ياش ئوغلاندەك.
ئەقىل – ئىدراك قەيەردە بولسا، بېرىپ ئۇنىڭغا
يېپىشقىن. ئۇنىڭ كىچىكى ئوماق، قېرىلىقى تەمكىن،
ئۆزى كەمتەر-سالماق، (بېرىدىغان) پايدىسى كۆپ.

ئەقىل-ئىدراكلىق، ۋاپادار كىشى ئادەملەرنىڭ ئېسىلىدۇر.
ئۇ باشقىلار ئۈچۈن ھەرۋاقىت ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى

# ھېكايىچىلىقىمىزدىكى قاتماللىق

قاھار نىياز

ھېكايە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ جانلىق، ئەڭ ئىخچام ۋە ئەركىن ژانىرى. يازغۇچىنىڭ ماھارىتى يۇقىرى بولسا، بۇ ژانىردىن پايدىلىنىپ تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپىنى بەدىئىي يول بىلەن ئەپچىل، قىزىقارلىق ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى مەشھۇر ئەدىبلەر ھېكايىچىلىق بىلەن تونۇلغان. ئوخشىمىغان دۆلەت ۋە دەۋرلەردە ھېكايىگە بولغان چۈشەنچە ۋە تەلەپمۇ ئوخشاش بولماي كەلدى. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئەدەبىياتخۇمارلار ھېكايىدىن كۆڭۈل ئۈزمىدى. شۇڭىمۇ بۇ ژانىر بىر نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، مۇكەممەللىشىپ، دۇنيا ئەدەبىيات خەزىنىسىگە مىسلىسىز تۆھپە قوشتى ۋە قوشماقتا.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ ھېكايىچىلىق ئۆتكەن يېرىم ئەسىردە تېز تەرەققىي قىلدى، ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىدىغان بىر تۈركۈم يازغۇچىلار مەيدانغا كېلىپ، مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدىغان تېمىلاردا ئاكتىپ قەلەم تەۋرەتتى. نەتىجىدە ئوخشىمىغان تېما ۋە ئۇسلۇبتىكى ياخشى ھېكايىلەر تۈركۈملەپ مەيدانغا چىقىپ، مەنىۋى تەشنالىقىمىزنى قاندۇردى ۋە قاندۇرماقتا. بۇ جەرياندا ھېكايە ژانىرىغا قويۇلىدىغان تەلەپ، جۈملىدىن ھېكايە ژانىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىمۇ داۋاملىق مۇكەممەللەشتى ۋە چوڭقۇرلاشتى. -80يىللاردا ياخشى ھېكايە دەپ قارالغان ھېكايىلەرنى ھازىر ئوقۇپ باقساق، خېلىلا ئاددىيلىقىنى ھېس قىلماقتىمىز . شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، بازار ئىگىلىكى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ زىيادە تەكىتلىنىشى سەۋەبلىك، يېقىنقى يىللاردا ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاشلا ھېكايىچىلىقىمىزدىمۇ بىر خىل قاتماللىق، تۇرغۇنلۇق ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. ھازىرقى ھېكايىچىلىقىمىزدا ئالاھىدە ياخشى ياكى بىر قەدەر ياخشى ھېكايىلەر خېلىلا كەم. ئىجادىيەتتە تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت قارىشى يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. كۆپ خىللىق، رەڭدارلىق، چوڭقۇرلۇقتىن ئېغىز ئېچىش تەس. قىسقىسى، ھازىرقى ھېكايىچىلىقىمىزدا تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار قاتماللىقلار مەۋجۇت.

1. مەزمۇن ئاددىي، تەپەككۇر تېيىز. يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ تېيىز، ئىزدىنىش ۋە ئۆگىنىش روھىنىڭ كەم بولۇشى، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن زېھنىنى ئىجادىيەتكە تولۇق مەركەزلەشتۈرەلمەسلىك، چوڭقۇر ئىزدەنمەيلا قولىغا قەلەم ئېلىش... قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھېكايىچىلىقىمىزدا مەزمۇن ئاددىي ۋە بىر خىللا بولۇش، ھادىسىۋى مەسىلىلەر ئۈستىدىلا چەكلىنىپ قېلىپ، ماھىيەتكە ئىچكىرىلەپ كىرەلمەسلىك ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت. بۇ يەردىكى ئاددىيلىق ئاپتورنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى مەلۇم ناچار ئىش-ھادىسىلەرنى تەنقىدلەش ياكى نەسىھەت خاراكتېرلىك شۇئارنى «ھېكايە» قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. تېيىزلىق –خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدىكى ماھىيەتلىك تۈپ زىددىيەتلەرنى، ئۆزگىچە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى، پسىخىكىسى ۋە ياشاش ئۇسۇلىنى، ئېرىشىۋاتقان ۋە يوقىتىپ قويۇۋاتقان نەرسىلىرىنى، يوشۇرۇن ئېڭىنى چوڭقۇر قېزىپ بېرەلمەسلىك ۋە ئۇنىڭغا دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرالماسلىقتا كۆرۈلىدۇ. شۇڭا ھېكايىچىلىقىمىزدا سىياسىي ، قانۇن-تۈزۈم، ئەخلاق ۋە مائارىپ ساھەلىرى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان، ھەممە ئادەمگە ئېنىق بولغان چەكلەش، چەكلىنىش تېمىسىدىكى نوقۇل تەربىيىۋى مەزمۇننى ئاساس قىلغان ھېكايىلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، ھېكايىنىڭ تەربىيىۋى رولىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. لېكىن ئۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى ئېستېتىك ئۇنۇم ئارقىلىق ئوقۇرمەننىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئىختىيارسىز تەسىر قىلىپ، ئۇنى مايىل قىلىش ئاساسىدا ئەمەلگە ئېشىشى كېرەك. بولمىسا ھېكايە ھېكايىگە ئوخشىماي، شۇئار ياكى چاقىرىققا ئوخشاپ قالىدۇ.

2. تېما دائىرىسىنىڭ تار ۋە تەكرارلىقى. تۇرمۇشىمىزنىڭ كۈندىن-كۈنگە رەڭدار ۋە كۆپ خىللىشىشىغا ئەگىشىپ، ئادەملىرىمىزنىڭ روھىي دۇنياسى، تۇرمۇش ۋە ھايات ھەققىدىكى كۆز قاراش، ھېس-تۇيغۇلىرىمۇ مۇرەككەپلىشىپ بارماقتا. بۇ ئەلۋەتتە ھېكايىچىلىقىمىزنى تېخىمۇ مول تېمىلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. لېكىن بىز خۇددى يۇقىرىدىن مەمۇرىي ھۆججەت ئارقىلىق بېكىتىپ بەرگەندەك ھېكايە ئىجادىيىتىدە ساناقلىق بىر قانچە تېمىنىڭ سىرتىغا چىقالمايۋاتىمىز. يېزىشقا تېگىشلىك تالاي تېمىلار نەزىرىمىزنىڭ سىرتىدا قېلىۋاتىدۇ. ھېكايە ئىمكانىيەت دائىرىسى كەڭ ژانىر. ئۇنىڭدا تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپىنى خالىغان شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرۈش مۇمكىن. ئەدەبىيات نەزەرىيەسىدىكى ئۆلچەمگە ياكى ئىلگىرىكىلەرنىڭ قېلىپىغا سالىمەن دەپ قىينىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى ئاشۇ نەزەرىيە، ئۆلچەملەر ھېكايە ژانىرى پەيدا بولغاندىن كېيىن پەيدا بولغان ھەم بۈندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بەزىلەر «يازاي دېسەم تۈزۈك تېما تاپالمايۋاتىمەن» دەپ ۋايسايدۇ. بۇ بىر باھانە خالاس. سىز ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي تۇرمۇش تېما

* «ئىزدىنىش» تورىدىن ئېلىندى (ت)

بىلەن تولۇپ ياتقان بولىدۇ. ھەر كۈنى ئەتراپىڭىزدا، ئۆز تۇرمۇشىڭىزدا تۈرلۈك ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. گەپ سىزنىڭ ئۇنى بايقاش- بايقىيالماسلىقىڭىزدا. مەخسۇس تېما، ۋەقەلىك ئىزدەپ بىر يەرلەرگە بېرىشىنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق (پەقەت سىزنى ئالاھىدە جەلپ قىلىشۋالغان بىرەر ئۇچۇرغا ئىگە بولمىغان بولسىڭىزلا). بەلكى ئۆزى ئەتراپىڭىزدىكى تۇرمۇشتىن يېزىلغان نەرسىلەر تېخىمۇ چىن، تېخىمۇ تەبىئىي چىقىدۇ. باشقىلار يازغاننى ئوقۇپلا، مۇشۇنداق تېمىلاردا يازسام ئوبدان بولىدىغان ئوخشايدۇ دەپ يازسىڭىز، تېما، مەزمۇن تەكرارلىقىغا پېتىپ قالىسىز. ھازىر مۇشۇنداق قەلەم تەۋرىتىۋاتقان، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزمەيدىغانلار كۆپىيىپ قالدى. يازغۇچىدا باشقىلار يازمىغاننى يېزىپ بېقىشقا جۈرئەت قىلىدىغان روھ بولۇشى كېرەك. ھالبۇكى، مۇشۇ كۈنلەردە ئېلان قىلىنىۋاتقان نەچچە يۈز پارچە ھېكايىنىڭ تېمىسىنى ئائىلە بۇزۇلۇشى توغرىسىدا، پارىخورلۇق، خۇشامەتچىلىك، يېزىلاردىكى ئارتۇقچە ئالۋاڭ- سېلىق توغرىسىدا... قاتارلىق بىر نەچچە مەزمۇنغىلا يىغىنچاقلاش مۇمكىن. سان كۆپ، سۈپەت تۆۋەن، سيۇژېت، پېرسوناژ بىر-بىرىدىن سەل-پەللا پەرقلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، بەزى تېمىلار مەڭگۈلۈك تېمىلار بولۇپ تارىختىن بۇيان يېزىلىپ كېلىۋاتىدۇ، بۇندىن كېيىنمۇ ھەم يېزىلىدۇ. لېكىن ئوخشاش تېمىنى يازغاندا ئۇنى باشقىلاردىن ئۆزگىچە ھەم تەسىرلىك يازالىسىڭىز بۇ باشقا گەپ، يازمىغان تۈزۈك.

3. پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشتىكى قېلىپپازلىق. ھەرقانداق بىر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىدا ئادەم تۇرىدۇ. بۇ ئادەم ئومۇملۇققا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە خاسلىققىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ ئۆلۈك ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئەدەبىياتتىن ئاز-تولا خەۋىرى بارلار بىلىدىغان ئەقەللىي ساۋات. ھازىر ھېكايىچىلىقىمىزدا تېپىك مۇھىت ئىچىدە تېپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت پرىنسىپى يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرماقتا. بۇ پرىنسىپنى ئۆلۈك ئۆزلەشتۈرۈۋالغان بىر قىسىم ئەدىبلىرىمىز ئۆز پېرسوناژلىرىنى يەنىلا «ئىجابىي» ۋە «سەلبىي »گە ئايرىشتىن تولۇق خالاس بولغىنى يوق. پېرسوناژنى ئۆز ئىدىيەسىنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش، پېرسوناژنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسىگە ھۆرمەت قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ نازۇك ئىچكى سادالىرىغا قۇلاق سالماسلىق، ياخشى ئادەمنى بەكلا ياخشى، ئەسكى ئادەمنى تامامەن ئەسكى قىلىپ تەسۋىرلەش خاھىشى بىر قەدەر ئېغىر. دەل مۇشۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، ھېكايىلىرىمىزدا قان ۋە گۆش بار، ياخشى يامان تەرىپى تەڭلا مەۋجۇت، ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان، قەلبىمىزدە ماھىيەتلىك زىلزىلە پەيدا قىلالايدىغان پېرسوناژلار بەكلا ئاز. ھەتتا ئۆز پېرسوناژلىرىغا ئۇدۇللا چۈشەندۈرۈش ۋە باھا بېرىش، پېرسوناژنىڭ ئىنسانىي تەبىئىتى بىلەن ھېسابلاشماسلىق ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. بۇ ئىنتايىن قاتمال ۋە ناچار يېزىقچىلىق ئىستىلى بولۇپ، ھېكايىنىڭ جېنى بولغان پېرسوناژغا بۇنداق سەل قاراش ۋە ئىدىيە يۈكلەپ ماشىنا ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئاقىۋەتتە ھېكايىنىڭ قىممىتىنى نۆلگە تەڭ قىلىدۇ.

4. سيۇژېت، قۇرۇلما ۋە تىلدىكى قاتماللىق. دۇنيا ھېكايىچىلىقىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرساق، ھېكايىچىلىقتىكى شەكىل ۋە ماھارەتنىڭ تولىمۇ كۆپ خىل ئىكەنلىكىنى، بىز بىلىدىغان ئاتالمىش سيۇژېت ۋە قۇرۇلما نەزەرىيەلىرىنىڭ ھەرگىزمۇ قېلىپلىشىپ قالغان نەرسە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىمىز. دېمىسىمۇ بىز ئىدىيەنى ئىپادىلەشتە تاللىۋالغان ماتېرىياللىرىمىزنى مەيلى قانداقلا شەكىل قوللىنايلى، ئوقۇرمەنلەرگە تەسىرلىك بايان قىلىپ بېرەلىسەكلا بولىدۇ. ھېكايىمىزدە مۇكەممەل ۋەقەلىكنىڭ بولۇشى، سيۇژېتنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللارنىڭ چوقۇم تولۇق بولۇشى شەرت ئەمەس. سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ بولۇشىمۇ ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس. ھەتتا قۇرۇلما جەھەتتە ماھارىتىمىز يەتسە، قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىشتىن ساقلىنالىساق، ۋاقىت، ئورۇن، پېرسوناژ قاتارلىق تەرتىپنى خالىغانچە قۇراشتۇرساق بولۇۋېرىدۇ . مەقسەت پەقەت ھېكايىدە ئاخىرقى ھېسابتا يەتمەكچى بولغان ئىدىيەۋى ۋە ئېستېتىك مۇددىئاغا كۆڭۈلدىكىدەك يېتىش، خالاس. ئەپسۇس، ھازىرقى ھېكايىچىلىقىمىزغا قارايدىغان بولساق، كۆپ ساندىكى ھېكايە خۇددى بىر ئاپتورنىڭ قولىدىن چىققاندەك، ھېكايىنىڭ يېرىمىغا كەلگۈچە ئاخىرىدا نېمە سۆزلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ بولغىلى بولىدۇ. شەكىل بىر خىل، جەلپ قىلارلىق ئەمەس. پەرەز قىلىۋالغىلى بولىدىغان بۆلەكلەر ئەتەي ئېزىپ ئىچۈرۈلۈپ سۆزلەنگەن. ھەتتا ھېكايە تىلىدا ئىشلىتىلگەن تۈرلۈك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرمۇ قېلىپلىشىپ قالغان. مەسىلەن، «سىياھدەك قاراڭغۇ»، «بېشىمغا بىر قاپاق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم»، «بۇلاقتەك كۆزلىرى...» دېگەندەك ئوخشىتىشلارنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. بۇ ئەلۋەتتە، بىر ئاپتورنىڭ پاتېنتى ئەمەس، كىم ئىشلەتسە بولۇۋېرىدۇ ، لېكىن بىز ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئىكەنمىز، ئىمكان بار يېڭى ئوخشىتىشلارنى تېپىشقا تىرىشىشىمىز، تەپەككۇرىمىزنى ئەركىن قاناتلاندۇرۇپ، ئۆزىمىزگە خاس تىل ئۇسلۇبىنى يارىتىشىمىز كېرەك.

قىسقىسى، ھېكايىچىلىقىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز دەيدىكەنمىز، يۇقىرىقىدەك قاتماللىقلاردىن ئىمكان بار ساقلىنىشقا تىرىشىشىمىز، ئۆزىمىزگە خاس ئىجادىي تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، ھەر جەھەتتىن دادىل سىناق قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىمىز، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ھەقىقەتەنمۇ جاپالىق، مۇرەككەپ بىر ئەقلىي ئەمگەك جەريانى ئىكەنلىكىنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشىنىپ يېتىشىمىز لازىم. شۇندىلا ھېكايە گۈلزارلىقىمىزدا كۆزىمىزنى قاماشتۇرغۇدەك رەڭگارەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىدۇ.

«شىنجاڭ گېزىتى» دىن ئېلىندى.

ئاپتور «تارىم» ژۇرنىلىدا

# چوشقىلارغا بايرام

(ھېكايە)

مەمتىمىن ھوشۇر

«ساراڭ» نىڭ ئاپتورىدىن يەنە بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇ خەتكە قوشۇپ يەنە بىر ئەسەرنى ئەۋەتىپتۇ.

«رەئىس ئەپەندىم، ياخشىمۇسىز؟— دەپ يېزىپتۇ ئۇ خېتىدە، ئۆتكەنكى خېتىمنى ئوقۇپ تازا كۈلگەنسىز؟ رەئىس بولغان ئادەملەر ئۇنچە كۈلمەمدۇيا؟ مەن سىزنى رەئىس بولغاندىن بېرى قاپىقىنى تۈرۈپلا يۈرۈيدىغان بولۇپ قالدىمىكىن، دەپ پەرەز قىلىمەن. قىزىقكەنسىز، بۇ جاھاننىڭ قاپاق تۈرگىچىلىكى بارمۇ؟ باشقىلارنىڭ شاڭخو قىلىشىدىن قورقۇپ، ئۆزۈمچىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىمنى سىزدىن باشقا ھېچكىمگە تىڭشىمىدىم. تۇۋا دەيمەن، دەرد تارتقانلارنىڭ دەردىنى يۈرەكلىك ئېيتالمايدىغان بولۇپ قالدىغىنىمۇ غەلىتە ئىشكەن. ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ھازىرقى بوۋاقلارنىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپلا چېچىغا ئاق كىرىپ كېتىۋاتقۇدەك. يېقىندا بىر تاماكا چىقىپتۇدەك، ئۇنىڭ ئىككى بېشىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئوتتۇردىن چېكىدىكەنسىز. بەزى كاتىۋاشلارنىڭ بالا - چاقىسىنى تازا پۇل تاپىدىغان ئىشقا سېلىپ قويۇپ، ‹پۇل دېگەنگە ئۆزىنى تازا بەك ئۇرۇپ كەتكەنمۇ ياخشى ئىش ئەمەس› دەپ ۋەز ئېيتىدىغان بولىۋالغىنىغا مەن ھەيران. ئىچىم پۇشۇپ، ئۇ قېتىم راستىنلا چوشقىلار توغرىسىدا يازدىم. بۇ ئاداش يازمىغان ئەمدى چوشقا قاپتىمۇ ، دەرسىز، قېنى كۆرۈپ بېقىڭ..»

1 - ئاپتۇرنىڭ چوشقا ھەققىدىكى ئەسىرى مانا مۇنداق باشلىنىپتۇ.

شەھىرىمىزنىڭ يان تەرىپى ئازراق سازلىق بولىدىغان، ئۇ يەردە چوشقا باقىدىغان بىر ئائىلىلىك تۇراتتى. ئۇلار سازلىقنىڭ قۇرۇقراق يەرلىرىگە ئانچە-مۇنچە كۆكتات تېرىپ جاھاندارچىلىق قىلاتتى. كىچىك ۋاقتىمىزدا باللار بىلەن ئويناپ سازلىق تەرەپكە بېرىپ قالاتتۇق. سازنىڭ سۈيىنى شالاپشىتىپ كېچىپ، خارتىلداپ قارا پاتقاقتا تۇمشۇقىنى تىقىپ، سازلىقنى تىلغاپ يۈرگەن چوشقىلارنى كۆرۈپ ، چوشقا دېگەن پاتقاق يەيدىغان ئوخشىمامدۇ؟ دەپ ئويلايتتىم. كېيىن، بۇ سازلىقنىڭ سۈيى بارا- بارا تارتىلىپ، قۇرۇپ كەتكىلى تۇردى. چوشقا باقىدىغان ھېلىقى ئائىلە كۆكتات تېرىيدىغان يەرلىرىنى قوشۇپ ئەتراپقا تام سوقۇپ، بىكار ياتقان خېلى كۆپ يەرنى قاشالدىۋالدى. شەھەرنىڭ ئابرويلۇق بىر باشلىقى «ئوغلۇمغا» دەپ شۇ ئەتراپقا كېلىشتۈرۈپ بىر ئۆي سالدى. بۇنى دوراپ، ئۆيىنىڭ ئەلىمى ئۆتۈپ كەتكەنلەر ئارقا- ئارقىدىن سازلىققا ئۆي سېلىشقا باشلىدى. پېنسىيىگە چىققان بىر كىشى ئۇ يەرگە ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەرنى ساتىدىغان بىر دۇكانمۇ ئېچىۋالدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ سازلىقنىڭ ئورنى بارا- بارا يېڭى بىر مەھەللە بولۇپ قالدى. بىزمۇ بۇ مەھەللىگە بىر نەچچە ئېغىز ئۆي سېلىپ كۆچۈپ چىقىپ، نەق چوشقا باقىدىغان ھېلىقى ئائىلە بىلەن قوشنا ئولتۇرۇپ قالدۇق.

چوشقا باقىدىغان ئائىلىنىڭ چوڭى ئورۇق، تىمەن بىر بوۋاي ئىدى. ئۇ ياشتا چوڭ ۋە بۇ يېڭى مەھەللىگە ھەممىمىزدىن كونا بولغاچقا، مەھەللىدىكىلەربۇ بوۋاي بىلەن ئۇچرىشىپ قالساق، ھۆرمەتلەپ سالاملىشىپ ئۆتەتتۇق. ئەمدى چوشقىلارنىڭ تالادا يۈگۈرۈپ، ھەممە يەرنى تىلغاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرمەيدىغان بولدۇق. بوۋاي قوشنا- قولۇملارنىڭ ئۆرپ –ئادىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، چوشقىلىرىنى تالاغا قويۇۋەتمەيدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ھويلىسى كەڭرى ئىدى. بىز چوشقىلارنىڭ چىرقىراشقان ئاۋازىنى ھويلا ئىچىدىن، تاملارنىڭ ئارقىسىدىنلا ئاڭلايتتۇق. چوشقا دىگەننىڭ زادى نېمە يەيدىغانلىقىنى مەن شۇ بوۋايغا قوشنا بولۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىنلا ئازراق چۈشەنگەندەك بولدۇم. دەسلەپتە بوۋاينىڭ چوشقىلىرىمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بالىلىرى ھەركۈنى سېۋەتنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئەتراپتىن ياۋا كۆكتات، كۆكتات تاشلاندۇقلىرى دېگەندەك نەرسىلەرنى تېرىپ كېلىشەتتى. بوۋاي بۇ كۆكتاتلارنى يۇيۇپ، توغراپ، ئۇنىڭغا يەنە نېمىلەرنىدۇر ئارلاشتۇرۇپ ئاداپ قىلىپ چوشقىلارغا تۆكۈپ بېرەتتى. كەچكە يېقىن بوۋاي يوغان ئىككى چېلەكنى ئەپكەشكە ئىلىپ، بازار ئىچىدىن ئاشخانىلارنىڭ تاماق قالدۇقلىرى ئارلاشقان يۇندى-چاقانلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى. كېيىن ئۇلارنىڭ چوشقىلىرى كۆپىيىپ، بوۋاينىڭ ئائىلىسى رەسمىي چوشقا بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ چاغقا كەلگەندە بوۋاينىڭ ئوغۇللىرىمۇ چوڭ بولۇپ قالغاندى. چوڭ ئوغلى بىر موتسىكىلىت سېتىۋالدى. موتسىكىلىتنىڭ ئارقىسىغا بىر كىچىك كوزۇپنى چېتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇڭ ئورنىتىپ ئاشخانىلارنىڭ ئاشقان- -تاشقان تاماقلىرىنى شۇنىڭدا توشۇپ كېلىدىغان بولدى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى بوۋاينىڭ ئائىلىسى شۇنداق تېز كۆتۈرۈلۈپ كەتتىكى، ئۇلارنىڭ قانداق بېيىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئەقلىمىز يەتمەيلا قالدى. بۇ بوۋايغا ھازىر قېرىلىق يېتىپ قالغان بولۇپ، ئائىلىنى باشقۇرۇش ئىشىنى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى قولىغا ئالغان ئىدى. ئۇ ھويلىسىنىڭ بۇرۇنقى كۆرۈمسىز توپا تاملىرىنى ئۆرۈپ تاشلاپ، قىپقىزىل خىشتا تام قوپۇرۇپ چىقتى. بېقىۋاتقان چوشقىلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. چوشقىلارنىڭ تۇرىدىغان يېرىنى ئايرىم قىلىپ، چوشقا قوتانلىرىنىمۇ سېمونت بىلەن سۇۋىتىۋاتتى. خۇددى بىرى تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، چوشقىلارنى يۇدۇپ

چىقىپ كېتىدىغاندەك، ئېگىز تاملارنىڭ ئۈستىگىمۇ ئايلاندۇرۇپ تىكەنلىك سىم تارتىۋەتتى. ھويلىسىنىڭ يەنە بىر چېتىگە ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ شۇنداق كاتتا ئىمارەت سالدىكى، بۇنىڭ ئالدىدا مەھەللىمىز بويىچە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان، ئابرۇيلۇق ھېلىقى باشلىقنىڭ ئوغۇلىغا سالغان ئۆيي چېنىپلا قالدى. ئۇلارنىڭ چوشقىلىرىنىڭ شۇنچە تېز كۆپىيىپ، بېيىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈستىدە گەپ بولسا، مەھەللىدىكىلەر:

– بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى بېقىۋاتقان چوشقىلار چەتئەل نەسلىدىن ئىكەن، يېنىدا ئولتۇرۇپ بېشىنى سىلاپ بەرسە، بىر تۇغقاندا بىراقلا 20 –30 نى تۇغقىدەك، – دېيىشەتتى. يەنە بەزىلەر:

– ئۇلارنىڭ ياپونىيىدىن ئەكەلگەن يەنە بىر غەلىتە چوشقىسى بار ئىكەن، يېپىشكە پىششىق تاماق يەپ، چىچىشقا تاراقلاپ تۇرغان قەغەز پۇل چىچارمىش، – دەيتتى.

مەھەللىدىكى ئۇششاق- چۈششەك نەرسىلەر ساتىدىغان دۇكاننى ئاچقان كىشى ئىلگىرى بىر مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ئىكەن . ئۇ مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا سەل خاپا بولغاندەك بولۇپ :

– ھەممە ئىشنى چاقچاقلا ئايلاندۇردىكەنسىلەر ئۇكىلىرىم ، مەسىلە دېگەنگە ئىلمىي قاراش كېرەك . چوشقا باققۇچىلارنىڭ بېيىپ كېتىشى شەھىرىمىزدىكى رېستورانلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن توغرا تاناسىپ ،– دەيتتى .

– بۇ نېمە گەپ، ئاكا؟ – دەيتتۇق بىز، – تاناسىپ- پاناسىپ دىگىنىڭىز نېمىسى؟ – بۇ دېگەنلىك، – دەپ چۈشەندۈرەتتى ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى، - شەھىرىمىزدە رېستورانلار قانچە كۆپەيگەنسېرى چوشقا باقىدىغانلار شۇنچە باي بولىدۇ دىگەنلىك. رېستوران دېگەنگە قورسىقى توق غوجاملار كىرىدۇ. بىر-بىرىدىن ئابروي تالىشىپ تاماقنى ھارغۇچە بۇيرۇپ قويۇپ، ئازراقلا يەپ بولىدى قىلىدۇ، قالغىنىنى چوشقا باقىدىغانلار يىغىشتۇرۇپ ماڭىدۇ. چوشقىنىڭ بىكارغا كېلىدىغان مۇنداق يېمى كۆپىيىۋەرسە، چوشقا باقىدىغانلار باي بولماي نېمە بولىدۇ.؟

بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى ھازىر يىراق – يېقىنلارغا بارسا يېڭى سېتىۋالغان قاپقارا پىكاپىغا ئولتۇرۇپ باراتتى. بوۋاينىڭ ئىككىنچى ئوغلى شەھەرگە يوغان تۇڭ ئورنىتىلغان يۈك ماشىنىسىنى ھەيدەيتتى. ئۇلارنىڭ شەھەردىكى داڭلىق چوڭ رېستورانلار بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى. ئۇ يەردىكى ئاشقان تاماقلار ئاشۇ ماشىنىدا توشۇپ كېلىنەتتى.

راست دېگەندەك، رېستورانلاردىن چوشقىلارغا تاماق توشۇپ كېلىدىغان يۈك ماشىنىسىدىكى سىرتىنى قېلىن ماي باغلاپ كەتكەن يوغان تۇڭنىڭ ئىچىگە قارىسىڭىز چۈشىڭىزدىمۇ كۆرمىگەن نەرسىلەرنى كۆرىسىز. قورۇلغان، دۈملەنگەن، ئېچىتىلغان، ئىسسىق – سوغۇق ھەرخىل قورۇمىلار، ئۆردەك، غاز – توخۇ، قىرغاۋۇل، كەكلىك ... يەنە قانداقتۇر كەم ئۇچرايدىغان ئۇچار- قاناتلارنىڭ گۆشلىرى، بېلىق، پاقا، يىلان، كەسلەنچۈك، قۇرت – قوڭغۇز، ئىت – مۈشۈك، كالا، قويلارنىڭ گۆشلىرىدىن تەييارلانغان خىلمۇ خىل تاماقلار، كىملەرنىڭدۇر تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ تەييارلانغان ئېسىل تورتلار، لەيلەپ تۇرغان ئاپئاق ھورنان، يۇتازا، مانتا، سامسا، پەرمۇدە ... ئايھاي، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەت – رېتى بىلەن يېزىپ چىقىمەن دېسىڭىز كاتتا رېستورانلارنىڭ تاماق تىزىملىكىنى بىر – بىرلەپ كۆرۈپ چىقىشىڭىزمۇ بولىدۇ. مۇنچىۋالا نەرسىلەرنىڭ قانداق ئادەملەرنىڭ ئالدىدىن ئېشىپ چىقىدىغانلىقىغا ئەقلىڭىزنى يەتكۈزەلمەيسىز. ھازىر ئاشخانىلار قورسىقى ئاچقانلارنىڭ كىرىپ تاماق يەيدىغان ئورنىمۇ ياكى قورسىقى توقلارنىڭ كىرىپ تاماق بۇزىدىغان ئورنى بوپقالدىمۇ؟ دەپ ئويلىنىپ قالىسىز. ھېلىقى ئوقۇتقۇچى ئېيتقاندەك، پۇلى بار غوجاملار ئېھتىمال ئۆيىدە قورسىقىنى ئوبدان تويغۇزۇپ چىقىپ، سۆلىتىنى داۋراڭ قىلىش ئۈچۈن يەنە كاتتا رېستورانلارغا كىرىپ نەچچە يۈز يۈەنلىك تاماقلارنى بۇيرۇتۇپ قويۇپ، يېمەي قاراپ ئولتۇرۇپلا قوپۇپ كەتسە كېرەك. ھەي، سىز شۇنداقمۇ دەيسىز،– دەپ چۈشەندۈردى ماڭا بىر كۈنى بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى ھېلىقى قارا پىكاپىدىن چۈشۈپ، مەن بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇپ،- ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي سورۇنلىرىدا پۈتمىگەن نۇرغۇن ئىشلار، شىركەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل غەيرى رەسمىي توختاملار، شەخسلەرنىڭ يەك ئىچىدىكى سودىلىرى بىزنىڭ ئاشۇ چوشقىلار يەيدىغان تاماقلار تىزىلغان جوزا ئۈستىدە پۈتىدۇ. شەھەر خەلقى بىزدىن خۇش بولسا بولىدۇ. شۇ ئاشقان – تاشقان نەرسىلەرنى بىز يىغىشتۇرمىساق، پۈتۈن شەھەرسېسىقچىلىققا چۆكۈپ قالامدۇ؟ پۇلى بارلار قوۋرۇغىسى يوق پۇلنى خەجلەپ بۇزۇپ چاچىدۇ، بىز بۇزۇلغان – چېچىلغان نەرسىلەرنى يىغىپ كېلىپ يەنە يېڭى گۆشكە ئايلاندۇرىمىز...

بوۋاي ھازىر ئائىلىسىنىڭ چوڭ – كىچىك ئىشلىرىنى چوڭ ئوغلىغا تاشلاپ بېرىپ، ھېچنىمىگە ئارلاشماي يۈرەتتى. ئاددى رەختلەردىن كىيىم كىيىپ، ئۆزى بۇرۇندىن چېكىپ ئادەتلەنگەن ئەرزان تاماكىنى چېكەتتى. ئەتىگەنلىك تامىقىغا ئىككى – ئۈچ تال پىلتە قويماق بىلەن ئۇماچ ئىچەتتى. ئۆيىدە شۇنچىلىك باياشاتچىلىق بولسىمۇ، يەنە گۆشسىز قورۇمىلارنى قورۇتۇپ، قوناق ھورنېنىنى ئەتىۋارلاپ يەيتتى. بالىلىرى ئۇنى، بىزنىڭ بوۋاي كونا زاماننىڭ ئادىمى، مېڭىسىمۇ كونا پېتى قېتىپ قالغان، دەپ زاڭلىق قىلاتتى. بوۋاي بەزى كۈنلىرى چوشقا قوتىنىغا كىرىپ تا ماكىسىنى چېكىپ، رېستوراندىن كەلتۈرۈلگەن ھەرخىل يېمەكلىكلەرنى تۇمشۇقىنى تىقىپ تىلغاپ يەۋاتقان چوشقىلارغا قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى. قانداقلا بولسۇن، ئۇ بىر دېھقان-دە، شۇ كۆكتات، شۇ گۆشلەرنى يېتىشتۈرگۈچىلەرنىڭ جاپالىق ئەجرى، شۇ ئاپئاق ھورنانلار تەييارلىنىدىغان بۇغداينى تەرگۈچى جاپاكەش دېھقاننىڭ چېچىلغان ھەر بىر تال بۇغداينى يەردىن ئېرىنمەي ئېڭىشىپ ئالىدىغان ھالىتى، چوشقىلار تىلغاۋاتقان شۇ يېمەكلىكلەر ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىر

مەيدىغان نامرات ئائىلىلەر ئۇنىڭ خىيالىدىن كەچسە كېرەك، بەلكىم. بەزىدە مەن بوۋاي بىلەن پاراڭلىشاي، دەپ ئۇلارنىڭ چوشقا قوتىنىغا كىرىپ قالاتتىم. كۆزۈمگە بۇ چوشقىلار مەن كىچىك ۋاقتىمدا كۆرگەن چوشقىلارغا ئوخشاشماي قېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئادەملەر يەيدىغان نەرسىلەرنى يەۋەرگەچكىمۇ، ئۇلارنىڭ گەندىسىمۇ ئادەملەرنىڭ گەندىسىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى.

مىجەزلىرىنى دېمەمسىز، مىجەزىمۇ ئۆزلىرى يەۋاتقان تاماقلارنى ئاشۇرۇپ قويغان ئادەملەرنىڭ مىجەزىگە تارتىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىپ كېتىشلىرى قورسىقىنى بەك تويغۇزۇۋېتىپ، ئۆزىنى ئالالماي دىۋاندا مۈگدەپ قالغان غوجاملارغا ئوخشىشىپ قالاتتى. بەزىلىرى ئالدىڭىزغا كېلىپ، سەن نېمەڭگە يوغان سۆزلەيسەن؟ بەز يەپ يۈرگەن يېمەكلىكلەرنى چۈشۈڭدىمۇ كۆرگەنمۇ سەن؟ دېمەكچى بولغاندەك، كۆزلىرىڭىزنىڭ ئىچىگە شۇنچىلىك قادىلىپ قارايدۇكى، بەدەنلىرىڭىز جۇغۇلداپ كېتىدۇ. بەزى چىشى چوشقىلار ھە دېسە ئەيش – ئىشرەت سورۇنلىرىغا پالاقلايدىغان ئىشقىۋاز خېنىملارنى دوراپ ساغرىلىرىنى ئوينىتىپ غەلىتە قىلىقلارنى چىقىرىپ مېڭىپ كەتسە، ناشايان ئىشلارنى قىلىشقا خۇشتار بايۋەچچىلەرنىڭ ئالدىدىن ئاشقان تاماقلارنى يەۋالغان بەزى ئەركەك چوشقىلارنىڭ ھېلىقى نايناق چىشى چوشقىلارنى ئەگىپ كېتەلمەي سۈركىلىشىپلا يۈرگەنلىكىنى كۆرىسىز. بۇلۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە يوغان بىر چىپار چوشقا بار، ئۇنىڭ قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ كېرىلىشى، چوڭ ئەمەلدارلاردەك غادىيىپ مېڭىپ كېتىشلىرىنى كۆرسىڭىز قورققىنىڭىزدىن ئىختىيارسىز ئېگىلىپ سالام بېرىۋېتىشكە تاسلا قالىسىز...

2 - يېقىندا – قايسىبىر بايرامنىڭ ئالدىدا، شەھەر مەمۇرىيىتى شەھىرىمىزدىكى ئاشخانا، رېستورانلارغا بىر ھەپتە تىجارىتىنى توختىتىپ تازلىق قىلىشنى ئۇقتۇردى. ئاڭلىشىمىزچە يۇقىرىدىن شەھەرگە بىر چوڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى كەلمەكچى ئىكەن. ئۇقتۇرۇشتا «كىمكى ئۇقتۇرۇشقا خىلاپلىق قىلسا، ئېغىر جەرىمانە قويۇلىدۇ، تىجارەت كېنىشكىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ» دەپ ئېنىق يېزىلغاندى. مۇشۇنداق قىلمايمۇ بولمايتى. ئاشخانا، رېستورانلارغا كىرگەندە سىز كۆركەم زال، مەزلىك تاماقلارنى كۆرىسىز؛ شۇ تاماق سورۇنلىرىنىڭ ئارقىسىدىكى ۋە پارچە-پۇرات نەرسىلەر قويۇلىدىغانئۆيلەردىكى پاسكىنىچىلىق، ئۇ يەردىكى دوكۇرلىشىپ يوگۇرۇشۇپ يۈرگەن چاچقانلار، گىزلدىشىپ يۈرگەن چىۋىن، چېچىلىپ ياتقان يېمەكلىكلەرنى خىيالىڭىزغىمۇ كەلتۈرمەيسىز. لېكىن بارلىق تاماق سورۇنلىرى بىر ھەپتە تىجارەت توختاتسا، شۇ سورۇنلاردىن ئېشىپ چىققان نەرسىلەر بىلەن بېقىلىۋاتقان مىڭلاپ چوشقىلار نېمە يەيدۇ!؟ دېگەن مەسىلىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىدى، پاجىئەنىڭ بېشى مانا شۇنداق باشلاندى.

بۇ بىر ھەپتىنىڭ ئالدىنقى ئىككى-ئۈچ كۈنى غۇۋاسىز ئۆتۈپ كەتتى. تۆتىنچى كۈندىن باشلاپ چوشقىلار ئاچلىقتىن ھەر تەرەپكە تېپىرلاپ ئارامسىزلىنىشقا باشلىدى. چوشقا باققۇچىلارنىڭ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ تېپىپ كەلگەن ئارپا، قوناق، بۇغدايلىرىغا، كېپەككە كۆكتات، ياۋا ئوت دېگەندەك قانداقتۇر بىر نىمىلەرنى ئارلاشتۇرۇپ ياساپ بەرگەن ئاداپلارغا ئۇلار قاراپمۇ قويمىدى. بەزىلىرى ئازراق تېتىپ باققان بولسىمۇ، كۆڭلى ئايىنىپ قۇسۇۋېتىشتى. چۈنكى، ئۇلار ئاللىبۇرۇن ئېسىل يېمەكلىكلەر بىلەن ئۈزۈلقلىنىشقا ئۆگىنىپ قېلىشقان ئىدى.

شۇ كۈنلەردە مەن قوشنىمىزنىڭ قوروسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، چوشقىلارنىڭ ئاچچىق چىرقىراپ نىمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىراشقانلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم.

– ئۇلار بىزگە تاماق تەييارلايدىغان ئاشخانا، رېستورانلارنى تاقىۋېتىپ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ بىلەمسىلەر؟ – دەپ ۋارقىراۋاتاتتى بىر چوشقا.

– نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ؟ –دەپ چۇرقىراشتى چوشقىلارمۇ.

– تازلىق قىلىۋېتىپتىمىش، تازلىق!

ئويلاپ بېقىڭلار، ھەممە پاسكىنىچىلىقنىڭ مەنبەسى نىمە؟ ئادەم! ئۇلار ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىنى تازلاشنىڭ لازىملىقىنى ئويلاپمۇ باقمايدۇ. ئۇلار پاكىزلىققا چىۋىن، چاچقان، پىت-بۈرگىلەرنى يوقىتىپ يەتمەكچى بولۇۋېتىپتىمىش. بۇگۈن پۈتۈن زىمىننى بۇلغاۋاتقان زادى كىم؟

بۇ چوشقا شۇنچىلىك چوڭقۇر مۇلاھىزىلەرگە چۈشۈپ كەتتىكى، ئۇ چوقۇم ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پىروفېسسورلىرىنىڭ ئالدىدىن ئاشقان تاماقلارنى تاللاپ يېگەن چوشقا بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدىم.

– شۇنداقلىقىغا باقماي، –دەپ سۆز ئالدى ئىككىنچى بىر چوشقا، -ئۆزلىرىچە ئۆزلىرىنى ھەممىدىن ئالىي ھېسابلىشىدۇ. بىزلەرنى كۆزگىمۇ ئىلىپمۇ قويماي، قەپەستەك تار سېمونت تاملارنىڭ ئىچىگە سولاپ قويىشىدۇ. سوقۇشىپ قالسا بىر-بىرىنى «چوشقا»! دەپ تىللىشىدۇيۇ، ئىزا تارتماي تېرىلىرىمىزدىن ھەر خىل كىيىملەرنى تىكىشىپ كىيىشىدۇ، يۇڭلىرىمىزدا چوتكا ياساپ، ئاغزىلىرىغا تىقىپ چىشلىرىنى چوتكىلىشىدۇ. گۆشلىرىمىزدىن ھەرخىل قورۇملارنى قورۇپ، يېگىنىنى يەپ، يېمىگەنلىرىنى يەنە بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئەكېلىپ تۆكۈشىدۇ. كىم بىلىدۇ، بىز ھازىرغىچە قانچە قېرىنداشىمىزنىڭ گۆشىنى يېۋەتكەندىمىز!؟

– ئېھ، بىزنىڭ قەدىمىي ئورمانلاردا قىيغىتىپ يۈرگەن ئەركىن چاغلىرىمىز! – دەپ ھەسرەت چەكتى يەنە بىر چوشقا، – ئۇ چاغلاردىكى يېمەكلىكلەر قانچىلىك ساپ ۋە تەبىئىي ئىدى ھە!

– ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ – دېدى يەنە بىر

چوشقا ئۇلارنىڭ چوڭ باشلىقلىرى تېخى ھېچكىم ئېسىراپچىلىق قىلمىسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن، داستىخانلىرىمىزدىن چوشقىلارغا ھېچنىمە ئاشمىسۇن، ئاشۇرۇپ قويۇش چوڭ جىنايەت! دەپتىمىش...

ھەممىدىنمۇ بەكرەك قۇتراتقۇلۇق مەزمۇندىكى نۇتۇقنى ھېلقى يوغان چىپار چوشقا قوتاننىڭ سېمونت تېمىغا چىقىۋېلىپ، ۋارقىراپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— بۇ گەپچە ئەمدى بىز مەڭگۈ ئاچ يۈرگۈدەكمىزمۇ؟ —دەيتتى ئۇ، —بىزنىڭ ئاتا–بوۋىلىرىمىز ياشىغان قەدىمىي ماكانلىرىمىزنى ۋەيران قىلىپ، تەبىئىيتىمىزنى، ياشاش شارائىتىمىزنى، ئۇزۇقلىنىش ئادەتلىرىمىزنى ئۆزگەرتىۋەتكەن زادى كىم؟ بۇرادەرلەر، ئۇلارغا ئۆزىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، «يائاللا!» دەپ ياقامنى تۇتۇپ، بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالامدۇ، قانداق؟ دەپ قورقۇپ كەتتىم.

3 - تازلىق تەكشۈرۈش بايرامنىڭ ئالدىدا ئاياغلاشتى. شەھەر تازلىقى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. شەھەرنىڭ كوچا-كوي، بۇلۇڭ-پۇشقاقلىردىن تارتىپ ئاشخانا، رېستوران، سودا ئورۇنلىرىنىڭ ئىشىك-دېرىزە، شىرە-ئورۇندۇق، پوللىرىغىچە ھەممە نىمە ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى. بايرام كۈنى ئەتىگەندىلا ئىشىكلىرنى ئېچىپ، بارلىق رېستورانلار قايتىدىن تىجارەتنى باشلىۋەتتى. سەھەردىن باشلاپلا ئاشخانلارنىڭ تۇرخۇنلىرىدىن پۇرقىراپ ئىس كۆتۈرۈلىشكەباشلىدى. ئاشپەزلەرنىڭ قىڭراقلىرى دۆشە ئۈستىدە رىتىملىق تاكىلداپ، چۆمۈچلەر قازاننىڭ گىرۋىكىگە تېگىپ توختىماي داراڭلايتتى. خوجايىنلار ھەر تەرەپكە پالاقلاپ، كۈتكۈچىلەرگە نېمىلەرنىدۇر تاپىلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى. بۇ بىر ھەپتىدىن بېرى، رېستورانلاردا ئۆتكۈزۈلۈشكە تېگىشلىك بولغان توي-تۆكۈن، ھەرخىل مۇراسىم، شەخسى كۈتىۋېلىشلار يىغىلىپ قالغان بولۇپ، تاماق شىرەسىنىڭ ھەممىسى ئالدىن زاكاس قىلىنىپ بولۇنغان ئىدى.

ۋاقىت سائەت 10لاردىن يېقىنلاشقاندا، پىشقان تاماقلارنىڭ ئاشخانىلاردىن تارقالغان مەزلىك پۇرىقى شەھەر ئاسمىنىنى قاپلاشقا باشلىدى. مەيىن شامال بۇ پۇراقنى ھەر تەرەپكە ئۇچۇراتتى. پىششىق تاماقلارنىڭ پۇرىقىغا سىزىمى ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەن چوشقىلار قوتانلىرىدا تىپىرلاپ تۇرالماي قالدى. ئۇلار نەچچە كۈندىن بېرى ئاچ بولغاچقا، ئەمدى چىدىغۇدەك تاقىتى قالمىغانىدى. بىرىنچى بولۇپ ھېلقى چىپار چوشقا كەينىگە داجىپ تۇرۇپ، يۈگۈرگىنىچە كېلىپ بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى ئورناتقان تۆمۈر دەرۋازىغا ئۆزىنى ئۇرغان ئىدى، دەرۋازا شانىلىرىدىن ئاجراپ ئۇچۇپ چۈشتى. خۇددى شۇ مىنۇتتا، مەلىسھەتلىشىۋالغاندەك شەھەرنىڭ باشقا ئورۇنلىرىدىكى چوشقىلارمۇ قوتانلىرىنى ئۆرۈپ كوچىلارغا قۇيۇندەك ئېتىلىپ چىقتى.

بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىپ، چىرايلىق ياسىنىشىپ كوچىلارغا چىققان ئادەملەر باشتا نىمىنىڭدۇر گۈلدۈرلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئارقىدىنلا، تەرەپ تەرەپتىن شەھەرگە يۈپۈرلۈپ كىرۋاتقان چوشقىلارنى كۆرۈپ، نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپلا قېلىشتى. ئاندىن قىيا-چىيا قاچ-قاچ باشلاندى. ئادەملەر بىر-بىرىگە پۈتلىشىپ دومىلىشاتتى، ئاياللار يوقىتىپ قويغان بالىلىرىنى ئىزدەپ ئالدى-كەينىگە يۈگۈرۈشەتتى. ئاپتوبۇس، ماشىنا شوپۇرلىرى نېمە قىلىشىنى بىلمەي روللىرىنى تۇتقىنىچە قېتىپ قېلىشقان ئىدى. نۇرغۇن ئادەملەر قەۋەتلىك بىنالارنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، دېرىزىلەردىن بېشىنى چىقىرىپ، قورقۇنچ بىلەن تۆۋەنگە قارىشاتتى. چوشقىلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ دىماغلىرىنى غىدىقلاۋاتقان مەززىلىك پۇراقلارنىڭ نەدىن تارقىلىۋاتقانلىقىنى خاتاسىز مۆلچەرلەپ، توپتوغرا ئاشخانا، رېستورانلارغا قاراپ يۈگۈرمەكتە ئىدى.

چوشقىلار رېستورانلارنىڭ تاماق زاللىرىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ كەلگەندە، كۈتكۈچىلەرنىڭ قوللىرىدىن پەتنۇسلار جاراڭلاپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مېھمانلار چۇرقىرىشىپ تەرەپ-تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى. ئاشپەزلەر پىچاق، چۆمۈچلەرنى تۇتقۇنچە قېتىپىن تۇرۇپ قىلىشتى. چوشقىلار ھېچنىمگە قارىماي پىشقان تاماقلارغا ئۆزىنى ئاتتى. گۆش قايناۋاتقان قازانلار ئۆرۈلۈپ، چىنە-قاچىلار جاراڭلاپ يەرگە چۈشەتتى. چوشقىلار ئۈچۈن ئۈستەللەرگە تىزىلغان تاماقلارنى رەت-رېتى بىلەن يەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇلار ھەممىنى ئارلاشتۇرۇپ يالمايتتى. چوڭ-چوڭ پارچىلاپ پىشۇرۇلغان گۆشلەرنى تۇمشۇقى بىلەن ئىتتىرىپ، يەردە سۆرەپ، گىلەملەرگە سۆرىشەتتى. قايسى بىر رېستوراننىڭ خوجايىنى زىيانغا چىدىماي، ئاشخاندىن ئوغۇچنى كۆتۈرۈپ چىقىپ،چوشقىلارنى بىر ئەدەپلەپ قويماقچى بولىۋىدى، چىپار چوشقا ئۇنى بىر ئۈسۈپ، دېرىزىدىن تالاغا ئۇچۇرۇپ چىقىرىۋەتتى.

قېنى قىزىپ كەتكەن بەزى چوشقىلار يەنە كوچىلارغا قايتىپ چىقىپ، ماگزىنلارنىڭ يېمەكلىكلەر تېزىلغان پەشتاخلىرى، كوچىدا پىششىق تاماق ساتىدىغانلارنىڭ تەنزىلىرىنىمۇ مالمالتالڭ قىلىۋەتتى. بىر كاۋاپچى بىر نەچچە چوشقىنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىپ، كاۋاپدانىدا ۋىژىلداپ پىشىۋاتقان كاۋاپلارنى بىر-بىرلەپ ئېلىپ، بىر ئەپىلىك سىيىرىپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتا ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. مال ساتقۇچى بىر خانىم ئاپئاق بىر سېمىز چوشقىنىڭ مال جازىسىنىڭ يۇقىرسىدا تىزىقلىق ھەر بىر بۇتۇلكىسى 1000يۈەنلىك ئېسىل ھارىقىنى پۈتىنىڭ ئۇچىدا كۆتۈرۈپ ئېلىپ، ئاغزىنى ۋاققىدە ئېچىپ، رومكىغىمۇ قۇيماي گۇپپۇلدىتىپ ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتتى.

بىر چوشقا كۈچۈكى ماگزىننىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان بىر نەرسىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئايىغى ئاستىدىن چىقۋاتقان يېقىملىق ئاۋازنى ئاڭلاپ توختاپ قالدى. ئۇ بايا

بىر خېرىدار ئالماقچى بولۇپ قاپقاقنى ئېچىپ قويغان چوڭ پىئانىنونىڭ ئۈستىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتكەندى. ئۇ تۇغۇلغاندىن بېرى داڭلىق بىر مۇزىكانتنىڭ داستىخىندىن ئاشقان تاماقلارنى تاللاپ يەپ چوڭ بولغان چوشقا ئىدى. ئۆزىدە مۇزىكىغا بولغان ئاجايىپ سېزىملارنىڭ ئاللىبۇرۇن يېتىلىپ بولغانلىقىنى هازىرغىچە ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئايىغى ئاستىدىن چىققۋاتقان رىتىملىك ئاۋازلارغا قىزىقىپ، ئۇ پىئانىنونىڭ ئۈستىدە توختىماي ئۇياق-بۇياققا يۈگۈرۈشكە باشلىدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىن مۇزارت، بېتتىخوۋېنلارنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئارلاشمىسىدا ئوخشىشىپ كېتىدىغان شۇنداق بىر مۇزىكا ساداسى جاراڭلاشقا باشلىدىكى، هېلىقى 1000 يۈەنلىك هاراقنى ئىچىۋالغان چوشقا ئۆزىنى تۇتىۋالالماي قويۇندەك پىرقىراشقا باشلىدى. ئارقىدىن كىرگەن چوشقىلارمۇ دۈكۈرلىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، بۇ كاتتا سودا سارايىنى بېشىغا كىيدى.

مەلۇم بىر رېستوراننىڭ هەر كۈنى رېستوراندىن چىقمايدىغان سېمىز بىر خېرىدارى بار ئىدى. ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى خەجلىسە تۈگىمەيغان پۇللارنى زادى نەدىن كېلىدىغانلىقىنى خۇدايىم بىلمىسە، باشقا ئادەم بىلمەيتتى. چوشقىلار بۇ رېستوراننىڭ تۆۋەنكى قەۋىتىنى قالايمىقان قىلىۋاتقاندا، ئۇ يۇقىرقى قەۋەتتىكى ئالاهىدە بىر ئۆيدە خېنىملار بىلەن هۇزۇرلىنىۋاتاتتى. تۆۋەندىكى گۈلدۈر-غالاپنى ئاڭلاپ ئۇ نېمە ۋەقە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېلىۋېتىپ، ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، پەلەمپەيدىن چىقماقچى بولۇپ بۇرۇلغان بىر يوغان چوشقىنىڭ ئۈستىگە مىنىپ قالدى. هېلىقى چوشقا ئۈستىگە چاپلىشىۋالغان بۇ غەلىتە مەخلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قورققىنىدىن رېستوران ئىچىنى بىر ئايلىنىپ تالاغا قاراپ يۈگۈردى. سېمىز خېرىدار يەرگە بېشىچە ئۇچۇپ چۈشۈشتىن قورقۇپ، چوشقىنىڭ بوينىغا مەهكەم ئېسىلىۋالغاندى. كوچىدىكىلەرنىڭ كۆزىگە خۇددى چوشقىنىڭ ئۈستىزگە يەنە بىر چوشقا مىنىۋالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.شۇنىڭ بىلەن بىردەمدىلا شەهەر ئىچىگە، بىر چوشقا يەنە بىر چوشقىنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ، كوچىلارنى ئايلىنىپ، بۈگۈنكى قالايمىقانچىلىققا قوماندانلىق قىلىپتۇدەك، دېگەن گەپ تارقىلىپ كەتتى. بەزىلەر، هېلىقى قوماندان ئادەم يەيدىغان نەرسىلەرنى يەۋېرىپ ئادەمگە ئايلىنىۋاتقان چوشقا ئىكەن دېسە، يەنە بەزىلەر، چوشقا يەيدىغان نەرسىلەرنى يەۋېرىپ چوشقىغا ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقان ئادەم ئىكەن، دېيىشەتتى.

4 - شەهەر مەمۇرىيىتى بۇ قالايمىقانچىلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن دەرهال يىغىن چاقىردى.بايرام كۈنى بولغاچقا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى جەم قىلىشمۇ خېلى تەسكە توختىدى. كەلگەنلەرنىڭمۇ بەزىسى كەيىپ، بەزىلىرىنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى قىزارغان ئىدى. ئالدى بىلەن چوشقا باققۇچى هەر قايسى ئائىلىلەرگە ئۆز چوشقىلىرىنى تونۇۋېلىپ دەرهال قايتۇرۇپ كېتىش توغرىسىدا جىددى ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈلدى. بۇ قالايمىقانچىلىقتا قايسى چوشقا كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى ئايرىشمۇ بىر گەپ ئىدى. چوشقا ئېگىلىرى شەهەر كوچىلىرىدا هەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ، قالايمىقانچىلىقنى تېخىمۇ ئاۋۇتىۋەتتى.

شەهەر مەمۇرىيىتىدە ئېچىلىۋاتقان يىغىن تېخىچە داۋاملىشىۋاتاتتى. شەهەرنىڭ هايۋانلار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر خادىمى ناهايىتى ئۇزاق سۆزلەپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى هېچكىم چۈشەنەلمىدى.

— بۈگۈن يۈز بەرگەن بۇ پاجىئە، —دەپ سۆزنى داۋاملاشتۇراتتى ئۇ، —بىزنىڭ ئالدىمىزغا نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرنى قويىدى. بىزنىڭ كىيىم-كېچەك، تۇرالغۇ-ئۆي، قاتناش قوراللىرىمىز قالتىس زامانىۋىلىشىپ كەتتى. يېمەك-ئىچمەكنى بەك تاللايدىغان بولۇپ كەتتۇق. لېكىن، بىزنىڭ روهى دۇنيارىمىزدا شۇنىڭغا لايىق قانچىلىك يۈكسىلىش بولدى؟ زادى قاچانلاردىن باشلاپ چوشقىلارنىڭ يەيدىغىنى بىزنىڭ يەيدىغىنىمىز بىلەن ئوخشىشىپ قالدى؟ بىزنىڭ تاماقلىرىمىز چوشقىلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ قېلىۋاتامدۇ ياكى چوشقىلارنىڭ تامىقى بىزنىڭ شىرەيمىزگە چىقىپ قېلىۋاتامدۇ؟ مانا بۇ يېڭى بىر تەرەققىيات تېمىسى. دېمەكچىمەنكى، ئەگەر هايۋانلارمۇ ئۆزىنىڭ يېيىشكە تېگىشلىك يەم-خەشەكلىرى بىلەن ئۇزۇقلاندۇرۇلمىسا، ئۇلارنىڭ تەبىئىتى ئۆزگىرىپ، بۈگۈنكىدەك قالايمىقانچىلىقلار كېلىپ چىقىدۇ. ئادەملەرنىڭ يېمەك-ئىچمىكى هايۋانلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ قالغىلى تۇرسىچۇ؟ هە، ئۇ چاغدا هايۋانلاردىن ئايرىلىپ چىققان ئىنسان يەنە هايۋان تەبىئىتىگە قايتىپ كېتىدۇ...

شەهەر باشلىقى تاقەتسىزلىنىپ ئولتۇرالماي قالدى. چۈنكى ئۇنىڭغا هازىر مۇنداق ئۇزاقتىن-ئۇزاققا سوزۇلغان قۇرۇق گەپ ئەمەس، شەهەرنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ ئۈنۈملۈك بىر چارىسى هەققىدىكى مەسلىهەت لازىم ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يان بۆلۈمگە چىقتى-دە، شەهەر ئەتىراپىدا تۇرۇۋاتقان مەلۇم بىر قىسىمنىڭ رەهبىرىنى تېلفونغا چاقىردى. ئۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى قالايمىقانچىلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى ئۈستىدە جىددىي سۆزلەشتى.

كۈن پېشىندىن قايرىلغاندا، شەهەر باشلىقىنىڭ قالايمىقانچىلىقنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى تېخى يۈرگۈزەلمەي تۇرۇپلا جاهان تىنجىپ قالدى. ئوبدان يەپ-ئىچىپ، پۇخادىن چىققۇچە قىيغاتقان چوشقىلار هارغان، قورساقلىرنى كۆتۈرەلمەي بوشىشىپ كەتكەن ئىدى. قالايمىقان نەرسىلەرنى كۆپرەك يەپ قويغان بەزىلىرى قولىنى كانىيغا تىقىپ قەي قىلدى. يەنە بەزىلىرى ئاغزىنى جۇمەكتىن چۈشۈۋاتقان مۇزدەك سۇغا تۇتۇپ غار-غار قىلىپ، بەك تويۇپ كەتكەنمۇ ئانچە ياخشى ئىش ئەمەسكەن، دېيىشتى. ئاندىن ئۇلار سەپ-سەپ بولۇپ شەهەر سىرتىغا —ئۆزلىرىنىڭ ئۆگەنگەن قوتانلىرىغا بېرىپ، تازا بىر ئېغىناپ ئارام ئېلىشى لازىم ئىدى. هەممىدىنمۇ هېلىقى سېمىز خېرىدارنى ئۈستىگە يۈدۈپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن يوغان چوشقىنىڭ هالى بەك خاراب

بۇلۇپ، پۇت-قولىدا جان يوق يىقىلىپ قالغان ئىدى. سېمىز خېرىدارمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىن سېيرىلىپ چۈشكەندە ئىلگىرىكىدىن 10 كىلوگىرام ئورۇقلاپ كەتكەن ئىدى. يىقىلىپ قالغان چوڭ چوشقىنى ئىككى چوشقا زەمبىلگە سېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭغاندا، سېمىز خېرىدار خۇددى يېقىن بىر تۇغقىنىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك كۆزىگە ياش ئالدى...

شەھەر باشلىقى مۇناسىۋەتلىك خادىملىرنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەلگەندە شەھەر كوچىلىرىدا بىرمۇ چوشقا قالمىغانىدى. ھەممە يەردە چوشقا گەندىلىرى، بۇزۇلغان-سۇنغان نەرسىلەر چېچىلىپ ياتاتتى.

– ھېلىمۇ ياخشى تەكشۈرۈش ئۆمىكى تونۇگۈن كىتىپ كەلگەن ئىكەن! – دېدى شەھەر باشلىقىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىرى.

– بۈگۈن چوشقىلارغا بايرام بولۇپتۇ – دە! – دېدى ئارقىدا تۇرغان يەنە بىرەيلەن.

5 - قوشنىمىزنىڭ ھېلىقى يوغان چىپار چوشقىسىدىن باشقا ھەممە چوشقىسى تولۇق قايتىپ كەلدى. قىززىق يېرى شۇكى، شۇ قالايمىقانچىلىقتا بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى ئولتۇرىدىغان قارا پىكاپمۇ غايىب بولغانىدى. بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى ئۇچۇرغانلا ئادەمگە:

– پىكاپنى چىپار چوشقا ئېلىپ قاچتى. ھېلىقى كۈنى مەن ئۇنىڭ پىكاپنى ھەيدەپ يېنىمدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتكىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن–دەپ يۈرەتتى.

– ساراڭ بولماڭ، چوشقا قانداق ماشىنا ھەيدىيەلەيدۇ،
– دەپ ئۇنى ھېچقايسىمىز ئىشەندۈرەلمىدۇق...

# بۆرە پەلسەپىسى

1 . جاپالىق چېنىقىش:
بۆرە ھەرگىزمۇ ئاتالمىش غۇرۇر - ۋىجداننى دەپلا،ئۆزى ئاجىز تۇرغاندا ئۆزىدىن كۈچلۈك رەقىبلەرگە ھۇجۇم قىلمايدۇ.

2 . ئۆملىشىپ ھەمنىيەت بولۇش:
بۆرە ئۆزىدىن كۈچلۈك رەقىبلەرگە يۈزلەنمىسە بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا، چوقۇم ئۆملىشىپ ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىدۇ.

3 . ئۆزىنى بىلىش:
بۆرىنىڭمۇ ھايۋاناتلارنىڭ پادىشاھسى بولغۇسى بار، ئەمما بۆرە ئۆزىنىڭ بۆرە ئىكەنلىكىنى،ھەرگىزمۇ يولۋاس ئەمەسلىكىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ.

4 . سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش كۆرۈش:
بۆرە قانداق قىلىپ ئەڭ ئاز بەدەل تۆلەش بەدىلىگە،ئەڭ كۆپ نەپكە ئېرىشىشنى بىلىدۇ.

5 . تەڭ ھۇجۇم قىلىپ تەڭ چېكىنىش :
بۆرە ئادەتتە يالغۇز ھەرىكەت قىلىسىمۇ،ئەمما ئۇ ئەڭ ئۆم-ئىتتىپاقلاشقان ھايۋان،سىز ھەرگىزمۇ بىرەر بۆرە يارىلانغاندا ئۇنىڭ بىرەر ھەمراھىنىڭ ئۇنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرەلمەيسىز!

6 . ئىچى ۋە تېشى ئوخشاش:
بۆرىنىڭمۇ مۇلايىم ھايۋان بولغۇسى بار،ئەمما بۆرە ئۆز ئاشقازىنىنىڭ پەقەتلا گۆشكە ماسلىشىدىغىنىنى ئوبدان بىلىدۇ.شۇڭا بۆرىنىڭ قىلالايدىغىنى پەقەتلا ھەر قېتىملىق ئولجىسىنى پاك-پاكىزە يەۋېتىش خالاس!ھالبۇكى بەزىبىر ئۆزىنى مۇلايىم دەۋالغان ھايۋانلار قاۋاقخانا ۋە مېھمانخانىلاردا بىر قىسىم «مۇلايىم بولمىغان»ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ.

7 . ئۆزگىنىمۇ ئۆزىنىمۇ بىلىش:
بۆرە رەقىبىگە ھۆرمەت قىلىدۇ،ئۇ ھەر قېتىم ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى چوقۇم رەقىبىنىڭ ئۇچۇرىنى ئالىدۇ،ھەرگىزمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان ئىش قىلمايدۇ.شۇڭا بۆرىنىڭ ھۇجۇملىرىدا سەۋەنلىك ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ.

8 . بۆرىدىمۇ مېھرىبانلىق بار:
ئەركەك بۆرە چىشى بۆرە قورساق كۆتۈرگەندە، بالا بۆرە مۇستەقىل ھەرىكەت قىلغۇچە ئۇلارنى ئىزچىل قوغدايدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ بەزى «مېھىر شەپقەتلىك» ھايۋانلارنىڭ جۈپتى قورساق كۆتۈرگەندە، تېشىدا ئويناپ يۈرگىنىگە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا بۆرە كىشىلەرنىڭ مېھىر شەپقەتسىز كىشىلەرنى «ئىت مىجەز» دەپ تىللىشىغا بەكمۇ قارشى، چۈنكى بۇ بىر ئادالەتسىزلىك!

9 . بۆرىلىك تەربىيەسى:
ئاتا بۆرە بالا بۆرە مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ھامان ئۇنىڭدىن ئايرىلىدۇ،چۈنكى بۆرە شۇنى ئوبدان بىلىدۇكى: ناۋادا بۆرە بۆرە بولالمىسا ئۇنىڭ قوي بولغىنى ياخشىراق!

10 . بىباھا ئەركىنلىك:
بۆرە ھەرگىزمۇ ئازراق مەنپەئەتنى دەپ، ئۆز غۇرۇرى دەپسەندە قىلىپ خوجىسىغا قۇيرۇقىنى شىپپاڭشىتمايدۇ. چۈنكى بۆرىگە ئېنىقكى: مەغرۇرلىنىشقا بولمايدۇ، ئەمما مەغرۇرسىز قېلىشقىمۇ بولمايدۇ! شۇڭا بۆرىلەر دائىم تەنھا ھالدا ئەركىنلىك نەزمىسىدىن ھۇزۇر ئېتىدۇ!

«سەلكىن» توردىن ئېلىندى

# ل . مۇتەللىپنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە

ئۆمەر ئىمىن

ل.مۇتەللىپ تۇغۇلغان تەلكە قوينىدا،
سىلكىنگەن تەلكە تېغى تۇغۇلغان كۈنى.
قارىغايلار ئېگىلگەن سالام قىلىپ ئاتقا،
شامالىلار سىيپاپ يۈزىن كۈلدۈرگەن ئۇنى.

مۇتەللىپ تۇغۇلغاندا يىغلىماي كۈلگەن،
ئانىسى يۈرىكىدىن ئوغلىغا كۆيگەن.
كۆرۈپ گۈزەل چېھرى- ئايدەك يۈزىنى،
ئاتىسى خۇشاللىقتىن مەڭزىگە سۆيگەن.

مۇتەللىپ يىغلىسىمۇ بىر مۇڭ چىقاتتى،
چانىقىدىن تامچە ئەمەس دېڭىز ئاقاتتى.
ئۇخلىغاندا تاتلىقىنە ئانا قوينىدا،
چۈشلىرىدە تەبىئەتكە قوشاق قاتاتتى.

مۇتەللىپ تۇغۇلغاندا كاككۇك سايرىغان،
جاۋاب بېرىپ زەينەپمۇ ئۇخشاش دورىغان.
سېھرى قىلىپ مەلەك ئۇنى مۇشائىرە بىلەن،
چالسۇن دەپ كەلگۈسىدە كۈيگە ئورىغان.

---

# گەپ تاپتۇق

(ساتىرا)

ئاپتورى : ئابدۇۋەلى راخمان ھەققانىي

تووۋا دەيمەن يوتىغا بىرنى ئۇرۇپ گەپ تاپتۇق،
ئەيىب ئارتىپ بىراۋغا ئۆيدە تۇرۇپ گەپ تاپتۇق،
قايسى بىرسى شان قۇچسا ئېغىز پۈرۈپ گەپ تاپتۇق،
ئاپەت كەلسە ياخشىغا بەزمە قۇرۇپ گەپ تاپتۇق،
قاملاشتۇرۇپ يالغاندىن پىتنە توقۇپ گەپ تاپتۇق.

***

ئۆيدە پاتمان ئىش تۇرسا ئۆزگىلەرنى پايلايمىز،
نېمىش قىلدى قوشنىمىز پاسىل تامدىن بويلايمىز،
ئوڭ ماڭسىمۇ«تەتۈر» دەپ چوڭغا چېقىپ جايلايمىز،
ھەر جەھەتتە مېنىڭدىن ئاشمىسۇن دەپ ئويلايمىز،
تۆھمەت چاپلاپ ئىش تېرىپ ساقنى بۇزۇپ گەپ تاپتۇق.

***

ئارىمىزدىن بىرەرسى قەد كۆتۈرسە قوللىماي،
شۇ ھامانلا ئۇنىڭغا تىل سالىمىز پايلىماي،
ياتنى دېدۇق «داموللا» ياندا تۇرسا تونۇماي،
شۇڭا نەپىنى خەق ئالۇر تەقدىر بىزگە بۇيرۇماي،
تىلىمىزدا گويا كى ئات چاپتۇرۇپ گەپ تاپتۇق.

***

ئوڭ كۆز يەيدۇ چەپ كۆزنى ئەگەر قاڭشار بولمىسا،
دوستىمىزنى دوست ساتتى بىركىم نەپتە گوللىسا،
ئۆچ كۆرىمىز ھەتتا كى كىمكى ھەقنى قوللىسا،
ئەمدى كىمدىن كۆرەتتۇق تەلەي قولغا قونمىسا،
كۆزىمىزدىن ئۆزىمىز ياش ئاققۇزۇپ گەپ تاپتۇق.

***

كارخانىچى ئىش قىلسا دېدۇق: «ئىنسان ساختىسى،»
زىيالىينى تىللىدۇق، دېدۇق: «كىتاب خالتىسى،»
دەپ دېھقاننى كەمسىتتۇق: «دادۇيجاڭنىڭ غالچىسى،»
ئارتىسلارنى دېدۇق بىز: «ئوردا ئۇسۇل-سازچىسى،»
چىڭنى غاجاپ يۇمشاققا چىش پاتتۇرۇپ گەپ تاپتۇق.

***

بىر بىرىنى چېقىشماس نەشتىرى بار چايانمۇ،
زىچ ئورماننى سۇندۇرۇپ قايرىيالماس شامالمۇ،
ئۇيۇشقاقلىق-دوستلۇقنى تەلەپ قىلدى زامانمۇ،
پېتىمسىزغا سوئالىم :ئوم ياشىساق يامانمۇ؟
نېچۈن تۈنلەپ ئۇخلىماي باش قاتتۇرۇپ گەپ تاپتۇق.

***

ئەي ئوغلانلار ئەمەس بىز قارا تاغدىن-ئاق تاغدىن،
ئاگاھ بولماق ۋاجىپتۇر يامان غەرەز مەككاردىن،
ئارىمىزغا نىزانى كىملەر سالدى ئويلانغىن،
ھەزەر دوستلار مىڭ ھەزەر!پۇرسەتپەرەس شەيتاندىن،
ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز دەرد تارتقۇزۇپ گەپ تاپتۇق.

# سەككىز سۇرىتىم

(ساتىرىك داستان)

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

1

تاشلاش ئۈچۈن كۆنگەن شۇ ئىللىتىمنى،
بىر كۆرسىتەي يېرىپ يۈرەك قېتىمنى.
سورىماڭلار لېكىن نامۇ – ئېتىمنى،
تەقدىم قىلدىم بۇ سەككىز سۇرىتىمنى،
مەن ئاشۇنداق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئېسى- يادىم ھوقۇقۇمنى ساقلاشتا،
چىڭ تۇرىمەن شۇڭا چوڭنى يوقلاشتا.
كۈنۈم ئۆتەر تەزىم بىلەن ماختاشتا،
ئۇ ئاقمىسا داستىخاندا باپلاشتا،
ئىش توغرىلاپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ھوقۇق ئۈچۈن مەن ھەممىنى گوللايمەن،
يۇقىرىغا ساننى يالغان يوللايمەن.
تەكشۈرسە گەر سومكىسىنى توملايمەن،
شۇنداق قىلىپ ئۆز- ئۆزۈمنى قوللايمەن،
مەن «قوللاپلا» كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

«پىچاق» بەرسە قورقماي دادىل كەسمەيمەن،
مۇزاكىرە قىپ بولالماي ئەسنەيمەن.
شۇنداق قىلىپ قورساقنى ھېچ ئەسمەيمەن،
ئىرادەم چىڭ بەلنى ھەرگىز يەشمەيمەن،
شۇ «ئۇسۇلغا» كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

پاكلىق دېسە سۆزلەپ- سۆزلەپ ھارمايمەن،
كەلسە- كەلمەس سوغا سالام ئالمايمەن.
نەپ چىقمىغان يەرگە ئەمما بارمايمەن،
يەڭ ئىچىدە بەرسە ھەرگىز يانمايمەن،
«سودىلىشىپ» كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بەزى ياتتىم بالنىستلاردا تەن ئۈچۈن،
خەق بىلمىسۇن ئىككى بولاق قەنت ئۈچۈن.
دېسەممۇ گەر ئاغزىمدا «ۋەتەن ئۈچۈن»،
ھوقۇق ئەلا مىللەتتىنمۇ مەن ئۈچۈن،
«ھوقۇقلا» كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

نېمە؟ ساڭا مىڭلاپ لەنەت دەيلىغۇ؟
مەن بىر مەجنۇن ھوقۇق خۇددى لەيلىغۇ!
مەن ئۆسسەملا خەق نېمە بولسا مەيلىغۇ،
مانا بۇ سۆز مەندەكلەرنىڭ پەيلىغۇ،
«پەيلىم» شۇنداق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ھېچ غېمىم يوق جاھاننى سۇ باسسىمۇ،
ئاپەتلەردىن ئەلنىڭ بېشى قاتسىمۇ.
كۈن ئالالماي يۇرتنى تاشلاپ قاچسىمۇ،
ماڭا ئۇلار قانچە گۇناھ ئارتسىمۇ،
«ھېچ غېمىم» يوق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

چۇجاڭ، ھاكىم، ۋالىيلىقتا تۇرغۇچە،
ئۆسسەم دەيمەن تاكى داھىي بولغۇچە،
ئۆتەرمەنمۇ شۇ ئارماندا ئۆلگۈچە،
«ئاھ چۈشۈمگە بىر كىرسىچۇ بۇ كېچە»
تەمە قىلىپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

2

چوڭ مەسچىتتىنىڭ بېقىنىدا ئۆيۈم بار،
كىشى كۆرسە ئەيمەنگۈدەك سەللەم بار.
شۇڭا دائىم قولتۇقۇمدا زەللەم بار،
چاپقۇزۇشقا ئاتلارنى ھەم چەنلەم بار،
«زەللىلەرگە» كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

قويۇۋېلىپ كۆركەم ساقال- بۇرۇتنى،
كەم قىلماستىن تىلدا دائىم دۇرۇتنى.
مەن توپلىدىم كۆپ ئىخلاسمەن مۇرىتنى،
خەق بىلمىسۇن دىلىمدىكى قۇرۇتنى،
شۇ «قۇرۇت» قا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

سورۇن بولسا چىقسام دەيمەن تۆرىگە،
گۆش كەلمەيدۇ قۇرۇق ئايەت، سۈرىگە.
راست گەپ قىلسام نەپسىم ئوخشار بۆرىگە،
نېچۈن باغاق بەردىكىن پەس چۆرىگە،
قىزغىنىپلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

«خۇدا» مېنىڭ مۇھاپىزەت قالقىنىم،
بىلىنمەيدۇ شۇڭا جەبرى سالغىنىم.
ماڭا لازىم شۇ باھانىدا ئالغىنىم،
ئېچىلمايدۇ سىرتقا ھېچبىر ئالقىنىم،
ئېلىشقىلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

«يامان»، «گۇناھ» دەپ چىتلايمەن يوللارنى،
رام قىلىمەن شۇ ئۇسۇلدا گوللارنى.
چۈشۈرمەستىن دۇئادىن ھېچ قوللارنى،
يىغىۋالدىم «ھەجگە» دەپ كۆپ دوللارنى،
شۇ دوللارغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

داۋالايمەن دەپ كېسەلنى، ئاپەتنى،
ساتتىم پۇلغا ئەرەبچە كۆپ ئايەتنى.
خەقلەر مېڭىپ ئۇ دۇنيانى «راھەتنى»،
سۆيدۈم ئۆزۈم پانىي نەق ھالاۋەتنى،
ھالاۋەتكە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

مەسچىتلەردە ساۋابلىقنى سۆزلەيمەن،
لېكىن ئۆزۈم «نەپ» بولسا دەپ كۆزلەيمەن.
بىرەر ئۆزى، «ھېچ كىشىنى ئەزمەيمەن»،
شۇڭا مۇشۇ يولدىن پەقەت بەزمەيمەن،
شۇ يولۇمغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

3

چىن ئەركەكتەك مەي ئىچىمەن تاۋاقتا،
ئۆيدە ئەمەس كوچىلاردا، قاۋاقتا.
بەزى قونۇپ قالىمەن شۇ «راۋاق» تا،
كېتىپ بولاي ئەمدى ئۆيگە نەۋاقتا،
«راۋاق» لارغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

خەق نېمە دېسە دەۋەرمەمدۇ كارىم يوق،
مەيدىن ئۆزگە ئامرىقىم يوق، يارىم يوق.
ئىچمىسەم ھېچ تۇرالمايمەن، چارەم يوق،
ئىچىۋېلىپ چالدىم گىتار، تارىم يوق،
مەن كارىم يوق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

كۆندە بىرىپ سەجدە قىلىپ تاۋاققا،
تېگىشىمەن ئىقبالىمنى ھاراققا.
ئۇرۇشىمەن ئۆيدە تارتسا سوراققا،
قورقمايمەن ئېلىنسامۇ قاماققا،
شۇنداق قورقماي كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

دەيدۇ تېخى «ئېيست سېنىڭ مەستلىكىڭ»،
ھاراقتىندۇر بىلسەڭ سېنىڭ پەسلىكىڭ،
ئوڭشىلارمۇ شۇ ئادەم ئەمەسلىكىڭ،
قاچان تۈگەر بالا-قازا، نەسلىكىڭ،
مەستلىكىمگە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

مەن دەيمەنكى بەختىم مېنىڭ شارابتا،
نېمە لەززەت مەيسىز مىڭ جىڭ كاۋاپتا،
قەدەھ ياساپ چېلىپ تەمبۇر، راۋاپتا،
مەي ئىچىمەن بارسام ھەجگە، تاۋاپتا،
ئىچىشكىلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بىر ئىجادىم ئويۇم بارتى، قېنى دەي،
تومۇرۇمدا قېنىم ئەمەس ئاقسا مەي.
ئەنە شۇ چاغ، قىلماس ئىدىم زادى قەي،
يېمەس ئىدىم زاكوسكىغا گۆشۇ-سەي،
مەن ئىجادكار كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

مەي دېگەنلىك مېنىڭ قېنىم، يىلىكىم،
مەي ئىچمىسەم مېنىڭ نېمە كېرىكىم.
ھېساب ئەمەس چىلاشمىسا يۈرىكىم،
شۇڭا مەستتۇر ھەتتا ئارزۇ-تىلىكىم،
مەست تىلەككە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

مەي تۈپەيلى بولسام مەيلى ئۆيسىز، تۇل،
مەيلى بولسۇن كىيىم-كېچىكىم جۇل-جۇل،
قەرز ئېلىپ ئىچىمەن بولمىسا پۇل،
مەن ياشايمەن بولۇپ شۇنداق مەيگە قۇل،
قۇللۇقۇمغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

4

جاھان ئاشۇ دەيمەن قۇدۇق ئاغزىنى،
چىلەك تاقايمەن شۇڭا ئىشىك داۋزىنى،
ئايرىمايمەن لەززەت بىلەن لاۋزىنى،
ياقتۇرمايمەن چىگىش بىلەن ھاۋزىنى،
قۇدۇققىلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بەزىلەر تاڭ غايە-پايە دەيدىكەن،
ئۆزلىرىچە ئەل غېمىنى يەيدىكەن،
(ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈكتە، خەيدىكەن)،
تۇۋۇا دەيمەن دۆت ئىكەن، بىلمەيدىكەن،
مەن ئەقىللىق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

پۈرسەت تاپسام تىرىكلەرنى قەستلەيمەن،
يىقىتسام گەر پاتىڭغا دەسسەيمەن.
ئۆلگەنلەرنى رەھمەتلىك دەپ ئەسلەيمەن،
بەلدىن ئاقنى ئۇزۇنغىچە يەشمەيمەن،
قەستلەپ، ئەسلەپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئىشىم بەك كۆپ زادى بىكار ياتمايمەن،
يېغىر تاپسام كوچىلايمەن، تاتىلايمەن،
ئەل دېگەننىڭ گەجگىسىدىن ئاتلايمەن،
باشلىق كۆرسەم بەلنى پۈكلەپ قاتلايمەن،
قاتلىنىشقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بەك ئاقلارغا قار-قۇرا چاپلايمەن،
«قارا» لارنى پات-پات ئوتقا قاقلايمەن،
«يېشىل»، «سېرىق» لارنىمۇ ھەم باپلايمەن،
شۇنداق قىلىپ بىر ئۆزۈملا چاقنايمەن،
ئۆزۈم چاقناپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ياراتمايمەن كىچىك ئىشقا زوقۇم يوق،
ئەنقا ئاتاي دېسەم، ئەمما ئوقۇم يوق.
مىنەي دېسەم ئېشىكىمدە توقۇم يوق،
ئىسمىم جاھان بازارىدا چوقۇم يوق،
مەن بازارسىز كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئاقمۇ كىردى تولا ئويلاپ بېشىمغا،
شۇنچىلىك تار قىل پاتمايدۇ ئىچىمگە،
ئامەت كەلسە ئەگەر يېقىن كىشىمگە،
غۇچچۇرلاشتىن ئاغرىق كىرەر چىشىمگە،
چىش ئاغرىققا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

كۆرمەيمەن ھېچقانداق ئىشنى ئۆزۈمدىن،
يامانلايمەن قانۇنىيەت، تۈزۈمدىن،
كىم ئۇ چاتاق تاپقان مېنىڭ سۆزۈمدىن،
سەت كۆرۈنمەي تېز يوقالسۇن كۆزۈمدىن،
يامانلاپلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

چۈشتە دېسە كەچتە ئاران بارىمەن،
باھانە توقۇپ گۇناھىمدىن تانىمەن،
شۇ بىر ئەمەس تەكرارلايمەن يانىمەن،
شۇڭا جاھان ئالدىدا كۆپ چانىمەن،
چېنىۋېرىپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ياتقا شاتۇر، ئۆزىمىزگە ئاقسايمەن،
ئۆزگە باتۇر، ياتقا سالسا ئاقمايمەن،
پەلسەپەم شۇ جان بېقىشنى ياقلايمەن،
ئاشۇ يولدا تىنىم تاپماي قاتنايمەن،
قاتناۋېرىپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بىكار بولسام ھاڭۋاقتىمەن كوچىدا،
بولاي مەيلى قەشقەر، تۇرپان، غۇلجىدا،
بۇ پەقەتلا بولۇر مەندەك نوچىدا،
نېمىش قىلسۇن ئىشقا بەند پوچىدا،
نوچىلىققا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ياراتمايمەن ئىلىلىقنى لاپچى دەپ،
خوتەنلىكنى دىۋانە، راۋابچى دەپ،
قەشقەرلىقنى ئالدامچى، ساپ-ساپچى دەپ،
كورلىلىقنى ئاغزى نەس، كاپ-كاپچى دەپ،
يۇرت ياراتماي كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

دەيمەن يەنە ئاقسۇلۇقنى كاۋىچى،
دولانلىقنى پوجاڭ تۇماق يامىچى،
ئالتاي، قۇمۇل، قىزىلسۇنى چارۋىچى،
ئۈرۈمچىلىك جىك قىزىل كۆز پىۋىچى،
تىللاۋېرىپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

مەن تىللىماس بىرمۇ يۇرت يوق ئۆلكەمدە،
دېمەك شۇنداق ئېغىر يۈك بار يەلكەمدە،
ئۇنى ئادا قىپ بولارمەن نەكەمدە،
قورۇق تولا شۇڭا مېنىڭ چېكەمدە،
ئېغىر يۈككە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئەجدادىمنى كۆندە مىڭ رەت داڭلايمەن،
ئەمما ئۆزۈم بىر غېرىچچە ماڭمايمەن،
ماختاش بولسا ھوزۇرلىنىپ ئاڭلايمەن،
ئاڭلاپ-ئاڭلاپ سۆيۈنىمەن، قانمايمەن،
ماختاشقىلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ماختاپ تۇرسا قىن-قىنىمغا پاتمايمەن،
ئۇچىمەنكى كۆكتە... يەردە ياتمايمەن،
(قانىتىم يوق) ئەمما موللاق ئاتمايمەن،
ھاي! دېگەننى يېنىمغا يولاتمايمەن،
مەن ئۇچۇشقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

تەنقىد دېسە شۇ ھامانلا باتنايمەن،
ھېچ قاچاندا ئەينەككىمۇ باقمايمەن،
جەھلىم بىلەن ئۆز-ئۆزۈمنى ئاقلايمەن،
بۇ ئادەتنى تا مەڭگۈگە ساقلايمەن،
شۇ ئادەتكە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

5

داشۆگىمۇ ئۆتتۈم بولدى پۈتتى ئىش،
خىزمەت تەييار ئۆتسە ئەمدى تۆتلا قىش.
لازىم ئىكەن نېمىگە ئۇ ئۆگىنىش،
(بىلىم ئەمەس دىپلومغىلا قارارمىش)،
جان قىينىماي كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

قىزىقمايمەن دەرس دېگەن نېمىگە،
ئاھ! ئاشىقمەن ئولتۇرۇشقا، پىۋىگە،
تەڭكۆزمىسەم ئىچمەيمەن قىز لېۋىگە،
ئىچىۋالسام ئايلىنىمەن دېۋىگە،
دېۋىلىككە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئاتا-ئانا يۇرتتىن ئىزا تارتمايمەن،
ھەممە گۇناھ ئۆزۈڭدە دەپ ئارتىمەن،
ئاھ! نيۇ-يورك، پارىژلارنى يارىتىمەن،
سۆزلىسەم كۆپ ئادەملەرنى قارىتىمەن،
ئىلغارلىققا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئۆيدىن كەلگەن پۇل پۇلغا ئۇلاشمايدۇ،
پۇل بولمىسا سورۇن قايناپ تاشمايدۇ،
يېڭى چىققان مودا مەندىن ئاشمايدۇ،
ئۆز كىيىمىم ماڭا ھېچ ياراشمايدۇ،
مودا قوغلاپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

داشۆسىڭلار ھەر چاغ ئۇلۇغ ئاتالغان،
مەدەنىيەت داشۆسىڭدىن تارالغان،
بىلىڭلاركى دۇنيا ماڭا يارالغان،
(«تۆت توم» دىمۇ دەل ئاشۇنداق قارالغان)،
شۇ قاراشقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئىسىت دەيمەن بەزى ئەخمەق باللارغا،
ئىشىنىدۇ ئەجدادىغا، ئاللاھغا،
داغ چۈشۈرمەي غورۇرلۇق ساپ قانلارغا،

ئۇل قۇرارمىش كەلگۈسى ئىقبالىلارغا،
مەن ئەكسىچە كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

قىينايدىكەن ئۇلار شۇنچە جېنىنى،
ئۇنتۇپ قالار ھەتتا ئاش ۋە نېنىنى،
ئۇيلار ئىمىش ئەل-يۇرتىنى، ۋەتىنىنى،
تۆكەر ئىمىش شۇ يولدا ھەم قېنىنى،
مەن قان تۆكمەي كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

بۇ دۇنيادا ۋەتەن دېگەن تولا گەپ،
مىللەتمۇ ھەم يۇرۇشمەمدۇ تۇركۇملەپ،
ۋەتىنىم شۇ چىقسا ماڭا نەدە نەپ،
(بۇ سۆزۈمنى خەق بىلمىسۇن بولدى خەپ)،
نەپ كۆزلەپلا كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

6

پۇل تاپىمەن شەمۇ شەرنى ئاربلاپ،
يول-ياتاقتا قۇرۇق ناننى غاجىلاپ،
تىنىم تاپماي زاۋۇت، دۇكان ئاربلاپ،
بەزى چاغدا ھەمراھىمنى قاربلاپ،
دىل ياربلاپ كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

جىنىڭ گېپىم شۇ پۇلدىن ئۆزگە دوستۇم يوق،
سىنىت چاغلىق زىيان بىلەن خوشۇم يوق.
پۇلۇم مىنىڭ جىنىڭ، ئۇچامدا بىر كاستۇم يوق،
شۆكىمىكىن ئابرۇي -يۈزۈم، پۇشۇم يوق،
ئابرويسىزراق كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

يۇرتداش، تۇغقان نېمە، پايدا ئالدىدا،
توغرىلايمەن ئىشنى تېزدىن دالدىدا،
مىنىڭ بىر ھىيلە-چارە باردۇر كالىلىدا،
ئۇنىڭ بىرى بارمىكىن تاڭ داھىيدا،
شۇنداق دانا كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

تووۋا دەيمەن بەزى ئەخمەق بايلارغا،
قىپتۇ ياردەم يۇرتى نامرات جايلاغا،
مەكتەپ ساپتۇ مەرىپەت دەپ سايلارغا،
نېمە ياردەم ئۇ كۆكتۆش، گادايلارغا،
مەن ياردەمسىز كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

پۇل تېپىشتا تارتقان تالاي جەبرەمگە،
قالدۇرغۇم يوق بىر سىنتىمۇ نەۋرەمگە،
ئۆلسەم ئەگەر پۇلنى تېڭىپ مەيدەمگە،
ئەكېتىمەن جەزمەن ياتقان قەبرەمگە،
پۇلغا شۇنداق كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

نېمىشقا؟ دەپ سورىسا گەر كىمدە-كىم،
كېسىلگەندۇر پۇلدا مېنىڭ كىندىكىم،
دەپ بەرگىنىم چوڭ ئۇچۇر ھەم ئەمگىكىم،
بەرمىسە ھەق يوق مېنىڭ دەپ بەرمىكىم،
شۇ مىراسقا كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

7

ھەر يىل تۆلەپ ئوتتۇز بەش خىل سېلىقنى،
لەڭگە بەردىم بۇغداي، قوناق، تېرىقنى،
دېمەي قوياي تاپاندىكى يېرىقنى،
شۇ ھالەتتە قىلدىم دېھقانچىلىقنى،
سېلىقلارغا كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

تۇغۇلغاندەك مەڭگۈ كەتمەن چاپارغا،
تولا باردىم قارا قىشتا ھاشارغا،
تولۇپ كەتتى ئالىقىنىمغا قاپارغا،
ئادەم دېگەن ئۆلمەيدىكەن جاپاغا،
جاپاغىلا كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

بىر نېنىم بار ئىككى گۆدەك تويۇشقا،
بىر قويۇم بار قۇربانلىققا سويۇشقا،
نەدە چولا بەدىنىمنى يۇيۇشقا،
مەن رازىمەن ئاشۇ مۇقىم تۇرمۇشقا،
شۇ تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

باش كۆتۈرمەي ھۆددە يەرنى تېرىيمەن،
ئېتىزلىقتىن چىقماي شۇنداق قېرىيمەن،
بۇ دەۋردىن نەچچە ئەسىر نېرىمەن،
ياۋاش، نادان، بىچارىلەر پىرىمەن،
شۇ «پىر» لىققا كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

ھەپتىدە تۆت جەرىمانە تۆلەيمەن،
شۇ پۇل بىلەن سېكرېتارنى يۆلەيمەن،
بالام يالىڭاچ... بۆشۈككىلا بۆلەيمەن،
ئىش ئالدىراش، نەدە يۇدۇپ يۇرىمەن،
بۆشۈككىلا كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

ياراتمايمەن ئۆز ئېتىمنى، ئىسمىمنى،
تونۇمايمەن ھەتتا ئۆلۈم خېتىمنى،
«ئۇرغۇي» دەيمەن سورىسا مىللىتىمنى،
چۈشەنمەيمەن دەۋردىكى رېتىمنى،
مەن رېتىمسىز كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

سۈنئىي ئوغۇت مول ھوسۇل دەپ سانايمەن،
شۇ ھوسۇلدىن ئەمدى قانداق تانايمەن،
سۇ تالاشسام قوشنىلارنى چانايمەن،
دېمەيمەن ھېچ بۇ پەيلىمدىن يانايمەن،
مول ھوسۇلغا كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

ئىش دېگەننىڭ مەن ئۈچۈن ھېچ سانى يوق،
مىدىرلايمەن پۇت-قولۇمنىڭ جانى يوق،
بەزى-بەزى بالىلىرىمنىڭ نانى يوق،
سېكرېتاردىن باشقا قەدىردانىم يوق،
قەدىردانغا كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

يىل ئاخىرى پۇل ئالساممۇ تۇلۇمدا،
«قەرزىڭ تۆلە» دەيدۇ ئۇڭۇ-سولۇمدا،

سىنىت قالماي ئاخىرىدا قولۇمدا،
دېيەلمەيمەن شۇڭا ھەرگىز پۇلۇم بار،
پۇلغا ئامراق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئېتىبارلىقنىڭ نېرىسىنى كۆرمەيمەن،
بەختىم ئۈچۈن قىلچە خىيال سۈرمەيمەن،
تىل-دەشنامغا دەۋا قىلىپ يۈرمەيمەن،
رەنجىمەيمەن، ھەتتا قاپاق تۈرمەيمەن،
كۆتۈرۈۋشلۈك كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ۋاز كەچكەنمەن ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن،
پەرقىم يوقتۇر ھېچ ماشىنا ئادەمدىن،
ھەممە ئىشنى كۆرىمەن پىشانەمدىن،
بولدى شۇنداق ئۆتۈپ كېتەي ئالەمدىن،
مەن نالىسىز كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بۇ دۇنيادا بەلكىم مەندەك بىر كىم يوق،
تا ئۆلگۈچە ئىشلىمەك شۇ گېپىم يوق،
قاتتىق ئىشتىن باشقىغا كېرىكىم يوق،
تەنۇ-جىسمىم بارۇ لېكىن يۈرىكىم يوق،
مەن يۈرەكسىز كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

8

تارتالمايدۇ ئات ھارۋىسى ھالىمنى،
كۆردىڭىزمۇ يارىشىملىق خالىمنى،
قويۇۋالغانمەن ساپ كۈمۈشتىن نالىمنى،
ياراتمايمەن شۇڭا ھەتتا ئالىمنى،
ھال تارتىشقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

كىيىم دېسە «مىڭ تەسەددۇق» جان دەيمەن،
بۇ مەن ئۈچۈن كاتتا شەرەپ-شان دەيمەن،
كىيىم ھەتتا يۈرىكىمگە قان دەيمەن،
توشمايدىغۇ كەيگىنىمگە سان دەيمەن،
مەن سانىماي كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

پارقىرايدۇ ئۈستىبېشىم زىنىنەتتىن،
خەق ئەيمىنەر تۇرقۇمدىكى ھەيۋەتتىن،
ھېچ بىلمەيمەن بىر يوشۇرۇن غەيرەتتىن،
ئاغزىم بىكار بولماس سۆزدىن غەيۋەتتىن،
غەيۋەتخۇمار كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بىلىم دېگەن نېمىكىن تاڭ ئۇقمايمەن،
كىتاب-پىتاپ دېگەننىمۇ ئۇقمايمەن،
ۋاقىت تاپسام لەززەتلىنىپ ئۇخلايمەن،
مەندىن ئېسىللارنى كۆرسەم پۇتلايمەن،
پۇتلاۋېرىپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

نېمە پايدا كەپتۇ قۇرۇق بىلىمدىن،
ھېچنېمەم يوق مېنىڭ ئارتۇق گېلىمدىن،
شۇڭا كۆركەم تۇرىمەن ئۆز خىلىمدىن،
ياقتۇرىمەن ئۆز ئىشىمنى دىلىمدىن،
كۆركەم يۈرۈپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

گۆش قاينايدۇ كەلسە ئەگەر ئاتا-ئانام،
دەيدۇ ئۇلار بەكمۇ باقتىڭ جان بالام،
ئاغرار بېشىم كېلىپ قالسا قېينانام،
«ۋاي بېشىم» دەپ ياتىمەن شۇ ئىش تامام،
باش ئاغرىققا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بەك ئاسرايمەن، گۈلدەك، ئالتۇن بويۇمنى،
ئۇپراتمايمەن ھەتتا بىر تال مويۇمنى،
ئويلىمايمەن باللىرىمنى، ئۆيۈمنى،
قىلسام دەيمەن قايتا ئىسست! تويۇمنى،
تويغا ئامراق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ياشىرىمەن يىگىرمە ياش، توي دېسە،
چۈشتى گىلەم، نەق پۇل يەنە قوي دېسە،
خەجلىنىپتۇ تويدا ئون مىڭ كوي دېسە،
قانچە ئابروي خەقلەر ئاڭلاپ ھوي دېسە،
مەن ئابرويلۇق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ياشاپ نېمە بار ئابروي-ئاتاق دېمىسەم،
بەرسە خۇدا خانىشلىقنى تىلىسەم،
ھېچكىمنىڭ گېپىگىمۇ كىرمىسەم،
كۆڭلۈم نېمە تارتسا كىيسەم ھەم يېسەم،
گەپكە كىرمەي كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئائىلىنى دەركەن مىكرو جەمئىيەت،
گۈللىنەرمىش بولسا بىر دىل، بىر نىيەت،
ماڭا لازىم ئەمەس سوكال تەربىيەت،
ئۆز يولۇم بار ماڭىدىغان تا ئەبەد،
تەربىيىسىز كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

## خاتىمە

يۈگەنلىنىپ مىنىلىدۇ كۆنسە ئات،
بۇ ئاز كېلىپ دەيدۇ تېخى ھارۋا تارت،
كۆنۈش شۇنداق چوڭقۇرلىشار قاتمۇ قات،
ئاقماس ھەرگىز كۆنۈپ بولۇپ دېسە دات،
ئەمما مەن بەك كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

كۆنۈش شەيتان، كۆنۈش بەكمۇ خەتەرلىك،
پاكىت سانسىز شۇنچە قايىل ئېتەرلىك،
بولار ئەمدى شۇ كۆنگىنىم يېتەرلىك،
ئەڭ ئاخىر بىر ۋارقىراي جىگەرلىك،
كۆنمەسلىككە كۆنسەم ئاندىن ياشايمەن!

# شېئىرلار

تۇردىمۇھەممەد ئابدۇللاھ

## توي قىلسام

ھاياجاندىن يۈرىكىم سەپ كېتەرمۇ توي قىلسام،
يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى ئەپ كېتەرمۇ توي قىلسام،
مېنىڭ ئۈچۈن دەرد چەككەن ئاتا-ئانام خوش كۆلۈپ،
«سەندىن رازى بوپ كەتتۇق» دەپ كېتەرمۇ توي قىلسام.

«توي ئىماننىڭ يېرىمى» دېگەن رەھمەت ئەلچىسى،
ساۋابىغا بۇ ئىشنىڭ گەپ كېتەرمۇ توي قىلسام.
خالىس بولسا بۇ ئىشىم ئاللاھ بېرىپ بەرىكەت،
پەرىشتىلەر سەپ بولۇپ كەپ كېتەرمۇ توي قىلسام.

خۇشاللىقتا جۆر بولۇپ ھەتتا ئانا تەبىئەت،
قۇشلار مۇڭلۇق سازىنى چەپ كېتەرمۇ توي قىلسام،
دوستلار ئالقىش ياغدۇرۇپ كېلىپ يىراق يېقىندىن،
زىياپەتنى شاد خۇرام يەپ كېتەرمۇ توي قىلسام.

توي ئاللاھنىڭ بىزلەرگە بەرگەن كاتتا نېمىتى،
شۇڭغىمۇ ئىچ سىقىلىش، «خەپ» كېتەرمۇ توي قىلسام.
توي سەۋەبلىك قۇتۇلۇپ پىتنە پاسات، گۇناھتىن،
قېلىپ ئىشنىڭ گۈزىلى، سەت كېتەرمۇ توي قىلسام.

## ئۇتتۇز ئالتە ياش

ئۇتتۇز ئالتە قىش،
ئۇتتۇز ئالتە ياز،
ئۇتتۇز ئالتە كۈز،
ئۇتتۇز ئالتە ئەتىياز،
ئۆتۈپتۇ شۇنچە تېز
بىر-بىرىنى قوغلاپ.

لۈتپۇللا مۇتەللىپ
يىگىرمە ئىككى يېشىدا
مەردانە بەرگەن ئىدى
يىللارغا جاۋاب.

ھەي يىللار!
مەندىن جاۋاب ئىستىمە ئەمما
كەلگۈسۈم، نىشانىم تېخىچە غۇۋا.
ئۆتمەكتىمەن تېخىچە قانماي ئۇيقۇغا.
ئادەملىق شەھەردە يۈرۈمەن تەنھا
غەمنى كۆپ قىلىمەن نەق ئىش ئورنىغا.
قويۇپ بەر ياخشىسى مېنى لەگلەكتەك
ھېچ نەرسە ئويلىماي ئۇچۇپ باققۇم بار...

## قەلبىمنى قاپلىدى بىر ئەنسىز كېسەل

قەلبىمنى قاپلىدى بىر ئەنسىز كېسەل،
دوختۇرى يېنىمدا، داۋاسى يىراق.
تەلپۈنۈپ تۇرساممۇ دورىغا شۇنچە،
يېپىشنى خالىماس شۇم نەپسىم بىراق!

قەلبىمنى قاپلىدى بىر ئەنسىز كېسەل،
ھەيرانمەن ئاجايىپ بىغەملىكىمگە،
ئۈمىدىمۇ مەندىكى ياكى چۈشكۈنلۈك،
نېمە دەي كېسەلگە ھەمدەملىكىمگە.

قەلبىمنى قاپلىدى بىر ئەنسىز كېسەل،
ئۇنىڭغا يانداشتۇر ھەر دائىم ئەجەل.
ئۆلۈمدىن قەبىھتۇر ھېساب شارابى،
قانداقمۇ قادىرمەن تۆلەشكە بەدەل.

ئەقىلسىز، ئىدراكسىز كىشىلەر بىلىمنى بۇزىدۇ،
بىلىمسىز كىشىلەر خەلقنى قاقشىتىدۇ.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى

# بىلىم

مەمەتجان ياسىن (كانادا)

بىلىم نۇردۇر يولنى يورۇتقان،
بىلىم بۇلاق دىلنى قاندۇرغان.
بىلىم بەخت، مېۋىسى تاتلىق،
بىلىم قانات پەرۋاز قىلدۇرغان.

پەرۋاز قىلغان كېزىدۇ ئاسمان،
غەپلەتتىكى بولىدۇ سەرسان.
بۈركۈت بولۇپ كەڭ ئالەم كەزگەن،
قايناق ھاياتتا تۈزىدۇ داستان.

ئۆرلەپ كۆككە ئاچار بۈركۈت يول،
ئۆمۈچۈك بۇلۇڭدا تارتىدۇ تور.
ئالىم شائىرغا قەلىمى مەشئەل،
قان تەرى سىياھتىن چاچىدۇ نۇر.

كەزگىن تېنىماي گويا بۈركۈتتەك،
مەنزىل بويلاپ ئاتلان نىشانغا.
بىلىم ئىشقىدا بول پەرۋانىدەك،
ئۇر ئۆزەڭنى نۇرلانغان شامغا.

كېچىكمەس ھەر ئىش قىلىمەن دىسە،
يېتەلمەس مەڭگۈ بىلىمسىز يۈرسە.
ئالسا بىلىم كېلەر كۈتكەن كۈن،
يۈتەر تويماس نەپسىنى كۈتسە.

بىلىمسىزلىك قاراڭغۇ دۇنيا،
بىلىمسىزلىك بولدى شۇمبويا.
بىلىمسىز ئەل بولىدۇ ۋەيران،
ھەم بولۇر ئۇ ساقايماس يارا.

بىلىم قورغان بىزنى قوغدىغان،
بىلىم – ئۈمۈد روھنى ئۇرغۇتقان.
بىلىمدۇر كۈچ ئالغا باشلىغان،
بىلىم – قۇياش نۇر ئاتا قىلغان.

بىلىم بىلەن ياشنار قەلبىمىز،
بىلىم بولسا بۇلۇر بەختىمىز.
بىلىم بىلەن گۈللىنەر دۇنيا،
بىلىم بىلەن ئاشار تەختىمىز.

بىلىم ئاچار جەننەتكە كەڭ يول،
بىلىم بىلەن شاھ بولدى ھەم قۇل.
مىسالى بەيبەر ھەمدە يۈسۈپ،
جاسارەتتە چاپتۇردى دۇل - دۇل.

بىلىم دېڭىز چوڭقۇر ھەم چەكسىز،
بىلىملىك ئۈزەر دولقۇن داۋانسىز.
بىلىم بىلەن ئېچىلار كەڭ يول،
شۇڭا كەتمە نامسىز، نىشانسىز.

ئەگەر خەلقىنىڭ باشچىسى ياخشى بولسا،
ئۇنىڭ بارلىق خىزمەتچىلىرى ياخشى بولىدۇ.
ئەگەر بەگلەرنىڭ ئۆزلىرى ياخشى بولسا،
پۈتۈن خەلقى بېيىدۇ، دۇنيا تۈزۈلىدۇ.

ئەگەر تىل جايىدا سۆزلەشنى بىلمىسە،
پىشىل كۆكتىكى كىشىنى (يەرگە) چۈشۈرىدۇ.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى

# قەلبنىڭ سىرلىق كۈچى

مەمەتجان ياسىن* (كانادا)

ئىنسانلار بەدەن ۋە روھ دەپ ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن. مەن سۆزلىمەكچى بولغان قەلب روھقا تەۋە، يۈرەك بەدەنگە تەۋە. ئۇنداقتا قەلب ۋە يۈرەك دېگەنلەرنىڭ قانداق باغلىنىشى بار؟ ئالدى بىلەن ئىزاھات بېرىپ ئۆتسەم ، بۇ ماقالىدا ماددىي جەھەتتىن توختالغاندا، يۈرەك دەپ ئاتىدىم. مەنىۋى نۇقتىئىنەزەردىن بولسا، قەلب دەپ ئاتىدىم. مەن ئوقۇرمەنلەرگە مەنە جەھەتتىن ئوچۇق ھەم ئەمەلىي جەھەتتىن پايدىلىق بولسا دەپ ئويلاپ بۇ ئىككى جەھەتنى باغلاپ يېزىپ چىقتىم. بۇ يازمىدا مەنىۋى جەھەتتىكى مۇھىملىقىنى تىلغا ئالدىم. ئالدىمىزدا چىقماقچى بولغان بىلىم-كۈچ ژۇرنىلىنىڭ 2023 -يىللىق سانىدا يۈرەكنىڭ فۇنكسىيەسى ۋە ماددىي جەھەتتىكى مەزمۇنلارنى تىلغا ئالدىم. بىلىم-كۈچ ژۇرنىلىنىڭ 2021 -يىللىق سانىدا مېڭە قۇرۇلمىسى ۋە مېڭە سەكتىسى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى يازغان (https://bilimkuch.org). بۇنىڭ بىزنىڭ ساغلام بەدەن ۋە ساغلام روھىي كەيپىيات شەكىللەندۈرۈشىمىزگە پايدىسى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ ئىككى خىل (قەلب ۋە يۈرەك) جەھەتتە (قەدىمكى ۋە ھازىرقى) يارىتىلغان بىلىم مەيلى تېخنىكىلىق جەھەتتە بولسۇن ياكى روھانىيلىق جەھەتتە بولسۇن بىر-بىرگە باغلىنىشچانلىقى كۆپ. نەچچە مىڭ يىللىق بۇ تارىخى بىلىملەر ھاياتىمىز ۋە تۇرمۇشىمىزنى تېخىمۇ مۇكەممەل تۈسكە ئىگە قىلىدۇ. ھازىرقى پەن-تېخنىكىدا ئاچالمىغان سىرلار تېخى كۆپ. ھازىرقى پەن-تېخنىكا «نېمە» ۋە «قانداق» دېگەندەك ماددىي جەھەتتىكى سوئاللارغىلا جاۋاب بەرسە، قەدىمكى بىلىملەر «نېمە ئۈچۈن» دېگەندەك سوئاللار ھەققىدە مەنىۋى جەھەتتىن ئىزدەنگەنلىك، بۇ قەلبىمىزنى تەتقىق قىلىش ئۆز ھاياتىمىزغا ۋە تۇرمۇشىمىزغا بىر قىممەتلىك مەنە قوشىدۇ. ھەتتا قەدىمكى مىسىردا يۈرەك «بىرىنچى مېڭە» دەپمۇ قارالغان، چۈنكى ئۇ بىر ئەخلاقىي ھېس-تۇيغۇ ئۆلچىمى ۋە ئەقىل ئىدراكلىقنىڭ نېگىزلىك نۇقتىسى بولغانلىقتىندۇر.ھازىر بۇ ئىككى بىلىم بىر-بىرىگە قارشى بولماستىن، ئەكسىچە تەدرىجىي بىرلىشىش نۇقتىسىغا قاراپ يۈزلىنىش بولۇۋاتىدۇ.

## 1. قەلب ۋە يۈرەك

«قەلب» دېگەن سۆز ئەرەبچە بولۇپ، ئۇنىڭ يۈرەك ۋە مەركەز دېگەندەك بىرقانچە مەنىسى بار. نۇرغۇن مىللەتلەردە ۋە بىزنىڭ تىلىمىزدا يۈرەك ۋە قەلبىمىز (كۆڭۈل دېگەن مەنىسىدە) بولسا بىر تۇتاش قارىلىدۇ. قەلبىمىز پۈتۈن ھەرىكەتلىرىمىزگە سەزگۈرلۈك(sensitivity)، ھېس-تۇيغۇ ئۆلچەم، ھەم ئەقىل ئىدراكلىقنىڭ نېگىزلىك (ئەقىدە) رولىنى ئوينايدۇ. گەرچە ئەمەلىي ئىش قىلىدىغىنى بىزنىڭ باشقا ئەزالىرىمىز بولسىمۇ، مەسىلەن قول تۇتىدۇ، پۇت ماڭىدۇ، كۆز كۆرىدۇ، ئېغىز سۆزلەيدۇ ۋە قۇلاق ئاڭلايدۇ، بۇلار مېڭىمىزنىڭ خىزمىتى ئەلۋەتتە. ئەمما قەلبىمىز بولسا بىر ھېس-تۇيغۇ ئۆلچىمى بولۇپ ۋە بىزدە شەكىللەنگەن ئەقىدە شەكىلدە ھەرىكەتلىرىمىزگە (ھاراق ئىچىش ئىچمەسلىك، بىر ئىش قىلىش قىلماسلىق جەھەتلەردە) قوماندانلىق رولىنى ئوينايدۇ.

يۈرەكتىن مېڭىگە ئەۋەتىلگەن روھىي-كەيپىيات (emotional signal) سىگنالى مېڭىنىڭ قانداق خىمىيەلىك ھورمۇنلارنى ئاجرىتىپ چىقىرىشىنى بەلگىلەيدۇ، ئاندىن مېڭە پۈتۈن بەدەن سىستېمىسىغا مېڭە-نېرۋا سىستېمىسى ئارقىلىق تەسىر قىلىپ، بىزنىڭ سەزگۈلۈك (sensitivity) دەرىجىمىزنى بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۈرەكتىكى كەيپىيات مېڭە ئارقىلىق پۈتۈن بەدەنگە (سەزگۈ ئەزالارغا) ماسلىق (harmonize) ھالەتتە تارقىلىدۇ. بۇنىڭدىن يۈرەكنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى بىلەلەيمىز. خۇددى بەدەن ۋە روھ بىرلەشكەندە بىر ھەقىقىي جانلىق شەكىللەنگەندەك، ئەقىدە ۋە ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ يىغىندىسىدىن بىر خاراكتېر شەكىللىنىدۇ.

روھى ھالەت (mentality/ attitude) بىر ئىچكى ئامىل بولسا، ھەرىكىتىمىز بىر ئۇنىڭ سىرتقا ئىپادىلىنىپ چىقىشى (reality) بولىدۇ (mentality creates reality). يۈرەك تىترىسە پۈتۈن بەدىنىمىز تىترەيدۇ. يۈرەك خۇشاللىقتا چۆمسە، يۈزىمىزگە كۈلكە يۈگۈرىدۇ؛ يۈرەك ئازابقا تولغاندا، كۆزلىرىمىزگە ياشلار توشىدۇ. بىز قورققان چېغىمىزدا يۈرىكىمىز تېز سوقىدۇ، ۋە پۈتۈن بەدىنىمىزمۇ تەڭلا تىترەپ كېتىدۇ. يۈرىكىمىز توق بولسا ھەرقانداق خەتەرلىك ئەھۋال ئانچە تەسىر قىلمايدۇ.

قەلبىمىز ۋە خاراكتېرىمىز (ماھىيىتىمىز) بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەتنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن، ھەرخىل سۆزلەر قوللىنىپ كېلىنىدى: توخۇ يۈرەك، يولۋاس يۈرەك، قاپ يۈرەك (قاپلان يۈرەك)، تاش يۈرەك، مۇز يۈرەك، ئوت يۈرەك،

---

* دوكتور مەمەتجان ياسىن – 2009 -يىلى بىئومېدىكال ئىنژېنېرلىقىدا دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان. كېيىن گېرمانىيەدىكى فىلىپس شىركىتىدە ۋە كانادادىكى كارلېتون ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەتقىقات قىلغان. 2014- يىلىدىن باشلاپ تورونتو شەھىرىدە 7 يىل Princess Margaret Cancer Center دە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىدى. ھازىر Thompson Rivers University دا ياردەمچى پروفېسسور بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. مەمەتجان 2022 - يىلى مەڭگۈتەك تەربىيلەش مەركىزىنى قۇردى. http://www.mengutech.com

يۈرىكى يېرىم بولۇش، يۈرىكى شادلىققا تولۇش، يۈرىكىدىن كۆيۈش دېگەندەك. ئىنگلىزچىدە بۇنىڭدىن كۆپ ئىبارىلەر بار. شۇنى قىستۇرۇپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇكى، بىز ئۇيغۇرلار سالام بەرگەندە، ئوڭ قولىمىزنى سول كۆكرىكىمىزگە (يۈرەك ئۈستىگە) قويۇپ تۇرۇپ ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىمىز. بۇ بولسا چىن مەنىدىكى، سەممىي سالامنىڭ ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلىنىشىدۇر.

## 2. قەلبنى تەربىيەلەپ كۆندۈرۈش (سىنىڭ قەلبىڭ، سىنىڭ نىمگە كۆندۈرگىنىڭ)

مەن ئالدىنقى يۈرەك توغرىسىدا يازغان ماقالەمدە يۈرەك ماسلىشىشچانلىقى (coherence) ۋە يۈرەك-مېڭە ئالاقىسى توغرۇلۇق سۆزلەپ، يۈرەك ماگنىت مەيدانىنىڭ بىزنىڭ روھىي-كەيپىياتىمىزغا ئاساسەن ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، ۋە بۇ يۈرەك ماگنىت مەيدانىنىڭ بىۋاستە مېڭىنىڭ ماس/بىرلىك (synchonise) بولۇشىغا تەسىر قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدىم. يۈرەك ۋە نېرۋا سىستېمىسىنىڭ قىسقا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەستە تۇتۇشى بار بولۇپ، بۇ يۈرەكتىن مېڭىگە بارغان سىگناللار بىزنىڭ كەيپىياتىمىزغا تەسىر قىلىدۇ. تەربىيە (training) ۋە ئۆگىنىش مېڭىنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، يەنى يېڭىپ ئېيتقاندا مېڭە نېرۋىلىرىنىڭ تور ئالاقىسى / باغلىنىشى، مېڭىنىڭ قۇرۇلمىسى ھەتتا گېن (gene expression) ئىپادىلىنىشىگىمۇ تەسىر قىلىپ زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ مېڭە ئەۋرىشىمچانلىقى (brain plasticity) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنداقتا بىز قانداق قىلىپ قەلبنى تەربىيەلەش /كۆندۈرۈش ئارقىلىق روھىي-كەيپىياتىمىزنى تەڭشىيەلەيمىز؟ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى تارىخى نۇقتىسىدىن سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن.

قەلبنى تەربىيەلەپ كۆندۈرۈش جەھەتتىكى نۇقتىلارنى جېمىس كلاۋېلل (James Clavell) نىڭ «شوگۇن» دېگەن رومانىدىن ئېلىنغان پارچىسىدىن باشلايمەن: «بالام، داۋاملىق ئېسىڭدە بولسۇن: قالايمىقان (ئەسكى خىياللارنى سۈرۈش بولسا دۇنيادىكى ئەڭ ئاسان ئىش. ئەگەر كۆڭۈلنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرسەڭ، سېنى تېخىمۇ بەختسىزلىككە باشلاپ چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ. ئەمما، گۈزەل پىكىر-خىياللارنى قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كېرەك، چۈنكى بۇنىڭ ئۈچۈن تۈزۈم – تەربىيە (training) كېرەك بولىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇڭا كۆڭلۈڭنى (قەلب زېھنىڭنى تەربىيەلەپ كۆندۈر (training). ئاندىن كېيىن سەن ئۇنچىۋالا جىق بەدەل تۆلىمىسەڭمۇ بولۇۋېرىدۇ، ھەم سەن ئۆز ھاياتىڭنى قىممەتلىك ئىگە قىلىسەن ، كەسپىڭدىمۇ قىممەت يارىتىسەن، ھەم بۇ دۇنيايىمىز ئۈچۈن بىر شان-شۆھرەت ئېلىپ كېلەلەيسەن.»

ھەممە ئىنسانلار تۇغۇلغاندا ئوخشاش «ئاق قەغەز» كەبى پاك تۇغۇلىدۇ. ھەر بىر يۈرەك ئەڭ دەسلەپكى سوقۇشنى باشلىغاندا بىر پاك ئىنسان ھالەتتە بولىدۇ. ياشاش جەريانىدا ھەر ئىنسان بۇ قەلبنى ھەر شەكىلدە تەربىيەلەيدۇ ھەم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن زور پەرق شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن ئالايلۇق ياخشى چېنىقتۇرۇلغان ھايۋانلار سېرىكچىلىك قىلىپ ئويۇن كۆرسىتىدۇ؛ يەنە مەسىلەن، ئەما كىشىلەرگە يول باشلاپ بېرىشكە كۆندۈرۈلگەن ئىتلارمۇ بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەربىيەلەپ كۆندۈرۈش (training) ئارقىلىقلا بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلى چېنىقىش ئارقىلىقلا بوكس شاھى بولغان ئىدى، ھەم ھەر دائىم «قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق» دەپ ئۆزىگە ئىشىنەتتى. بۇ گەپتىن ھەرقانداق ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ دېگەن مەنە چىقىدۇ. ئەلۋەتتە ھېچكىممۇ ئۆگەنمەي تۇرۇپ مۇزىكا چالالمايدۇ، ئۇسسۇل ئوينىيالمايدۇ، ھەم يېڭى بىر خىل چەتئەل تىلىدا سۆزلىشەلمەيدۇ. شۇنداقلا ئەگەر بىز قەلبىمىزنى تەربىيەلەپ كۆندۈرمىسەك، ھەم ئۆزىمىزگە ئادەت شەكىللەندۈرمىسەك بىز قەلبنى قىممەتلىك ئىگە قىلىپ كۈتكىنىمىزدەك بولالمايمىز. شۇڭا سىنىڭ قەلبىڭ، سىنىڭ نىمگە كۆندۈرگىنىڭ بولۇپ ھەر خىل يۈرەك شەكىللىنىدۇ: توخۇ يۈرەك، يولۋاس يۈرەك، قاپ يۈرەك (قاپلان يۈرەك)، تاش يۈرەك، مۇز يۈرەك، ئوت يۈرەك، ئويغانغان يۈرەك ۋە ئۇيقۇچان يۈرەك.



1 -رەسىم: سول يېرىمىدا ئۇچار ئادەمنىڭ (superman) فىلىمدىكى ھالىتى، ئوڭ يېرىمىدا چېنىقتۇرۇشتىن بۇرۇنقى ئەسلى ھالىتى. (training) (كىنو چولپانلىرىنىڭ ھەممىسى چېنىقتۇرۇلغان ئاددىي ئىنسانلار)

2 -رەسىمنىڭ سول يېرىمىدا ئۇچار ئادەمنىڭ فىلىمدىكى ھالىتى، ئوڭ يېرىمىدا چېنىقتۇرۇشتىن بۇرۇنقى ئەسلى ھالىتى بار، سىزچە ئوخشاش بىر ئادەم بولسىمۇ چېنىقتۇرۇشنىڭ پەرقى بولامدىكەن؟

خۇددى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئېيتقاندەك:

«ئەجەب بىر گۆش ئىكەن بۇ يۈرەك دېگەن،
ھەر تەندە ئۇ ھەر خىل ھېس قىلار ئىكەن.
ئەگەر ئۇ ئىچمىسە ۋىجدان شارابى،
ئىلغىدا ئېسىقلىق سېسىق گۆش ئىكەن.»

بۇ قەلبنى بىر قىممەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تۇزۇم ۋە تەربىيە كېرەك. خۇددى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئېيتقاندەك «ئادەم بولۇش دۇلدۇلغا يۈگەن سېلىش» كېرەك:

«ياشلىق، چاقماقسەن، چېقىپ ئۆچسەن،
ئەۋرىشىم چېغىڭ مۇشۇ ئۆگەنگىن ، ئۆگەن !
قاراڭغۇ دىل چۆلگە بىر كۈن چۆكسەن،
ئادەم بولۇش دۇلدۇلغا سالمىساڭ يۈگەن.»

خىياللارنى بىر رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش (mentality to reality) ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بىزدە شۇ خىل روھ، يەنى نىيەت (intention) بولۇشى كېرەك. بۇنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ داۋاملاشتۇرساق، كۈچلۈك روھ بىلەن كۈچلۈك بەدەننىڭ بىرىكىشىدىن ھەقىقىي بىر كۈچلۈك خاراكتېر شەكىللىنىدۇ. مەن بۇ توغرىسىدا بەدەن بىلەن كۆڭۈلنى بىر «ئۇقيا» غا سىمۋوللاشتۇرۇپ يېزىلغان قەدىمكى بىر شېئىرنى كۆرگەن ئىدىم (ئەمما ئۇنىڭ مەنبەسىنى ۋە ئېنىق تېكىستىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. يادىمدا قېلىشىچە بۇ ھون پادىشاھىسى ئاتىللانىڭ شېئىرى.)

«بەدەن بولغاچ ئوق، كۆڭلۈم بولدى يا،
كۆڭلۈم بولغاچ ئوق، بەدەن بولدى يا.»

ھەقىقەتەن بۇ قەدىمكى شېئىردىن بەدەن بىلەن كۆڭۈلنىڭ بىردەك بولۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى، ھەم ھېچقايسىسى كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھەتتا بۈرۈنقى كۆز قاراشلاردا بىر كىشىنىڭ خاراكتېرىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشىنى شۇ كىشىنىڭ تەقدىرگىمۇ باغلاپ قويىدۇ. بەلكىم بۇ خىل نۇقتىلارنى تۆۋەندىكى ئاددىي باغلىنىشلىقتا ئومۇملاشتۇرۇپ قويدۇم.



2 -رەسىم: توغرا نىيەت ۋە داۋاملاشقان ھەرىكەتنىڭ ھاياتىمىزغا بولغان تەسىرى

بىر خىل ئىدىيە بىلەن داۋاملىق ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق قەلبىمىزنى كۈندۈرسەك، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندە كىشىلىك ئادەت شەكىللىنىدۇ، ھەم تەبىئىي ھالدا شۇ خىل ئادەتنى ياقتۇرۇپ قالىمىز. ئەلۋەتتە، نىيەت ۋە ھەرىكەتنىڭ توغرا خاتالىقىنى ئايرىش كېرەك. مەسىلەن توغرا بولمىغان ئىزچىللىقنى ئېلىپ ئېيتساق، ھەرگىزمۇ بىرەر ئىنسان تۇغۇلۇشىدىنلا تاماكىغا خۇمار بولۇپ تۇغۇلغان ئەمەس، داۋاملاشقان ھەرىكەتتىن ئادەت شەكىللەنگەندۇر. بىزدە توغرا نىيەتنىڭ بولۇشى تولىمۇ مۇھىم بولۇپ، بەلكىم ئاخىرىدا بىزنىڭ تەقدىرىمىزگىمۇ چېتىشلىق بولۇپ قالىدۇ. نىيەت ۋە تەقدىر توغرۇلۇق كۆز-قاراش نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە. ئەڭ مۇكەممەل ۋە توغرا باغلىنىش پەقەت ئىسلام دىنىدىلا مەۋجۇت. ئەل-غەززالىنىڭ ئۆز زامانىدا يېزىپ قالدۇرغان ماتېرىياللىرى بۇنىڭ ئىسپادىسى ۋە ئىسپاتىدۇر. ئۆز زامانىدا بۇ جەھەتتە كامالەتكە يېتىپ 250 دىن ئارتۇق كىتابلارنى يازغان. ھەقىقەتەن بۇ جەھەتتە بىزدە توغرا كۆز-قاراش ۋە ئىسلامىي بىلىم بەكمۇ كەمچىل. ئىمام بۇخارى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەمەللەر نىيەت بىلەن بولىدۇ، ھەم ھەر بىر ئادەم نىيەت قىلغىنىغىلا ئېرىشەلەيدۇ». يەنى بىر ھەدىستە «پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشى بولسا، داۋاملاشقان ۋە دائىم قىلىنغان ياخشى ئەمەلدۇر.»

بىلىم ۋە ھەقىقەتلا بىزنىڭ قەلبىمىزنى توغرا يولغا باشلايدۇ، ھەمدە ئۆزىمىزنى تولۇق كونترول قىلالىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ بەدەن ۋە روھىمىزنىڭ كاپىتانلىق ۋە شاھلىق رولىنى تولۇق ئىجرا قىلدۇرغاندا بىز ئۆز خاراكتېرىمىزنىڭ ھەم ھايات قىسمىتىمىزنىڭ ئىگىسى بولالايمىز. ئۆز-ئۆزىمىزگە ئىگە بولالايمىز دېگەن گەپ. قەلبىمىزدە شەكىللەنگەن ئەقىدە خالىمىسا ھەرگىزمۇ بىرى بىزنى يامان ئىش ۋە يامان يولغا باشلىيالمايدۇ. ئەمما باھانە ئۆز-ئۆزىنى ئالداش بولۇپ، ئۆزىگە ۋە ياكى ئۆزگىگە پايدا بەرمەيدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئەڭ چوڭ زىيان تارتقان پەقەت ئۆزىلا بولۇپ قالىدۇ. پەقەت بىلىم ۋە ھەقىقەت بىلەنلا قەلبىمىزنى توغرا يولغا باشلىغاندا، ئۆلمەس ئەبەدىي يولنى تۇتقان بولىمىز.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ روھى كىشەن توغرۇلۇق بىر گۈزەل شېئىرى بار:

«ھەر تۆمۈر كىشەننىڭ سۆرى بەك يامان،
لېكىن ئۇ قورقىدۇ بازغاندىن ھامان.
ئەگەر روھتا بولسا قۇللۇق كىشەننى،
بازغانمۇ كار قىلماس ئاڭا ھېچقاچان.»

قورساقتا قالايمىقان نەرسىلەرنى يەۋەرسەك، ئۇ بىر «ئەخلەت ساندۇقى» غا ئوخشاپ قالغاندەك (سىڭىنىڭ بەدىنىڭ سىڭىنىڭ نىمە يېگىنىنىڭ)، ياخشى-يامان نەرسىلەرنى (توردىن، ئۈندىدارلاردىن) كۆرۈۋېرىپ قەلبىمىزمۇ بىر «ئەخلەت ساندۇقى» غا ئوخشاش كېرەكسىز بولىدۇ (سىڭىنىڭ قەلبىڭ سىڭىنىڭ نىمە ئۆگەنگىنىڭ). چۈنكى قەلبىمىز ياخشى-يامان نەرسىلەرنىڭ يىغىلىشىدىن يامان تەسىرگە ئۇچراپ، توختىماي كىرلەر توپلىنىپ تۇرىدۇ. ھازىرقى ھەرخىل پىروگراممىلار (تىلېۋىزور، ئېلانلار) بىزنى «سىڭىنىڭ قەلبىڭ، سىڭىنىڭ نىمىگە كۆندۈرگىنىڭ» دېگەنىدەك، بىزنى ھەر خىل يوللارغا باشلايدۇ! كونىلار كۆڭۈلنى بىر ئەينەككە ئوخشىتىدۇ. ئەگەر ئۇ كىر بولسا، كۆڭۈل ئەينىكىدىن ئۆز ئەكسىنى كۆرمەك تەس بولىدۇ، ھەتتا پاكلىنىپ تۇرمىغان ئەينەكتە كىر توپلىنىپ ھەقنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەھمىيىتى يوق نۇرغۇن قالايمىقان ئۇچۇرلار بىزنى مۇھىم، مەركىزىي ھايات نۇقتىسىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ ھەم قەلبىمىزنى تەربىيەلەپ چېنىقتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىسقا ھاياتنى نىشانسىز بوران ۋە تۇراقسىز بۇلۇتتەك ئىختىيارسىز، مەنىسىز، قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ھاياتنىڭ تەمىنى ھېچ بىر ھېس قىلماستىن ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان گەپ (تەرتىپسىز تۇرمۇش - تەرتىپسىز ھايات). شۇڭا بۇ خىل نەرسىلەردىن ئۆزىنى تارتىش ۋە كۆڭۈلنى قوغداش كېرەك. ئويلايلى، ئەگەر بىز ناچار تاماق يەپ قالغان بولساق، بۇ تاماق پۈتۈن بەدىنىمىزنى زەھەرلەيدۇ. كۆڭۈل قەلبىمىزمۇ ئوزۇقلۇققا موھتاج. ئەگەر ناچار ئىدىيە، گەپ-سۆز، رەسىم ۋە فىلىملاردىن قەلبىمىزنى ئوزۇقلاندۇرساق، قەلبىمىزنى زەھەرلەيمىز دېگەنلىكتۇر. بۇ قەلب چەكسىز قىممەتكە ئىگە بولۇپ، توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن تەربىيەگە ۋە روھىي ئوزۇققا موھتاج. مەن بۇ توغرۇلۇق مۇنداق بىر شېئىر يازدىم:

تۇرمۇش مەنزىلى ئوخشار شامالغا،
ئۆزگىرەر دائىم بىقىپ خىيالغا.
ھايات يولى ئوخشار ئېقىنغا،
ئاقار بويلاپ باسقان ئىزىڭغا.

تارىختا بىرقانچە بىر تەرەپلىمىلىك كۆز قاراش بولۇپ كەلدى: بەزىلەر «بۆرە بالىسى بۆرە بولغۇسى، كىشىلەر بىقىپ ئۆستۈرسىمۇ ھەم» دېسە، يەنە بەزىلەر « ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگىچە كەتمەس »دېدى. ئەمما بىلىم ۋە ھەق، ھەر قانداق ناچار كىشىلەرنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلارنى قەيەردىن باشلاش كېرەك، بۇنى كېيىنكى نۇقتىدا سۆزلەپ ئۆتىمەن.

## 3. قەلب ۋە خاراكتېرنى پاكلاش (Purify the Heart and Character)

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: «مەن پەقەتلا ئېسىل ئەخلاقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم». (I was only sent to perfect noble character). بۇنىڭدىن ئېسىل خاراكتېرنىڭ بىز ئۈچۈن ھاياتىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. مىراج كېچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈرىكى پەرىشتە جىبرىئىل تەرىپىدىن پاكلىنىپ، جەننەتنىڭ 7-دەرىجىسىگە چىقىرىش ئۈچۈن يۈرىكىنى بىلىم ۋە ئېتىقاد بىلەن تولدۇردى، شۇنىڭ بىلەن 5 ۋاخ ناماز چۈشۈرۈلىدۇ. مانا بۇ «بىلىم ۋە ئېتىقاد (ئىشىنىش)» بىزنىڭ ياخشى خاراكتېر شەكىللەندۈرۈشىمىز ئۈچۈن مۇھىم ۋە بولۇشقا تېگىشلىك. بۇ توغرىسىدا ئەرەبلەردە مۇنداق بىر ماقال-تەمسىلمۇ بار: «بىلىم ۋە ئىمان (تەقۋا) -- كۈچ». ھەم مەكتەپلەردە «بىلىم -- كۈچ» دەپ كۆپ ئوقۇغان ئىدۇق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم كۆكرىكىدە بىر پارچە گۆش بار، ئەگەر ئۇ تۈزەلسە، تەننىڭ ھەممە يېرى تۈزۈلىدۇ . ئۇ بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ قەلبتۇر.» يۈرەكنىڭ ئادەمنىڭ فىزىيولوگىيەلىك قۇرۇلما ۋە نورمال ساغلاملىقىغا بولغان تەسىرىدىن قارىساقمۇ بۇ ھەدىسنىڭ نەقەدەر توغرا ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. مەنىۋى جەھەتتىكى ئەھمىيىتىنى بولسا مەۋلان ئەپەندى ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرۈپتۇ ."مەنىۋى قەلبنىڭ بىر پارچە ئەت (گۆش) دەپ ناملانغان ئىنسان تېنىدىكى ئاشۇ ماددىي قەلب ئىچىدە بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. شۇنداقلا بۇ يەنە، ئىنسان تېنىدىكى جىمى ئەزالارنىڭ مۇتلەق رەئىسىنىڭ، قوماندانىنىڭ ئاشۇ ماددىي قەلبتە مەركەزلەنگەن مەنىۋى قەلب ئىكەنلىكى، ئۇ بىر پۈتۈن ئىسلاھ قىلىنغاندا، ئەزالارنى ئىسلاھ قىلىش ئىشقا ئاشىدىغانلىقى، يەنى ئىنساننىڭ سائادىتى بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ھالاكىتىدە جىمى تەننىڭ ھالاكىتى يەنى ئىنساننىڭ بىر پۈتۈن ھالاكىتى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ."

نۇرغۇن كىشىلەر ھاياتنىڭ ياشاش مەقسىتى بولسا بەخت دەپلا چۈشىنىدۇ. ھەم ئۆزى قىزىققان نەرسىلەرنى ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ مۇھىم دەپ ئويلايدۇ. ناخشىچىلارغا ۋە ھەرخىل ئويۇنلارغا مەستانە بولۇپ قالىدۇ. كەلگۈسىنى ۋە ھەقىقەتنى كۆرۈپ يېتەلمەيدۇ. بۇ توغرىسىدا سۇلايمان پەيغەمبەردىن قالغان مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆز بار: «ئاشىقلىق بىلەن ئەقىل بىر-بىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ». بىر نەرسىگە ئاشىق بولغانلارنىڭ ئەقلى توسۇلىدۇ. بۇ خىل ئاشىقلىق كېسەللىنى داۋالاشنىڭ دورىسى قەلبتە-يۈرەكتە، بىر ئەقىل-ئىدراك كۆزى بىلەن قاراشتا (cognitive reason).

قۇرئاندىمۇ ھەقىقىي بەختنىڭ بىلىم ۋە پاكلىقتىن كېلىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. يەنە بەخت ۋە بەختسىزلىك ھەققىدە «كىم روھىنى پاك قىلسا بەختلىك، چىركىلەندۈرسە بەختسىز» بولىدىغانلىقىنىمۇ سۆزلىنىدۇ. يۈرەكنى پاكلاش ھەققىدە ئەڭ مۇكەممەل ۋە ياخشى يېزىلغان ئەسەر مەنچە يۈسۈپ ھەمزەنىڭ ئەسىرى [6]. ئوقۇرمەنلەر بۇنى كۆرۈپ پايدىلانسا بولىدۇ. دۇنيا نەپسىنى بۇرۇنقىلار ئىبزىتقۇ «شەيتان» غا ئوخشىتىدۇ، ھەم ئۇنى قاندۇرۇشنىڭ چېكى يوق. بۇ نەپسى توغرۇلۇق نۇرغۇن ماتېرىياللار يېزىلدى. شۇڭا مەن بۇ نۇقتىنى سۆزلىمەستىن ئۆزۈم يازغان بىر شېئىر ئارقىلىقلا تۈگىتىمەن:

كېچىكمەس ھەر ئىش قىلىمەن دېسە،
يېتەلمەس مەڭگۈ غەپلەتتە يۈرس.
ئالسا بىلىم كېلەر كۈتكەن كۈن،
يۈتەر تويماس نەپسىنى كۈتسە.

## 4. يۈرەك ماسلىششچانلىقىنىڭ (heart coherence) ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى مۇھىملىقى ۋە تەسىرى

يېقىندىن بىر كىشىلىك ماسلىششچانلىق (personal coherence) دېگەن بىر تەتقىقات ئىلمى شەكىللىنىۋاتىدۇ. ئائىلىدە ۋە جەمئىيەتتە بىزنىڭ بارلىق ئالاقە ۋە نۇرغۇن ئىشلاردا بىرلىك ھەم ماسلىششچانلىق بار. بىرلىكتە ئىش قىلغان گۇرۇپپا مەيلى پۇتبولدا بولسۇن ياكى خىزمەتتە بولسۇن، ئادەمنىڭ ئەقلى سىغمايدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتىدۇ. ئۆزدىكى يۈرەك ماسلىششچانلىقى (heart coherence) بولسا كىشىلىك ماسلىششچانلىقىدا (personal coherence) بىر باغلانما رولىنى ئوينايدۇ، ھەم ئائىلە، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ھەتتا جەمئىيەتكىمۇ ياخشى تەسىرى بولىدۇ دەپ قارىلىۋاتىدۇ. ئەگەر بىر گۇرۇپپىدىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ يۈرىكى ماسلىششچانلىق ھالەتتە ئوخشاش سوقسا بىر كۈچلۈك دولقۇنسىمان تەسىر (resonance) ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەگەر ماس كەلمىگەن ھالەتتە سوققاندا، ئاجىز بولۇپ دولقۇنسىمان تەسىر (resonance) شەكىللەنمەيدۇ. تولۇق ئوتتۇرىدىكى دەرسلىكتە بىر تۈركۈم گېرمان ئەسكەرلىرىنىڭ، ئوخشاش بىر قەدەمدە مېڭىپ بىر كۆرۈكنى سۇندۇرۇۋەتكەنلىكىنى سۆزلىگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە .

بىز بالىمىزنىڭ ئىسمىنى تاللاش، كىيىم-كېچەك ئۈچۈن ۋە ئۆيلىرىنى بېزەش ئۈچۈنلا شۇنچە كۆپ ۋاقتىمىزنى سەرپ قىلىمىز، ئەمما ئۇلارنىڭ ياخشى خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە بىر جەھەتتىن قىزىقتۇرۇپ كەلگۈسى ئۈچۈن يېتەكلەشكە سەل قاراپ قالىمىز. بالىلارنى چوڭ قىلىشنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئەمەس، ئەسلى بالىلارنىڭ ياخشى خاراكتېرىنى ۋە كەلگۈسىنى شەكىللەندۈرۈش ھەممىدىن مۇھىم ئىشتۇر. بىز بالىلارنى قاتتىق باشقۇردۇم دەيمىز، ئەمما تەربىيەلەپ توغرا يولغا يېتەكلەش ۋە ھەر ئىشلاردا ئىلھاملاندۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويالمايمىز. پۈتۈن دۇنيادا بالىلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش «ئاق قەغەز» دەك پاك تۇغۇلىدۇ. ئەمما ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئاستىدا بالىلار ئوخشاش بولمىغان دىن، تىل ۋە ئۆرپ-ئادەت قېلىپى ئىچىدە چوڭ بولىدۇ، ھەم شۇ خىل دىن، تىل ۋە ئادەت شەكىللەندۈرىدۇ. ئەگەر بالىلارنى ھەرخىل ئويۇنلارغا ئاپىرىپ، ناچار ئىشلارغا كۆنۈپ قېلىپ، ئەمدى چوڭ بولغاندا «ئۇنداق قىلما، ئىچمە، چەكمە!» دېسەك ئەسقاتمايدۇ. «ئاتا-ئانىدىكى ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەت بالىغا قالىدىغان مىراس». شۇڭا ھەممە ئىشلاردا ئۆزىمىز ئۈلگە بولۇشىمىز كېرەك. يانا، مەن يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك يۈرەك ماسلىششچانلىقىدىن (coherence)، ئائىلە ماسلىششچانلىقى شەكىللىنىدۇ.

بۇ ئائىلە ماسلىششچانلىقى كېڭىيىپ ھەتتا جەمئىيەت ماسلىششچانلىقىنى شەكىللەندۈرىدۇ . چۈنكى ئادەمنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى ھەتتا پۈتۈن جەمئىيەتكىمۇ دولقۇنسىمان تەسىر -- رېزونانس (resonance) پەيدا قىلالايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم پارىخور يامان نىيەتلىك بولسا نۇرغۇن ئادەمنى خاتا يولغا باشلايدۇ، جەمئىيەتتە شۇ كىشىنىڭ ئەتراپىدا بارچە چىركىنلىك ئەۋج ئېلىشقا باشلايدۇ. ھەقىقەتەن مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن ئىشلارغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. ھەتتا ھازىرقى زاماندىكى كىچىك بالىلارمۇ ئۇنى ئاڭلىسا خىيالى چۈشتەك، ئۇنى خاتا دەپ ئىشەنمەيلا قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ زامانلاردا شۇ ئىشلارنى قىلغانلارنىڭ يۈرىكى شۇ ئىشلارغا تەربىيەلىنىپ /كۆندۈرۈلۈپ (Training)، شۇ ئىشلارنى توغرا دەپ قوبۇل قىلغان. ھەتتا پۈتكۈل زېھنىنى، ۋاقتىنى ۋە يۈرەك قەلبىنى شۇ پۈچەك ئىشلارغا سەرپ قىلغان. چۈنكى ئۇ زامانلاردا بىلىمسىزلىك كۆپ بولۇپ، ھەقىقەتچىلەر ناھەقچىلىككە ئۇچرىدى. مەسىلەن مېنىڭ چوڭ داداممۇ بۇنىڭ ئىچىدە. ئانامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن چوڭ دادام كورلىدا باشلىق بولۇپ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ باياشات تۇرمۇش قۇرۇشىغا يول ئېچىپتۇ. نۇرغۇن چۆللەرنى باغ قىلىپتۇ. ھەتتا بىر كۈندە بىر كۆۋرۈك قۇرۇپتەلەيدىكەنتۇق. ئانامغا چوڭ دادام چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئەكېلىپ «سېنى شۇ يەردە ئوقۇتىمەن» دەپ تىنىماي سۆزلەيدىكەندۇق. مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ، كورلىنى گۈللەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭدى» دەپ، چوڭ دادام ھەر كۈنى جازاغا تارتىلىپ، بۇ ئېغىر جازالاردىن ھەم تۆھمەتلەردىن ناھەق قاماقتا ئۆلۈپ كەتتى. چوڭ دادام تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن، مەن ئانامنىڭ ئۈمىدى بولۇپ تۇغۇلدۇم. گەرچە

تۇرمۇشىمىز جاپالىق بولسىمۇ، ئانام ماڭا ھەر دائىملا «چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى» نىڭ گېپىنى قىلىدىغان بولغاچقا، مەندە چوقۇملا «چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى» غا بېرىپ ئوقۇش ئىرادىسى شەكىللەنگەن ئىدى. گەرچە مەن «چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى» غا بارالمىساممۇ، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ ئۈلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالىدىم، دەپ ئويلايمەن.

نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەردىكى پارىخورلۇق ۋە چىرىكلىكنىڭ بىۋاسىتە نامراتلىق بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى، چىرىك بولمىغان دۆلەتلەرنىڭ باياشات ئىكەنلىكىنى تۇرلۇك دۆلەتلەرنىڭ دۇنيادىكى ئورنىدىنلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنە بىر ياخشى مىسالى: جەنۇبىي كورېيەنىڭ ئىقتىسادى 60 - 70 يىل ئىلگىرى ئافغانىستان ئىقتىسادىغا تەڭ كېلەتتى. ھەتتا ئەنگلىيە ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرىدىن ھەرخىل تېخنىكا كىرگۈزۈشكە ئىقتىسادى ئاجىز بولغاچقا، پاكىستاننىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش (ئەنگلىيەدىن قالغان) تۈزۈمىنى ئۆگەنگەن ۋە ھەم ئۇلارنى تەكلىپ بىلەن ئىشلەتكەن. ھازىر مەن سۆزلىمىسەممۇ ھەممە ئادەم ئۇ دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنى ياخشى بىلىدۇ. ھەقىقەتەن بىرنەچچە شىركەتلەر ۋە شۇ شىركەتنى قۇرغان كىشىلەرلا پۈتۈن دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يول ئاچتى، ھەم دۆلىتىگە شان-شۆھرەت ئېلىپ كەلدى (2006 - يىلى خەلقئارالىق بىيومېدىكال يىغىنغا بىرىتانىيەدىن جەنۇبىي كورېيەگە بارغان ۋاقتىمىزدا، ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىناقلىق، بىر-بىرىگە بولغان ھۆرمەت، بىلىمگە بولغان ئىشتىياق ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. ھەتتا ھاياجان ئىچىدە 3-2 كۈن ئۇخلىيالماي قالغان ئىدىم. ئەنگلىيەدىن مەن بىلەن بىللە بارغان ئۆزىنى ئەڭ چوڭ تۇتىدىغان ئىنگلىز پىروفېسسور مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەگەر بۇ كورېيەلىكلەر بىزنىڭ بۇ شەھەردىكى قالايمىقانچىلىقنى كۆرسە بىزنى ‹مەدەنىيەتسىز› دەپ قالغۇدەك»). مانا 70 يىل ئىلگىرىدىكى مەدەنىيەتسىز ھالەتتە قالغان يوقسۇل بىر دۆلەت، باشقۇرۇش ئىلمىنى ئۆگەنگەن پاكىستاندىن ھازىر ئاسمان-زېمىن پەرق شەكىللەندۈرۈپ، قەدىمكى مەدەنىيەتلىك دەپ ئاتالغان نۇرغۇن دۆلەتلەرنى كۆپ جەھەتتە ئارقىدا قالدۇردى.

## 5. ئوچۇق كۆڭۈل بولۇش (Open mind)

بىز ئۆز قەلبىمىزگە ئىگە بولالمىغاندا ۋە ئەقلىمىز يەتمىگەندە، بىزنىڭ يۈرىكىمىزدە قورقۇنچ پەيدا بولىدۇ. «مېنى بىلمەس دەپ ئويلاپ قالارمۇ، مېنى كونترول قىلىۋالارمۇ؟» دەپ، مىڭ خىيالغا چۆكىمىز، ياكى ئۆزىمىز بىلگىنىمىزنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزنى ئاتىمىز. ناماز ئوقۇغاندا قولنى قانداق تۇتۇش توغرۇلۇق شۇنچە كۆپ مۇنازىرە بولىدۇ ،ئەمما شۇ كىشىدە يۈرەك (نىيەت) توغرۇلۇق ۋە ياراتقۇچىمىز توغرۇلۇق مۇكەممەل چۈشەنچە يوق. ئەمەلىيەتتە تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن مەشھۇر كىشىلەر ئوچۇق كۆڭۈل كىشىلەردۇر، مەسىلەن مەسىلەن ئىسلام ئالىمى مەۋلانە رۇمى. مەۋلانە رۇمىنىڭ «كەل» (Come) دېگەن شېئىرى مىسال بولالايدۇ. يەنە يېقىنقى زاماندىكىلەردىن ئېيتساق، ئامېرىكىنىڭ پىرېزىدېنتى توماس جېففېرسون، لىنكولىن، ئوباما قاتارلىقلار باشقا دىندىكىلەر بىلەن ھۆرمەت بىلەن پىكىرلەشكەن، ھەم باشقىلارنى «سەن خاتا، مەنلا توغرا» دەپ رەت قىلىۋەتمىگەن، ھەم مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتمىگەن. جاھىلىيەت دەۋرنىڭ ئاساسلىق خاراكتېرىمۇ جاھىللىق ۋە ھەقنى قوبۇل قىلماسلىق ئىدى. چۈنكى ئوچۇق كۆڭۈل كىشىلەرلا توغرا-خاتا مەسىلىدە، ھەقنى كۆرەلەيدۇ ۋە قوبۇل قىلالايدۇ. بۇ توغرىسىدا شائىرىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ رۇبائىيلىرىمۇ مىسال بولالايدۇ:



## 6. خۇلاسە: قەلبنى ئىشەنچ بىلەن تولدۇرۇپ مۇكەممەللەشتۈرۈش

يۈرىكىمىز بىر هايات سائىتى، تىكىلداپ سائاپ تۇرىدۇ، ئەمما هاياتىمىز ئاخىرلاشقان كۈنى ساناشتىن توختايدۇ. ئەپسۇس هېچكىم بۇ سائەتنىڭ قاچان توختىشىنى بىلمەيدۇ. بەلكىم بىز قېرىغاندا، ياكى ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا، ۋە ياكى ياش هەم ساغلام تۇرۇپلا ئۆلۈپ كېتىمىز. يۈرەكنىڭ هەر بىر سوقۇشى پەقەت ۋە پەقەتلا بىرلا قېتىم بولىدۇ.

هەممە ئادەم ئۆلىدۇ. بۇ بىر هەقىقەت. ئۆز روهىمىز ئۇ سەپەرگە يول ئېلىشتىن بۇرۇن — «مىراج» نى تەقلىدى شەكىلدە ئويلاڭ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆز يۈرىكىمىزنى پاكلاپ، دۇنيادىكى بۇلغىنىشتىن ساقلاپ، قەلبىمىزنى «بىلىم ۋە ئېتىقاد (ئىشەنچ)» بىلەن تولدۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ هايات سەپىرىدە بىلىم ۋە ئېتىقاد (ئىشەنچ) بىز ئۈچۈن خۇددى بىر كومپاستەك توغرا يولنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بىز ئۆزىمىزنى تولۇق كونترول قىلالىغاندا ۋە ئۇ بەدەن ۋە روهىمىزنىڭ كاپىتانلىق ۋە شاهلىق رولىنى تولۇق ئىجرا قىلدۇرغاندا، ئۆز هېسسىياتىمىز، پىكىر-خىيالىمىز، ئويلىرىمىز، قابىلىيىتىمىز ۋە بەخت هېس-تۇيغۇمىزنىڭ ئىگىسى بولالايمىز، هەم هەقىقىي ئارزۇيىمىزدەك بىر مودېل (قەلب ) شەكىللەندۈرەلەيمىز. ئاخىرىدا بىز ئۆز خاراكتېرىمىزنىڭ هەم هايات قىسمىتىمىزنىڭمۇ ئىگىسى بولالايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن تۈزۈم-تەربىيە ۋە هەرىكەت كېرەك، بىلىم ۋە هەقىقەتنى بىلمەك كېرەك. شۇ ئارقىلىقلا يۈرەك ماسلىشىشچانلىقى يارىتالايمىز، ۋە ئاخىرقى نىشانى بولغان بىر گۈزەل خاراكتېرنى شەكىللەندۈرەلەيمىز. بۇ ئۆزىمىزنىڭ ئائىلىسى ۋە جەمئىيەت ماسلىشىشچانلىقى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق. بىز قانچە پاك بولغاندا، كۆڭۈل ئەينىكىمىزمۇ شۇنچە روشەن بولىدۇ، هەقىقەت نۇرى بىلەن يورۇپ نۇر چاچىدۇ، هەم هەقىقىي بەختنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۇلۇك قولۇمنى سول كۆكرىكىمگە (يۈرەك ئۈستىگە) قويغان هالدا ئۇيغۇرلىرىمىزغا سالام!!

2023 -يىلى 24 - دېكابىر، كانادا

### پايدىلىنىش مەنبەسى:


1. The Heart-Brain Connection: The Neuroscience of Social, Emotional, and Academic Learning https://www.youtube.com/watch?v=o9fVvsR-CqM

2. https://www.heartmath.org/programs/emwave-self-regulation-technology-theoretical-basis/

3. http://www.heartmath.com/wp-content/uploads/2014/04/coherent_heart.pdf

4. http://www.coherenceinhealth.nl/usr-data/general/verslagen/Verlsag_Rollin_McCraty.pdf

5. http://www.heartmath.com/wp-content/uploads/2014/04/coherent_heart.pdf

6. http://data.nur.nu/Kutub/English/Hamza-Yusuf_Purification-of-the-Heart.pdf

7. https://en.wikiquote.org/wiki/James_Clavell

8. https://www.mamatjanlab.com

9. https://bilimkuch.org


ئەگەر خەلققە هۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدىكەنسەن،
بارلىق سۆز-هەرىكىتىڭ بىلەن ياخشىلىق قىل.

«يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ نەسىهەتلىرى (1001 هېكمەت)» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى

# ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى قەدىمكى رېتسېپلاردىن پارچە

### «تېبابەتچىلىككە ئائىت يازما يادىكارلىقنىڭ پارچىسى» ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە ئائىت يازما يادىكارلىق پارچىلىرىنى گېرمانىيەسىنىڭ 3 - قېتىملىق، تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۇرپاندىن قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، ھازىر بېرلىندا ساقلانماقتا.

بۇ يازما يادىكارلىقلار، گەرچە قۇچۇ ( ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى « ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى _ مىلادى 850 - يىلى قۇرۇلغان » دەۋرىدە كۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا كۆرسىتىلگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى ۋە دورىگەرلىككە ئائىت تەجرىبىلەرگە قاراپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ۋە دورىگەرلىكىنىڭ ناھايىتىمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز .

بۇ ھەقتە خەلقئارالىق تارىخ تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە نوپۇزلۇق تارىخ ژۇرناللاردىمۇ ( ئۇيغۇر قەدىمكى زامان مىللىي تېبابىتى ۋە دورىگەرلىكى ھەققىدە ) ئاز بولمىغان تەتقىقات ماتېرىياللىرى ئېلان قىلىنىپ خەلقئارادا زور تەسىر قوزغىغان. مەسىلەن : تۈركىيەلىك رەشىت رەخمەتى ئارات 1930 - يىلى SBAW ( بېرلىن پروسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ كونفېرېنسىيىسىدە قىلىنغان دوكلاتىنىڭ پەلسەپە تارىخ قىسمى ) نىڭ 1، 451 _ 473 - بەتلىرىدە ۋە 1932 - يىل SBAW نىڭ 2، 401 _ 488 - بەتلىرىدە ئۆز تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان.

تۆۋەندە بۇنىڭدىن 1000 يىللار مۇقەددەم ئىلگىرى ئۇيغۇر ( ئىدىقۇتتا ) ئېلىدە قوللىنىلغان ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكى ۋە رېتسېپلىرىنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ئاز بىر بۆلەك قىسمىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

ئەسكەرتىش: بۇ يەردە ئاددىي ھەم چۈشۈنۈشلۈك بولسۇن ئۈچۈن، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلار ئېلىنمىدى.

## 1 - بۇرۇن كېسەللىكىنىڭ داۋاسى

(1) بۇرۇن قانىغاننىڭ داۋاسى: ياش كۈنجۈت ئۇرۇقىنى سوقۇپ، سۈيىنى چىقىرىپ بۇرۇنغا ئۈچ قېتىم تېمىتسا قان توختايدۇ. يەنە : كىرپە تېرىسىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى بۇرۇنغا پۈركۈپ بەرسە قان توختايدۇ.

(2) بۇرۇن ئىچىدىكە ئۆسمە گۆش چىقىپ نەپەستىن قىينالسا، بۇرۇن ئاغرىسا __ قىزىل باغىر ( قىزىل مىس؟ ) بىلەن يار ئىككىسىنى يۇمشاق، ئاندىن ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ بۇرۇن ئىچىدىكە تىقىپ بەرسە ئۆسمە گۆش چۈشۈپ كېتىدۇ.

## 2 - يۈرەك سىقىلىش ۋە دەم سىقىلىشنىڭ داۋاسى

(1) يۈرەك سىقىلىش ۋە دەم بوغۇلۇشنىڭ داۋاسى: ئانار ئۇرۇقى، قارا تۇز، پىششىق سىڭىر، سېرىق چاكاندىلارنى تەڭ مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ شورپا بىلەن ئىچىپ بەرسە يۈرەك سىقىلىش، دەم بوغۇلۇشنى داۋالايدۇ.

(2) توغراق يېلىمىنى يۇمشاق سوقۇپ بوغۇزغا قۇمۇشى بىلەن پۈركۈپ بەرسە ئۆڭشىلىپ كېتىدۇ.

(3) قاربا تۇبىن يۇمغاقتىن ( بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى ) ئىككى باقىرنى ( باقىر - مىسقال ) ئىككى باقىر پىششىق سىڭىر بىلەن قوشۇپ، ھەر كۈنى سەھەردە مۇسەللەس ياكى بوزا بىلەن ئىچىپ بەرسە، دەم سىقىلىش ساقىيىدۇ.

(4) تۆگىنىڭ ئۆپكىسىنى قۇرۇتۇپ سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، دېمى سىقىلغان ئادەمگە ئىچۈرسە، دەم سىقىلىش ساقىيىدۇ.

## 3 . كۆز ئاغرىقىنىڭ داۋاسى

(1) قارا ياغاچ قوۋزىقىنى چوشقا ئۆتى، ئۆچكە ئۆتى، توشقان ئۆتى ( بۇ ئۈچىلىسىنىڭ قايسىسىلا بولسا بولۇۋېرىدۇ ) بىلەن كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى سۈغا ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە سۈرتۈپ بەرسە، تېز ساقىيىدۇ.

(2) كىمنىڭكى كېچىسى ياخشى كۆرمىسە ( نامازشام قارىغۇسى بولسا ) قارا ئۆچكىنىڭ يېتىم جىگىرىنىڭ ئىچىدىكە قارىمۇچ سېلىپ ئوتقا كۆمۈپ، كۆپۈكىنى ئېلىپ كۆزگە سۈرتۈپ بەرسە، كېچىسى ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ.

(3) كەكلىك ئۆتىنى شېكەر بىلەن تەڭ ئۆلۈشتە قوشۇپ كۆزگە سۈرتۈپ بەرسە، كۆرمەس بولۇپ قالغان كۆز يەنە ئېچىلىدۇ، ساقىيىدۇ.

(4) كەكلىك ئۆتىنى قۇرۇتۇپ سوقۇپ مۇسەللەس ياكى بوزىغا قوشۇپ ئىچىپ بەرسىمۇ ( بۇنداق مۇسەللەس ياكى بوزىنى ئىچسە كىشىنى مەست قىلمايدۇ ) كۆرمەس بولۇپ قالغان كۆز ساقىيىدۇ.

(5) كۆز غۇۋالىشىپ كۆزدىن سوغۇق ياش كۆپ ئاقسا، كالا ئۆتىنى كۆزگە سۈرتۈپ بەرسە، كۆز ئېنىق كۆرىدىغان بولىدۇ.

(6) ئەگەر كۆزدىن ئىسسىق ياش ئاقسا، خام

شىپكەر بىلەن سېرىق مانگونى ئارىلاشتۇرۇپ ئىنەك مېيى بىلەن قوشۇپ بۇرۇنغا تۇتۇپ بەرسە، ئوڭشىلىپ قالىدۇ.

(7) توشقان مېڭىسى ۋە كالا ئوتىنى ( مۇشۇ يېرى ئېنىقسىز - كالا ئوتىمۇ ياكى كالا ئۆتىمۇ ئېنىق دېيەلمىگەن ) ئىنەك مېيى بىلەن قوشۇپ ماڭلايغا سۈرتۈپ بەرسە، ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.

(8) كۆز زورۇقۇپ ياشاڭغۇرىسا، بېلىق ئۆتىنى كۆزگە، ماڭلايغا سۈرتۈپ بەرسە، ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.

(9) كۆز زەخمىلىنىپ كۆرمەس بولۇپ قالسا، چۈۋۈت ( مۇلەن ) نى سۇدا ئېزىپ ماڭلايغا سۈرتۈپ بەرسە، ئوڭشىلىپ ئېچىلىپ كېتىدۇ.

## 4 . پۇت ئاغرىقىنىڭ داۋاسى

كۆنجۈتنى قورۇپ ياخشى سوقۇپ، قوي سۈتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئاغرىغان يەرگە يېقىپ بەرسە، يەلدىن بولغان پۇت ئاغرىقى ئوڭشىلىدۇ.

## 5 . زۇكامنىڭ داۋاسى

(1) ئەگەر كىمىكى تۇمۇ «زۇكام» تېگىپ ساقايمىسا، پىياز يىلتىزى بىلەن سامساق يىلتىزىنى سوقۇپ ئۇنىنى پاكىز ماي بىلەن يۇغۇرۇپ ئىسلانسا، ھەرقانداق تۇمۇ «زۇكام » غا پايدا قىلىدۇ.

(2) ئەگەر كىمىكى ئۈنى پۈتۈپ قېلىپ ئاۋازى چىقماس بولۇپ قالسا، بىر سۈڭچە ئۈزۈم تېلىنى دەل ئوتتۇرىدىن يېرىپ ئىچىدىكى يۇمشىقىنى چىقىرىۋېتىپ ، ئۇنىڭ ئىچىگە قىداي سىمىقىنى « قىداي سىمىقى __ بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى » چالا - بولا سوقۇپ ئۈچ - تۆت چىمدىم قارىمۇچ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سېلىپ، ئاندىن ئۈزۈم تېلىنى جىپسىلاشتۇرۇپ يىپ بىلەن تېڭىپ، ئۇنىڭ سىرتىغا قەغەز يۆگەپ ئىسسىق كۈلگە كۆمۈپ، ئۈزۈم تېلىنىڭ يېرىلغان يېرى تۇتاشقاندىن كېيىن قەغەزنى سويىۋېتىپ، ئوتتۇرا چىش بىلەن چىشلەپ، ئېغىزنى ئاچماستىن شەربىتىنى ئىككى - ئۈچ قېتىم شورىسا، ئۈنى ئېچىلىپ كېتىدۇ.

## 6 . باش ئاغرىقىنىڭ داۋاسى

(1) قىزىل ۋە ئاق چىنىدانلارنى قارىمۇچ، ئىنەك يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ماڭلايغا سۈرتۈپ بەرسە، باش ئاغرىقى ساقىيىدۇ.

(2) كۆنجۈت مېيى بىلەن ئىپارنى ئازراق قىزىتىپ بۇرۇنغا تېمىتىپ بەرسە، باش ئاغرىقى ساقىيىدۇ.

(3) قىزىل چىنىدان، ئاق چىنىدان، قۇشىدى «قۇشىدى __ بىرخىل دارا ئۆسۈملۈكى» تېۋىلغا، سېرىق كۆجىلەرنى ئىككى باقىر « باقىر __مىسقال » دىن ئارىلاشتۇرۇپ كۆنجۈت يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ ماڭلايغا سۈرتۈپ بەرسە، باش ئاغرىقى توختايدۇ.

## 7 . قوتۇر كېسىلىنىڭ داۋاسى

(1) يۇلدۇرغان « يۇلدۇرغان _ بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى » نىڭ ياش چېچەكىنى يۇمشاق سوقۇپ بىر قوشۇق ئېلىپ، ئۇنى بىر ئاپقۇر قېتىقتا قوشۇپ ئاچ قورساققا ئىچسە، قوتۇر كېسىلى ساقىيىپ كېتىدۇ.

(2) يەنە بىرى __ يولدۇرغاننىڭ قۇرۇق چېچەكىدىن بىر باقىر « باقىر _ سەر » نى يۇمشاق سوقۇپ ئۇسسىغاندا ئىچىپ بەرسىمۇ، قوتۇر كېسىلى ساقىيىپ كېتىدۇ. ئەمما كۆپ ئىچىۋەتسە بولمايدۇ.

(3) چوشقا ئۆتىنى ئۇدا ئۈچ سەھەر ئاچ قورساققا ئىچىپ بەرسە، قوتۇر كېسىلى ساقىيىپ كېتىدۇ.

## 8 . مەيدە ئاغرىقىنىڭ داۋاسى

نوقۇتچا « نوقۇتچا __ پۇرچاقنىڭ بىر خىلى » نى يۇمشاق سوقۇپ، سوغۇق سۇ بىلەن ئىچىپ بەرسە، مەيدە ئاغرىقى ساقىيىپ كېتىدۇ.

## 9 . قولتۇق پۇراشنىڭ داۋاسى

مەگەركى كىمنىڭ قولتۇقى پۇرىسا، ئۆپكىنى يەنچىپ ئۇدا ئۈچ كۈن قولتۇقىغا يېقىپ «سۈرتۈپ » بەرسە قولتۇقى پۇرمايدىغان بولىدۇ.

## 10 . يامان جاراھەتنىڭ داۋاسى

(1) قايسى كىشىگە يامان يارا «جاراھەت» چىقسا، نوشۇدۇر يىلىمنى قۇرۇت بىلەن قوشۇپ، يارا ئۈستىگە يېقىپ بەرسە، ساقىيىپ كېتىدۇ.

(2)ئېغىز ئالمايۋاتقان يارىغا ئىنەكنىڭ، قوينىڭ، مۈڭگۈزىنى سوقۇپ يېقىپ «سۈرتۈپ، سېپىپ» بەرسە، پات ئېغىز ئېلىپ ساقىيىپ كېتىدۇ.

(3) ئۇن يىللاپ ساقايمىغان جاراھەتكىمۇ ئۆپكىنى يەنچىپ سۈرتۈپ « سېپىپ » بەرسە، ساقىيىپ كېتىدۇ. ناۋادا بۇنىڭدىمۇ ساقايمىسا، قارا ئۇننى يار تۇزى بىلەن يۇغۇرۇپ، خېمىرىنى جاراھەتكە تېڭىپ « چاپلاپ » بەرسە ساقىيىپ كېتىدۇ.

## 11 . يانپاش ئاغرىقىنىڭ داۋاسى

قايسى كىشىنىڭ يانپېشى ئاغرىسا، ياۋا كەپتەرنىڭ مايىقىنى قارا ئۇن بىلەن يۇغۇرۇپ، خېمىرىنى يانپېشىغا ئۈچ كېچە يېقىپ « چاپلاپ » بەرسە، ساقىيىپ كېتىدۇ.

## 12 . قورساق ئاغرىقنىڭ داۋاسى

(1) قالغاچ ئۇۋىسىدىكى توپىنى سۈت بىلەن قوشۇپ ئىچسە، ساقىيىدۇ.

(2) تولغاق بولۇپ ساقايمىسا، سۆڭ پىيازنىڭ پوستى بىلەن يىلتىزىنى سوقۇپ قېتىققا قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، ساقىيىپ كېتىدۇ.

## 13 . چىش ئاغرىقنىڭ داۋاسى

(1) ئۈچ ياشلىق قارا كالىنىڭ تېزىكىنى تاۋىدا قۇرۇتۇپ چىشقا ياقسا، ئاغرىق توختايدۇ.

(2) چىشنى قۇرۇت يېگەندە ئۈزۈم سىركىسى « ئاچچىق سۈيى » بىلەن ئېغىزنى چايقاپ بەرسە، ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

(3) بىر مىسقال قارىمۇچنى سىركە «ئاچچىق سۇ » بىلەن قاينىتىپ، سوۋۇتۇپ ئېغىزغا ئېلىپ بەرسە، چىش ئاغرىقى توختايدۇ.

(4) پىششىق سىڭىرنى سۇ بىلەن قاينىتىپ ئېغىزغا ئېلىپ بەرسە، چىش ئاغرىقى توختايدۇ.

(5) سېرىق ئۆرۈك مېغىزىنى سوقۇپ مۇسەللەس ئارىلاشتۇرۇپ بىلەن ئېغىزنى چايقاپ بەرسىمۇ چىش ئاغرىقى توختايدۇ.

## 14 . تېرە كېسىلىنىڭ داۋاسى

(1) يۈزنى ئۇششاق دانىخورەك بېسىپ كەتسە، توخۇ تۇخۇمىنى بىلەن توخۇ ئۆتىنى يۈزگە سۈرتۈپ بەرسە، دانىخورەك ساقىيىپ كېتىدۇ.

(2) كىمنىڭ تېنىگە سۆگەل چىقسا، ئىككى كۈنلۈك ئاينى كۆرگەندە يەرگە سىيىپ لىيىنى ئېلىپ سۆگەلگە سۈرتسە، سۆگەل يوقايدۇ.

(3) قايسى كىشى ئالا ئەت « پىسە » بولۇپ قالسا، بەدىنىنى يېرىپ - ئېزىپ سۈيىنى پىسە بولغان يەرگە سۈرۈپ بەرسە، ئالا ئەت يوقايدۇ.

(4)تۆگە سۈيدۈكىنى باشقا سۈرتسە، باشتىكى كېپەك يوقىلىدۇ.

## 15 . كالىلدىكى كېسەلنىڭ داۋاسى

(1) كىمنىڭ كەنجى ئوغلى ئاجىز بولۇپ قالسا، ئەشكەك تۈزى « بىر خىل دارا ئۆسۈملۈكى» نى بېشىغا تېڭىپ بەرسە، ساغلام بولىدۇ.

(2) ساراڭ بولۇپ «ئېلىشىپ» قالغان ئادەمگە بۇغا مۈڭگۈزىنى يۇمشاق سوقۇپ سۇ بىلەن قوشۇپ ئىچۈرۈپ بەرسە، ئۆڭشىلىپ كېتىدۇ.

## 16 . قۇلاق كېسىلىنىڭ داۋاسى

(1) قۇلاققا كىر توشۇپ قېلىپ ئاڭلاشقا تەسىر قىلسا، قارىغۇ چاشقاننىڭ ئۆتىنى تېمىتىپ بەرسە، قۇلاق ئېچىلىدۇ.

(2) ئۆلۈك مۇشۇكنىڭ يېغىنى ئېرىتىپ سۈرۈپ بەرسىمۇ، قۇلاق ئېچىلىدۇ.

## 17 . غالجىر كېسىلىنىڭ داۋاسى

(1) بۆرىنىڭ سۆڭىكى بىلەن تىلىنى قۇرۇتۇپ، غالجىر ئىت چىشلىۋالغان كىشىنىڭ بېشىغا سۈرتۈپ بەرسە، ئۆڭشىلىپ كېتىدۇ.

(2) غالجىر ئىت چىشلىۋالغان كىشىگە، ئۆلۈرنىڭ مېڭىسىنى يېگۈزسە ئۆڭشىلىپ كېتىدۇ.

## 18 . سىيگەك كېسىلىنىڭ داۋاسى

(1) سىيگەك كىشىگە تۆگە گۆشىنى ئارپا يارمىسى بىلەن قاينىتىپ ئۇگرە قىلىپ بەرسە، ئۆڭشىلىپ كېتىدۇ.

(2) قايسى كىشىنىڭ تەرىتى قان كەلسە، ئۇجمە ، قۇرۇق ئۈزۈم سۈيىنى ھەركۈنى سەھەردە ئىچۈرۈپ بەرسە، ئۆڭشىلىپ كېتىدۇ.

(3) كىمنىكى قان سىيىدىغان بولۇپ قالسا، پىيازنى پۇشۇرۇپ ھەسەلگە مىلەپ يەپ بەرسە، ئۆڭشىلىپ كېتىدۇ.

## 19 . بەزگەك كېسىلىنىڭ داۋاسى

بۆرە مايىقىنى كالا سۈيدۈكى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈرۈپ بەرسە، ساقىيىپ كېتىدۇ .

## 20 . ئايالLارغا داۋا

(1) ھەيزى كۆپ كېلىپ توختىمىغان ئاياللغا زەپەر، ئۇنى، قوناق ئېپارلارنى مۇسەللەسكە قوشۇپ ئىچۈرسە، ساقىيىدۇ.

(2) ئايال كىشىنىڭ سۈتىنى كۆپەيتىشتە ھەشقىپېچەك گۈلىدىن بەش باقىر « باقىر - مىسقال » نى سۇدا قاينىتىپ سۈيىنى سۈزۈۋېلىپ ياغ، سۈت بىلەن قاينىتىپ ئىچسە، سۈت كۆپىيىدۇ.

(3) ئېغىر ئاياق ئايال بوشىنالمىسا، دارچىننى سىماپ سۈيى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، تۇغۇتى ئاسانلىشىدۇ. ئەگەر قورساقتىكى بالا ئۆلۈپ قالغان بولسىمۇ، تېز چۈشۈپ كېتىدۇ.

(4) كىمنىكى قورساقتىكى بالىنى چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولسا، يېرىم باقىر ئاق كۆجە بىلەن بەش باقىر « باقىر - مىسقال » قارا كۆجىنى سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ شورپا بىلەن ئىچسە، ياكى قورۇلغان كۆنجۈت بىلەن يار تۈزىنى

ئىسسىق سۇدا ئېزىپ ئىچسە بالا ئاسان چۈشۈپ كېتىدۇ.

(5) ئايال كىشى بالىنى چۈشۈرۈۋېتەي دېسە ، ئىت سۈتىنى ئىچسۇن بالا تېز چۈشىدۇ، ناۋادا بالا ھەمرىيى چۈشمىسە، قىچا ئۇرۇقىنى كۆيدۈرۈپ چاتىرىقىنى ئىسلاپ بەرسە، بالا ھەمرىيى تېز چۈشۈپ كېتىدۇ.

(6) كۆكسى ئىششىپ ئاغرىغان ئايال سېرىق مانگو، تېرىق ئۇنى، قۇلۇم گۈلى، ئاق ئۇن قاتارلىقلارنى ئادەم سۈتى بىلەن يۇغۇرۇپ خېمىرىنى كۆكسىگە تېڭىپ بەرسە، ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.

(7) ئايال كىشىنىڭ كىندىكى ئاغرىسا، كەندىر شېخىنى ئۈچ پارچە قىلىپ كېسىپ بىر قاچا مۇسەللەس، ئىككى قاچا سۇ بىلەن قاينىتىپ، ئىنەك يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كىندىكىگە يېقىپ بەرسە ساقىيىپ كېتىدۇ.

(8) ئايال كىشىنىڭ قورسىقىدىكى بالا ئۆلۈپ قالسا __ ئىت سۈتىنى مۇسەللەس بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، ئۆلۈك بالا تېز چۈشۈپ كېتىدۇ. ياكى بىر سەر ئىت سۈتىنى ئىچسىمۇ تېز چۈشۈپ كېتىدۇ.

مەنبەسى: « قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 331 -بەت.

# ئەقدەگۈلى

(نەسر)

قەلب دەپتىرىمگە يارقىن مىسرالارنى پۈتمەكچى بولدۇم. ئىلھام قۇشلىرى تەرەپ - تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. بىراق قەلب دەپتىرىمنىڭ قالايمىقان سىزىق، چېكىتلەر بىلەن بويۇلۇپ كېتىشىنى خالىمايتتىم. شۇڭا، ئۇنى يۈرىكىمنىڭ ئىچىگە يوشۇردۇم. قەلبىمدىكى پىنھان ھېسلىرىمنى غىدىقلىغۇچى ئىلھام قۇشلىرى جەزبىدار كۈيلىرىنى ياڭراتقىنىچە، لىرىكىغا تويۇنغان قاناتلىرىنى يېنىك ئۇرۇپ، سۈتتەك ئاپئاق قەغەز ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

تاغلار مەغرۇر، قەيسەرلىك بىلەن ئالدىمدا قەد كۆتۈردى. دەريالار ھاياتىي كۈچكە تولغان شاۋقۇنى بىلەن قىيا تاشلارغا ئۇرۇلۇپ، ئاپئاق بۇژغۇنلىرى بىلەن گۈلدەستە تىزدى.

تۇساتتىن سەن قومۇش نېيىڭنى ئىلاھىي جەزبىدارلىققا تويۇنغان لىرىك كۈيلەرگە سازلىغىنىڭچە كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدۇڭ.

قۇلۇڭدا باھار ھىدىغا تولغان بىر دەستە ئەتىرگۈل كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن تاراۋاتقان خۇشبۇي ھىدتىن تاشقا ئايلانغان يۈرىكىم سۆيگۈنىڭ شېرىن شارابىدا مەست بولغاندەك تۇيغۇغا كەلدى .ئىلھام قۇشلىرى ئاھ ئۇرۇپ يىغلىدى. تاغلار يۈرىكىنى تۇتقىنىچە قېتىپ قېلىشتى، گۈلنى ئۇزاتتىڭ. چەكسىز ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسىدا قولۇڭدىن ئالدىم. سەن ئۇنىڭدىن گۈلچەمبىرەك ياساپ بويىنۇمغا ئېسىپ قويدۇڭ. مەن ئۇنىڭ مېھىر گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ تۇرغىنىمدا، سەن تۇيۇقسىز كۆز ئالدىمدىن غايىب بولدۇڭ.

كۈن - كۈنلەرنى قوغلاپ ئايلارغا، ئاندىن يىللارغا ئۇلىشىۋەردى. باغلار نەچچە چېچەك ئېچىپ، نەچچە خازان تۆكتى، سەن كەلمىدىڭ.

بويىنۇمدىكى گۈلچەمبىرەكنىڭ خازان بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئاپئاق قەغەزنىڭ رەڭگىمۇ ئۆچۈشكە باشلىدى. مەن سېنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتۈم...

ئىلھام قۇشلىرى باش ئۈستۈمدىن چۇرۇقلىشىپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى. تاغلار ئېغىر خورسىنىش ئىچىدە ئېگىلىپ بۆكىنى سىلىدى. دەريالار زەرب بىلەن ئۆزىنى قىرغاققا ئۇردى. قارىغايلا ئەلەم بىلەن سىلكىندى. مەن سېنى ئەڭ زور چىدام، غەيرەت بىلەن كۈتتۈم. گۈلچەمبىرەك قۇرۇپ، ئەڭ ئاداققى جەلپكارلىقىنى يوقاتتى. قەغەزمۇ ئاللىقاچان رەڭگىنى يوقاتقانىدى. مەن يەنىلا ئۈمىدۋارلىق ئىچىدە يوللىرىڭغا قارىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سېنىڭ مۆجىزىگە ئوخشاش كۆز ئالدىمدا پەيدا بولۇشىڭنى تىلىدىم.

ئەتراپ باھار پەيزىگە چۆمۈلگەن بىر كۈنى سەن تۇيۇقسىز كۆز ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قالدىڭ. مەن تىلىكىمگە يەتكۈزگەن مۇھەببەت ئىلاھىغا ھەمدۇسانالار ئېيتىشقا باشلىدىم، ئويلىماپتىمەن. سەن بويىنۇمدىكى قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان گۈلچەمبىرەككە ۋە قولۇمدىكى كونىرىغان قەغەز، رەڭگى ئۆڭگەن بوياق بىلەن دات باسقان قەلەمگە قارىدىڭ - دە، سۈكۈتكە تولغان ئېغىر قەدەملىرىڭنى يۆتكەپ كېتىپ قالدىڭ. مەن ھەيرانلىق ئىچىدە ئارقاڭدىن قاراپ قالدىم.

ئەپسۇس، سەن بويىنۇمدىكى گۈلچەمبىرەك ۋە قولۇمدىكى قەغەزنىڭ سېنى كۈتۈش بەدىلىگە بىۋاق سولغانلىقىنى بىلىشكە قادىر بولالمىدىڭ. بىمەزگىل قىرۇۋ قونغان قەلب دەپتىرىمنىڭ قات - قاتلىرىدا ساڭا بولغان ئىشەنچ ۋە ئۈمىدىمنىڭ باھارىستان ئاپتىپىدا پەرۋىشلىنىپ، بەرق ئۇرۇۋاتقان رەڭدار گۈل - غۇنچىلار چېچەك ئاچقان ئەمەسمىدى؟...

(قەشقەر ئەدەبىياتى ژۇرنىلىدىن ئېلىندى)

# ئالتۇن تاغ

(چۆچەك)

قەدىمكى زاماندا، دۇنياغا مەشھۇر بىر تاغ بار ئىكەن. ئۇنىڭ چوققىسىدا ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت، لەيلى -ياقۇت، گۆھەر قاتارلىق ئېسىل تاشلار ھېسابسىز بولغاچقا«ئالتۇن تاغ» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ تاغنىڭ ئېگىزلىكى بۇلۇتقا تاقىشىدىكەن، ئۇ تاغقا بىرەر كىشىنىڭ چىققانلىقىنى ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن ئادەممۇ يوق ئىكەن. شۇ تاغقا يېقىن بىر شەھەردە جاۋاھىر پۇرۇشلۇق (جاۋاھىر پۇرۇش - زەرگەر، ئالتۇن - كۈمۈش بۇيۇملارنى ساتقۇچى.) قىلىدىغان بىر كىشى بولۇپ، «ئالتۇن تاغقا چىقىپ، ئۇ يەردىكى بارلىق دۇنيانى ئېلىپ چۈشۈپ، دۇنيادىكى چوڭ بايلار قاتارىدا شۆھرەت قازانسام» دەپ كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلىدىكەن، لېكىن بۇ مەقسىتىگە يېتىشنىڭ ئامالىنى ھېچ تاپالماپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە جاۋاھىر پۇرۇش دۇكىنىدا جاۋاھىرات ( جاۋاھىرات - قىممەت باھا تاشلار، ئالتۇن - كۈمۈش بۇيۇملار،ئۈنچە - مەرۋايىت.) سېتىپ ئولتۇرسا، بىر ئاقساقال بوۋاي ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىپتۇ،

– ئوغلۇم، – دەپتۇ. بوۋاي، – ماۋۇ تۇلۇمنى ساتاي، ئېلىپ قويامسىز؟ تۇلۇمنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭغا بىر نەرسە ئالسىڭىز قاچا بولىدۇ. «ئۇچۇق تۇلۇم، ئۇچۇق» دېسىڭىز، ھەر قانچە ئېگىز جايغىمۇ ئۇچۇپ چىقالايدۇ، لېكىن يەرگە ئۇچۇپ چۈشەلمەيدۇ.

جاۋاھىر پۇرۇش بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تۇلۇمنى سېتىۋاپتۇ. ئۇ كەچتە ئۆيىگە كېلىپ، تۇلۇمغا جىق تاش ئېلىپ، بالىخانىسىغا قاراپ: «ئۇچۇق تۇلۇم، ئۇچۇق» دېگەن ئىكەن، تۇلۇم ئۇچۇپ بالىخانىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپتۇ. جاۋاھىر پۇرۇش بۇنى كۆرۈپ تۇلۇمنىڭ ئالتۇن تاغقا ئۇچۇپ چىقالىشىغا كۆزى يېتىپتۇ - دە، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، تاغقا چىقىشنىڭ ھېلىسىنى تېپىپ چىقىپتۇ. ئەتىسى جاۋاھىر پۇرۇش مەدىكار بازىرىغا بېرىپ، بىر مەدىكارنى ئېلىپ كېلىپ، بىرنەچچە كۈن ئوبدان بېقىپتۇ، ئاندىن مەدىكارغا تۇلۇمنىڭ خاسىيىتىنى سۆزلەپ، ئۇنى ئالداپ تۇلۇمغا كىرىشكە كۆندۈرۈپتۇ.

مەدىكار تۇلۇمغا كىرگەندىن كېيىن، جاۋاھىر پۇرۇش «ئۇچۇق تۇلۇم، ئۇچۇق» دەپتىكەن، تۇلۇم مەدىكارنى كۆتۈرۈپ تاغقا ئۇچۇپ چىقىپتۇ. مەدىكار تۇلۇمدىن چىققاندىن كېيىن، جاۋاھىر پۇرۇش:

– تۇلۇمنى ئالتۇنغا توشقۇزۇپ يەرگە تاشلا، ئاندىن سېنى يەرگە چۈشۈرۈپ قويىمەن، – دەپ توۋلاپتۇ.

مەدىكار ئالتۇن تولدۇرۇلغان تۇلۇمنى يەرگە تاشلاپ بېرىپتۇ. جاۋاھىر پۇرۇش تاغرىنى توشقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، تۇلۇمنى ئاپتۇ - دە، ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي، شەھەرگە قاراپ بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. مەدىكار تاغ ئۈستىدە قېلىپ، يەرگە چۈشكىلى يول تاپالماي، ئاچلىق ۋە ئۇسسىزلىق ئازابىدىن ئۆلۈپتۇ. جاۋاھىر پۇرۇش مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئىككى ئۈچ - يىل ئىچىدە نۇرغۇن ئالتۇن كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت يىغىۋاپتۇ، بۇنىڭ بەدىلىگە نەچچە يۈزلىگەن يىگىتنى ئۆلۈمگە گىرىپتار قىلىپ، قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم قىلىپ بېرىپتۇ.

بىر كۈنى جاۋاھىر پۇرۇش بازارغا بېرىش، ئادىتى بويىچە «مەدىكار ئالىمەن» دەپ ۋارقىراپتۇ، بۇنى بىر يېتىم بالا ئاڭلاپ قېلىپ:

– باي ئاكا، ئاتا – ئانام يوق يېتىم بالىمەن، مېنى ئېلىڭ! – دەپتۇ.

جاۋاھىر پۇرۇش بۇ بالىنى تاغ تۈۋىگە ئاپىرىپ، ئادىتى بويىچە تۇلۇمغا سولاپ تاغقا چىقىرىپتۇ. ئالتۇن - كۆمۈشلەرنى تاشلىتىپ ئالغاندىن كېيىن، بالىغا قاراپمۇ قويماي شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. يېتىم بالا ھەر قانچە توۋلاپ، يىغلاپ يالۋۇرسىمۇ، جاۋاھىر پۇرۇش قۇلاق سالماپتۇ. بالا جاۋاھىر پۇرۇشتىن ئۈمىد ئۈزۈپ ئەتراپىغا قارىسا، ئادەمنىڭ سۆڭەكلىرى تاغ ئۈستىدە سايىنىڭ تېشىدەك ياتقاندەك. بالا بۇ ئادەملەرنى جاۋاھىر پۇرۇشنىڭ ھىيلە بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ ۋە «خەپ، تىرىكلا بولسام، سېنىمۇ تۇلۇمغا سولاپ، ئۆلگەنلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمىسام» دەپ ئويلاپ، قورسىقى ئاچسا ئوتنىڭ يىلتىزىنى يەپ، ئۇسسىسا يامغۇر سۈيىنى ئىچىپ بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. بالا ماڭا - ماڭا تاغ باغرىدا ئېقىۋاتقان دەريانى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، تەۋەككۈل قىلىپ ياردىن ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپتۇ. دەريا سۈيى بالىنى ئېقىتىپ قىرغاققا چىقىرىپ قويۇپتۇ. بالا ھوشىغا كېلىپ، كىيىملىرىنى يېشىپ سىقىپتۇ - دە، ئۆيىگە بېرىپتۇ ۋە كىيىملىرىنى ئۆزگەرتىپ، چاچ - ساقاللىرىنى چۈشۈرتۈپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەدىكار بازىرىغا بېرىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي جاۋاھىر پۇرۇشمۇ مەدىكار بازىرىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە ھېلىقى بالىنى ئەگەشتۈرۈپ، تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ، ئۇلار تاغ تۈۋىگە كەلگەندە جاۋاھىر پۇرۇش بالىغا:

– ئۇكام، ماۋۇ تۇلۇمغا كىر، مەن سېنى بىر ئىشارەت بىلەن تاغقا چىقىرىمەن، بىر ئىشارەت بىلەن تاغدىن چۈشۈرىمەن، – دەپتۇ.

–باي ئاكا، – دەپتۇ بالا، – مەن ئۆمرۈمگە كېلىپ تۇلۇمغا كىرگەننى كۆرمەپتىكەنمەن، ئۆزىڭىز كىرىپ كۆرسىتىپ بەرسىڭىز.

جاۋاھىر پۇرۇش بالىغا قاراپ:

– كۆرۈپ تۇر – ھە، تۇلۇمغا مۇنداق كىرىدۇ، – دەپ تۇلۇمغا كىرىشىگە، بالا تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ :

– ئۇچۇڭە تۇلۇم، ئۇچۇڭ! – دەپتىكەن، تۇلۇم جاۋاھىر پۇرۇشنى تاغ ئۈستىگە كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

جاۋاھىر پۇرۇش تۇلۇمدىن چىققاندىن كېيىن، بالا يەردە تۇرۇپ:

– ھەي ئادەمخور باي، ئۆتكەن نۆۋەت تۇلۇمغا كىرىپ تاغقا چىققان مەن بولىمەن، خەققە قىلغان يامانلىقىڭ ئاقىۋەت بېشىڭغا چىقتى، – دەپ ۋارقىراپ جاۋاھىر پۇرۇشنىڭ قېچىرىنى مىنىپ شەھەرگە قايتىپتۇ، جاۋاھىر پۇرۇش تاغ ئۈستىدە ئاچلىقتىن ئۆلۈپتۇ.




# ئەجدادلار خاتىرىسى - ئەۋلادلار قەلبىدە

ئابدۇمانـاپ ئـەۋلادى يىلتىـز تارتقـان قاراتـۇرۇق مەھەللىسـىدە ۋەتەنپـەرۋەر شـائىرنىڭ يـۈز يىللىقىغـا بېغىشـلانغان خاتىرىلـەش پائالىيىتىگـە قاتنىشـىش پۇرسـىتىگە ئىگـە بولـدۇم.

لۇتپۇلـلا مۇتەللىپنىـڭ تۇغۇلغـان كۈنىنـى نىشـانلاش نۆۋىتـى ئەمگەكچىقـازاق ناھىيەسـىگە قاراشـلىق قاراتـۇرۇق يېزىسـى ئـاۋۇت سـاتتاروۋ نامىدىكـى ئوتتـۇرا مەكتەپكـە كەلگـەن ئىـدى. بـۇ يـەردە ئۇيغـۇر تىلـى ۋە ئەدەبىيـات پەنىنىـڭ مۇئەللىمـى بۇۋنىـور غوجەمبەردىيېۋانىـڭ ئۇيۇشتۇرۇشـىدا «قايىنـام ئۆركىشـىنىڭ» تۇغۇلغىنىغـا 100 يىـل تولغانلىقىغـا بېغىشـلانغان ئەدەبىيـات كېچىلىكـى ناھايىتـى يۇقىـرى تەنتەنـە بىلـەن ئۆتتـى. ئەدەبىي كېچىلىـك پائالىيەتنـى ئۇيۇشـتۇرغۇچى بۇۋنىـور مۇئەللىـم، لۇتپۇلـلا مۇتەللىپنىـڭ ئۆمـۈر بايانـى تونۇشـتۇرۇپ ئۆتتـى. تـور مۇھىتىـدا، بـۇ كەچنـى تەبرىكلـەپ شـائىر جەمشـىت روزاخۇنـوۋ، پاتىگـۈل مەخسـەتوۋا ۋە تاشـگۈل ھېزىيـاروۋالار ئـۆز شـېئىرلىرىنى يوللىـدى.

ئانىدىـن مەكتـەپ مۇدىـرى سـارئىباېۋا ئايكېرىـم نۇرغالىقىـزى سـۆز ئېلىـپ، بـۇ كېچىنىـڭ ئەھمىيىتـى ھەققىـدە توختىلـۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئۇتۇقلار تىلىدى. بۇ كەلىك پائالىيەتكە يازغۇچى ئاۋۇت مەسىموۋ، شائىر ئىمىنجان توختىياروۋ، «بېيىبىتشىلىك ئەلىمى» ئىجادىي بىرلەشمىسىنىڭ ۋەكىلى ھاكىمجان ئازنىباقىېۋ، ۋەتەنپەرۋەر شائىرنىڭ تۇغقانلىرى ئەيىندىن خەيىردىن ئوغلى ماناپوۋ ئايالى فاتىما تۇرسۇنقىز، مارىس باراتووالار قاتنىشىپ شائىرغا مۇناسىۋەتلىك ئەسلەتمىلىرى بىلەن بۆلۈشتى.

شـائىرنىڭ بۇنىڭدىـن سەكسـەن يىـل ئىلگىـرى سـىزىلغان ئۆزىنىـڭ ئاۋتوپورترېتىنـى ئوقۇغۇچـىلار بىلـەن ئۇسـتازلار ۋە يۇرتداشـلىرى ئـۆز قولىـدا تۇتـۇپ كـۆرۈش پۇرسـىتىگە ئىگـە بولدى.مەكتـەپ ئوقۇغۇچىلىـرى شـائىرنىڭ شـېئىرلىرىنى يادقـا ئېيتىـپ، ئەسـەرلىرىنى سـەھنە كۆرۈنۈشـلىرىنى كۆرسـەتتى. يۇقارقـى سـىنىپ ئوقۇغۇچىلىـرى ئۆزلىـرى سـىزغان سـۈرەتلىرى بىلـەن قاپـاق چۆمۈشـكە ياسـالغان رەسـىملىرىنى كۆپچىلىككـە تونۇشـتۇردى.ئاخىرىدا تۇغقانلىـرى تەرىپىدىـن شەمشـىدىن رەخمىدىـن ئوغلـى سـاتتاروۋنىڭ ئۆيىـدە ئەرۋاھلارغـا ئاتـاپ قۇرئـان بېغىشـلاندى.

ئابدۇمىجىت ۋارىس ئوغلى ئابدۇللايېۋ (قاراتۇرۇق يېزىسى، قازاقىستان)

2022 -يىل 8 - دېكابىر

# پائالىيەتتىن خاتىرىلەر











# ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەلدە نەشر قىلىنغان بىر قىسىم كىتابلىرى




كىتاب ئىسمى: كېچىدە تۇتقۇن قىلىنىشنى كۈتۈش
ئاپتورى: تاھىر ئىمىن ئىزگىل
نەشر قىلىنغان دۆلەت: ئامېرىكا
تىلى: ئىنگلىزچە




كىتاب ئىسمى: قەھرىمان ئەلنىڭ قەيسەر ئوغلانى
ئاپتورى: ئابدۇللاجان سامساقوۋ
نەشر قىلىنغان دۆلەت: قازاقىستان
تىلى: ئۇيغۇرچە (كىرىل ئېلىپبەسى)




كىتاب ئىسمى: خىتاينىڭ «بىر بەلۋاغ بىر يول» ھەقىقىتى ۋە تۈرك دۇنياسى
ئاپتورى: پەرھات قۇربان تەڭرىتاغلى
نەشر قىلىنغان دۆلەت: تۈركىيە
تىلى: تۈركچە




كىتاب ئىسمى: مۇھەممەد سالىخ داموللا
ئاپتورى: نۇراخامەت قۇربان
نەشر قىلىنغان دۆلەت: تۈركىيە
تىلى: تۈركچە




كىتاب ئىسمى: ئارقا كوچا
ئاپتورى: پەرھات تۇرسۇن
نەشر قىلىنغان دۆلەت: ئامېرىكا
تىلى: ئىنگلىزچە




كىتاب ئىسمى: ئۇيغۇر تېپىشماقلىرى
ئاپتورى: مۇرات ھامرايېۋ، پەرھات ھامرايېۋ
نەشر قىلىنغان دۆلەت: قازاقىستان
تىلى: ئۇيغۇرچە (كىرىل ئېلىپبەسى)




كىتاب ئىسمى: ئۇيغۇر كىلاسسىك پەلسەپەسىنىڭ يىلىكى
ئاپتورى: مۇختار ئابدۇراخمان
نەشر قىلىنغان دۆلەت: ياپونىيە
تىلى: ياپونچە




كىتاب ئىسمى: قەدىمدىكى ئۇيغۇرچە ماتىرچەت نوم
ئاپتورى: زەمىرە گۇلجالى
نەشر قىلىنغان دۆلەت: تۈركىيە
تىلى: تۈركچە

# «تالانتلىقلار باغچىسى» ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ رەسىملىرى*



مەھدىيە مەمەتجان، 11 ياش، ئاۋستىرالىيە



ئەزھەر قەيسەر 13 ياش، ئامېرىكا



خەدىچە مۇھەممەد، 6 ياش، تۈركىيە



سەرۋى كاشگار، 8 ياش، ئامېرىكا



مۇستافا مۇززەپپەر، 12 ياش، ئامېرىكا



ئەدەل جان، 8 ياش، تۈركىيە

* «تالانتلىقلار باغچىسى» ئوقۇغۇچىلىرى مەرۋايىت ھاپىز مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە سىزغان رەسىملىرى.

# «تالانتلىقلار باغچىسى» ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ رەسىملىرى*




مىراي ئاقسۇ، 9 ياش، تۈركىيە



مەريەم مۇھاممەت، 8 ياش، ئامېرىكا



ئەسما تەلەت، 10 ياش، نورۋېگىيە



ھادىجە ئاخمەت، 6 ياش، ئەنگلىيە




ۋەرناز يارى، 10 ياش، نورۋېگىيە



نازاكەت ئوغۇز، 11 ياش، ئامېرىكا

* «تالانتلىقلار باغچىسى» ئوقۇغۇچىلىرى مەرۋايىت ھاپىز مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە سىزغان رەسىملىرى.

# «تالانتلىقلار باغچىسى» ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ رەسىملىرى*



دىنارە دانىيار ، 12 ياش، ئامېرىكا



ئايبىكە ئەكرەم، 8 ياش، شىۋېتسىيە



ئېلىف ئابدۇمىجىت، 8 ياش، لاتۋىيە



زۇبەيدە قەيسەر، 9 ياش، ئامېرىكا



شاھىدە ئابدۇمىجىت، 15 ياش، لاتۋىيە



رۇيا سەردار، 10 ياش، نورۋېگىيە



ئىرادە ئەكرەم، 11 ياش، شىۋېتسىيە



نەفىسە قاسىم، 9 ياش، ئاۋستىرالىيە



رىھىمجان پۇرقەت، 13 ياش، ئامېرىكا

* «تالانتلىقلار باغچىسى» ئوقۇغۇچىلىرى مەرۋايىت ھاپىز مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە سىزغان رەسىملىرى.



قىرغىزستانلىق ئۇيغۇر رەسسام سابىتجان كامال ئوغلى



ئوڭدىن: ئەنۋەر ھاشىموۋ، نازىم قەمبىرى، ھاجىمۇرات ھاشىموۋ